# 365 مەسەل

شۈي رۈنچۈەن تۈزگەن



مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 365 مەسەل

شۋي رۇنجۇەن تۈزگەن

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


يانۋار ........................ ( 1 )
فېۋرال ........................ ( 39 )
مارت ........................ ( 74 )
ئاپرېل ........................ (110)
ماي ........................ (148)
ئىيۇن ........................ (186)
ئىيۇل ........................ (222)
ئاۋغۇست ........................ (261)
سېنتەبر ........................ (301)
ئۆكتەبر ........................ (337)
نويابر ........................ (376)
دېكابر ........................ (412)
ئاخىرقى سۆز ........................ (450)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

1- يانۋار

# كىچىك ئېيىقنىڭ غىزا ئېتىشى

## چېن تۇڭكۈن

گاچا ئېيىق بىلەن كىچىك ئېيىق نومى گۆرۈچىدە غىزا ئېتىپتۇ. ئۇلار نومى گۆرۈچى تامىقىغا قەۋەتلا ئامراق ئىكەن.

بۈگۈن ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇنجى قېتىم غىزا ئېتىشى ئىكەن. تاماقتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئانىسى خۇشال ھالدا ئىككىسىگە قاراپ:

— غىزا تازا ئوخشاپتۇ، بالىلىرىم! — دەپتۇ.

گاچا ئېيىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ چاۋاك چېلىپتۇ. كىچىك ئېيىق بولسا گىدەيگەن ھالدا مەيدىسىنى قېقىپ:

— غىزانى مەن ئەتتىم! — دەپتۇ.

ئانىسى بىر قوشۇق ئاشنى ئاغزىغا سېلىش بىلەنلا بىرنەچچە تال ئۇششاق تاشنى چاينىۋېلىپ تۈكۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا كىچىك ئېيىق دەرھال گاچا ئېيىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— گۆرۈچنى ئۇ ئادالىغان، كۆرمەمدىغان ھاماقەتلىكىنى! پاكىزرەكمۇ ئادالىماپتۇ! — دەپتۇ.

ئانىسى يەنە بىر قوشۇق ئاشنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۇرۇپ:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ ئاش ئىس تېتىپ قاپتىغۇ، قانداقمۇ يېگىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ.

كىچىك ئېيىق يەنە ئالمان-تالمان گاچا ئېيىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئانا، مۇشۇنىڭ ئىشى بولمامدۇ، ئوچاققا ئوتنى مۇشۇ قالاپ بەرگەن! — دەپتۇ.

ئانىسى بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن، ئىككى كۆزىنى كىچىك ئېيىققا تىكىپ:

— ئۇنداق بولسا، ئەتىگەندە سەن نېمە قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

كىچىك ئېيىق خىجىلچىلىقتا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

2-يانۋار

## ئىككى چوققا

### جاك يىشىن

زامانىنىڭ زامانىسىدا، بىر كىچىك تاغدا جەنۇب تەرەپتە

بىر دۆك، شىمال تەرەپتە بىر دۆك بارىكەن، ئۇلار خۇددى بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتقان كىچىك دوستلاردەك ئىنتايىن دوست ئىكەن.

بىر كۈنى جەنۇب تەرەپتىكى دۆك ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ باقماقچى بولۇپ، بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش پۇرسىتى بىلەن ئوغرىلىقچە بىرمۇنچە ئېگىزلىۋاپتۇ. شىمال تەرەپتىكى دۆك ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، خەپ توختاپ تۇر دەپ، يانار تاغ پارتلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىقچە ئېگىزلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككى دۆك بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدىغان ئىككى چوققىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر هاڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

جەنۇبىي دۆك بىلەن شىمالىي دۆك ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇشۇپ، ئاخىرى بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىپتۇ.

3 ـ يانۋار

## ئىككى مايمۇننىڭ مۇنازىرىسى

### شۆي رۇنچۈەن

ئىككى مايمۇن قەپەزگە سولاقلىق بىر يولۋاسنى كۆرۈپ،



www.uyghurkitap.com

كۆرەڭلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ يولۋاسنى مەن تونۇيمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان نەرسىنى جازالىماي قالمايدۇ. بىزگە كۆرۈنسە، بىزدىن بىرەرىمىزنى چوقۇم ئوۋلايدۇ.

— يوقسۇ، — دەپتۇ يەنە بىر مايمۇن، — بۇ يولۋاسنى بۈگۈن ئەتىگەندە قەپەزگە مەن سولاپ قويغان تۇرسام، قانداقلارچە سەن سولاپ قويغان بولىسەن؟ تونۇيمەن دېگەن ئۇ مېنىڭ قېشىمدا ئۇخلىغان، ئىككىمىز كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقتۇق.

— پو ئېتىشۋاتىسەن! — دەپتۇ يەنە بىر مايمۇن، — بۇ يولۋاسنى كىچىكىدىن مەن بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىلاپ باققانمەن.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دەپتۇ يەنە بىر مايمۇن، — بۇ يولۋاس تۇغۇلغاندىن تارتىپ مەندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تۈكنى بىر تالمۇ قويماي ساناپ كۆرگەنمەن.

ئىككى مايمۇن ئاغزى بېسىلماي گەپ تالىشىۋاتقاندا، يولۋاس باققۇچى ئۇلارنىڭ نېمە تالىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— بولدى قىلىڭلار، مەن بۇ يولۋاسنى قويۇپ بېرەي، ئۇنىڭ زادى قايسىڭلارنى تونۇيدىغانلىقى مانا مەن دەپلا ئايان بولىدۇ، — دەپتۇ.

"ۋايجان!" يولۋاس باققۇچىنىڭ سۆزى تۈگىمەي بىلەنلا ئىككى مايمۇن بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

4 ـ يانۋار

# ئالتۇن بېلىق بىلەن كاراپ بېلىقى

## شى جيەنشى

كىچىك ئالتۇن بېلىق ئەينەك قاچىنىڭ ئىچىدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەندە، خوجايىنى بازاردىن بىر يوغان كاراپ بېلىقىنى ئەكەپتۇ. كىچىك ئالتۇن بېلىق ئىچى قارىلىق قىلىپ كاراپ بېلىقىغا:

— بۇرادەر، ئەجىلىك توشقان ئوخشىمامدۇ؟ سەن ئۆمۈر بويى شىددەتلىك دولقۇن ئىچىدە ياشاپ زادى نېمە پايدا كۆردۈڭ؟، — دەپتۇ.

كاراپ بېلىقى قۇيرۇقىنى پىلتىڭلىتىپ قويۇپ، ئالتۇن بېلىققا سەممىيەتلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇكا، سەن دېڭىز شاۋقۇنىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ شىددەتلىك دولقۇنلاردا ياشاپ ھاياتنىڭ لەززىتىنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆلسەممۇ پۇشايمان قىلمايمەن! يەنە كېلىپ ئاخىر كىشىلەرگە لەززەتلىك تائام بولىمەن! سەنچۇ، ھەر كۈنى كىچىككىنە ئەينەك قاچىدا ۋاقتىڭنى بىكار ئۆتكۈزىسەن، ئۆمۈر بويى

راھەت ـ پاراغەتكىلا بىرىلىپ ئۆتسەن، كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزەلمەيسەن، ئىنسانلارنىڭ ئويۇنچۇقى قاتارىدىلا ياشايسەن، ئۆزەڭنى مەن بىلەن سېلىشتۇرساڭ ئۇيالمامسەن؟

جۇدۇن ـ چاپقۇندا چېنىققاندا، ئاندىن تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى بىلگىلى بولىدۇ.

5 ـ يانۋار

## بىلىم كانىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ

### چېن جۇن

بىلىم كانىنى قازماقچى بولغان بىر ئادەم ئاندا ـ ساندا ئىشلەپ قويۇپلا مۇۋەپپەقىيەت مۇئەككىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— مەن نېمە ئۈچۈن بىلىم كانىنى قېزىپ بولالمايمەن.

مۇۋەپپەقىيەت مۇئەككىلى مۇنداق دەپتۇ:

— چۈنكى سەن بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالمىدىڭ.

— قانداق قىلغاندا تاپقىلى بولىدۇ؟

— ئۇزاق ۋاقىت تىرىشقاندا.

www.uyghurkitap.com

6 ـ يانۋار

# شىر بىلەن ئېيىق

## چۈ جىنلىيەن

يازدا شىر بەدىنىدىكى تۈكلەر چۈشۈپ يالىڭاچلىنىپ قاپتۇ.

ئېيىق ئۇنى كۆرۈپ:

— ياپىرىم! سىنى قانداقمۇ ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى دېگىلى بولسۇن، كىيىمىڭنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچلىنىۋاپسەن، سەت ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

قىشتا شىر بەدىنىدىكى تۈكلەر ئۆسۈپ ئەسلى ھالىتىگە كەپتۇ.

ئېيىق ئۇنى كۆرۈپ يەنە:

— ياپىرىم! نېمانچە بىردەم ئۇنداق، بىردەم بۇنداق بولۇۋالىسەن، ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. شىر چىداپ تۇرالماي:

— ئېيىق ئەپەندىم، كىيىم كىيمىسەم "يالىڭاچلىنىۋاپسەن" دېدىڭ، ئەمدى كىيىم كىيىۋالسام بۇنىڭغىمۇ بىرنەرسە دېسەڭ، سېنىڭچە زادى قانداق قىلسام بولار؟! — دەپتۇ.

7 ـ يانۋار

# كونا بامبۇك بىلەن يېڭى بامبۇك

## خۇاڭ رۇيىيۈن

كونا بامبۇك ئۆز غولىدىن بىر مۇنچە نوتا سۈرۈپ چىققان چاغدا، كېيىنكى ئەۋلادلىرىم كۆپلەپ يېتىشىپتۇ، دەپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ.

بۇ نوتىلار تېز بىخ سۈرۈپ بىرنەچچە كۈندىلا كونا بامبۇكتىن ئېگىزلەپ كېتىپتۇ ھەم قوۋزىقىدىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن شاخلاپ يۇمران يېڭى بامبۇك بولۇپ يېتىلىپتۇ.

بۇ چاغدا، كونا بامبۇك ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي بەڭباشلار، تەپ تارتماستىن مەندىن ئېگىزلەپ كەتتىڭلار، ئەدەب دېگەننى بىلمەمسىلەر! — دەپتۇ.

— مۆھتەرەم ئاقساقال، — دەپتۇ يېڭى بامبۇكلار، — بىز سىزنىڭ ئىرادىڭىز بويىچە ئۆسۈپ چىققان ئەمەسمۇ!

— سىلەرنى ئۆسۈڭلار دېگەن بىلەن، بۇنچىۋالا ئېگىزلەپ كېتىڭلار دېمىگەنغۇ! سىلەر بىلەمسىلەر، سىلەر تېخى بىخمۇ سۈرمىگەندە مەن دېگەن بىر كونا بامبۇك ئىدىم. ئەمدىزە سىلەر بوي تارتىپ مەندىن ئېگىزلەپ ھەيۋە كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتام-

سىلەر! — دەپتۇ كونا بامبۇك.

— بۇ ھەيۋە كۆرسەتكەنلىك ئەمەس، — دەپتۇ يېڭى بامبۇكلار، — قۇياش نۇرى، ھۆل-يېغىن يېتەرلىك بولسىلا، نوتىلار ھامان يېڭى بامبۇكقا ئايلىنىدۇ، يەنە كېلىپ يېڭى بامبۇكلار كونا بامبۇكتىن ئېگىزلەپ كېتەلەيدۇ، مۆھتەرەم ئاقساقال، سىز بۇنىڭغا خۇش بولسىڭىز بولىدۇ. يېڭى بامبۇك كونا بامبۇكتىن ئېگىز بولغاندىلا، بامبۇكزارلىق ئاندىن گۈللەپ ياشنايدۇ. ئەگەر يېڭى بامبۇكلارنىڭ ھەممىسى كونا بامبۇكتىن پاكار بولۇپ قالسا، بىر نەچچە ئەۋلادقا قالماي، بامبۇكلار بىخمۇ سۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بامبۇكزارلىق تۈگەشمەمدۇ؟

**8-يانۋار**

## كىرپە بىلەن يولۋاس

### جاڭ چيۇشېڭ

كىرپە يولۋاس بىلەن بىللە بولۇپ قاپتۇ.

يولۋاس كىرپىگە بىر قاراپ قويۇپ خورسىنغان ھالدا:

— تۈنۈگۈن مەن قالتىس قىزىق بىر كىنو كۆردۈم، ئۇنىڭدا تولىمۇ ئەقىللىق بىر كىرپە بار ئىكەن، ئۇ بەدىنىدىكى تىكەنىنىڭ

ھەممىسنى يۇلۇپ ئېلىپ، نەيزە قىلىپ ئاتىدىكەن! ــ دەپتۇ.
كىـ پە بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ:
ــ مەنمۇ تۇنۇگۇن بىر كىنو كۆردۇم، ئۇنىڭدا ئاجايىپ باتۇر بىر يولۋاس بار ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە چىشىنى يۇلۇۋېلىپ، مارجان قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالىدىكەن! ــ دەيتۇ

9 ـ يانۋار

# قورقماس توشقان

## جاك چيۇشېك

توشقان قورقۇنچاقلىقتا داڭقى چىققان بولغاچقا، ئۆز ئابرويىنى تىكلىمەكچى بوپتۇ.
ئۇ يېڭى بىر ئورمانلىققا كۆچۈپ كەپتۇ ۋە ئورۇنلىشىۋالغان كۇنىلا تىيىننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
ــ بۇ ئورمانلىقتا تۈلكە بارمۇ؟
تىيىن بېشىنى چايقاپتۇ.
ــ بۆرە بارمۇ؟
تىيىن بېشىنى چايقاپتۇ.
ــ يىلپىز بارمۇ؟
تىيىن بېشىنى چايقاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— يولۋاس بارمۇ؟

تىيىن بېشىنى چايقاپتۇ.

توشقان قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ئورمانلىقتا كانىيى يىرتىلغۇدەك چۇقان سېپتۇ ۋە بىر يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە دىككىدە سەكرەپ چىقىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقان ھالدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ:

"مەن ئەڭ قورقماس توشقانمەن!" دەپتۇ.

— ھېلى ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. بۇ يەردىكى تۈلكىنى بۆرە يەپ كەتكەن، بۆرىنى يىلپىز يەپ كەتكەن، يىلپىزنى يولۋاس يەپ كەتكەن، يولۋاسنى شىر يەپ كەتكەن. شىر ھەر كۈنى مۇشۇنداق چاغدا ئورماننى ئارىلاپ يۈرۈيدۇ، — دەپتۇ تىيىن.

توشقان بۇنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ كېتىپتۇ، ئۇ ھەربىر قەدىمىنى مىڭبىر تەسلىكتە بېسىپ دېگەندەك كەلگەن يولىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

تىيىن ئۇنىڭدىن "نەگە بارىسەن" دەپ سورىغانىكەن، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان توشقان:

— كۆچۈپ كېتىمەن! — دەپ ئارانلا جاۋاب بېرىپتۇ.

10 ـ يانۇار

## "مانا ھازىر" دەپ تۇرىدىغان مايمۇنچاق

### يې شۇ

"مانا ھازىر" دېيىش مايمۇنچاققا ئادەت بولۇپ قالغان بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈۋېرىشى بىلەن مايمۇنلار ئۇنى "مانا ھازىر دەپ تۇرىدىغان مايمۇنچاق" دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ـــ ھەي مايمۇنچاق، ئالدام دەرەخقە چىقىپ ئۇكاڭغا شاپتۇل ئۈزۈپ بەرگىنە، ـــ دەپتۇ ئانىسى ئۇنىڭغا.

چىملىقتا ياتقان مايمۇنچاق "مانا ھازىر." دەپ جاۋاب بېرىپ قويۇپ خىلىغىچە قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ يېنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىرايلىق بىر كېپىنەكنى كۆرۈپتۇ. كېپىنەكنى ياخشى كۆرىدىغان مايمۇنچاق توۋلاپ كېتىپتۇ:

ـــ ئانا، ئالدام ئانى ماڭا تۇتۇپ بەرگىن!

مايمۇننىڭ ئانىسى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ـــ ماقۇل، مانا ھازىر، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىراق ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ.

كېپىنەك يېنىك لەپىلدەپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مايمۇنچاق ئاچچىقىدا يەرگە ئېغىناپ

www.uyghurkitap.com

تىپىچەكلەپتۇ. ئۇ بىردىنلا بەدىنىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ، ئەسلىدە ئۇ، يەرگە دومىلىدىم، دەپ كىرپىنى بېسىۋالغان ئىكەن. ئۇ ھودۇقىنىدىن:

— ۋايجان! ئانا، ئىلدام بول، ئىلدام، كىرپىنى قوغلىۋەت! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— ماقۇل، مانا ھازىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىسى ئەزمىلىك بىلەن، لېكىن ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماپتۇ.

مايمۇنچاق بولسا "ۋايجان، ئانا، ۋايجان" دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپتۇ. بۇ چاغدا مايمۇننىڭ ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كىرپىنى نېرى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

مايمۇنچاق شۇنىڭدىن كېيىن "مانا ھازىر" دېگەن سۆزنى ئىككىنچى ئاغزىغا ئالمايدىغان بوپتۇ.

11- يانۋار

## ئوبرازنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان تۈلكە

### ۋېي ۋېي

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا بىر تۈلكە ئۆتكەنىكەن، ئۇ باشقىلارنى كۆپ ئالداپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئورمانلىقتا ئۇنىڭ نامى سېسىپ كېتىپتۇ.

تۆلكە ئۆزىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ، ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ قۇيرۇقىنىمۇ كېسىپ تاشلاپتۇ.

شۇ كۈنى تۆلكە يەنە قاغىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ سىپايە قىياپەتتە:

— قاغا خېنىم، مەن ئۆزەمنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپ، يېڭىباشتىن ياخشى يولغا ماڭماقچى بولۇۋاتىمەن. قاراڭ، ساقال-بۇرۇتلىرىمنى قىرىپ تاشلىدىم، قۇيرۇقۇمنىمۇ كېسىۋەتتىم، — دەپتۇ.

قاغا سەممىيەتلىك بىلەن تۆلكىگە مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ياخشى يولغا ماڭماقچى بولغان بولساڭ، تۇرقۇڭنىلا ئۆزگەرتمەي، ھەرىكىتىڭدە ھەقىقىي كۆرسىتىشىڭ كېرەك.

12 - ياڭزار

## دېرىزە پەردىسىدىكى ئاق تۇرنا

### شىن چىن

بىر ئاق تۇرنا قاناتلىرىنى كېرىپ لەرزان پەرۋاز قىلغان قىياپەتتە تۇراتتى، ئەپسۇسكى، قىش كېتىپ باھار كەلگەن

بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەسلىدىكى ئورنىدىن قوزغالماي جىمىدە تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قىياپىتىدىن تولىمۇ تەكەببۇرلۇق ئەكس ئېتەتتى.

بىركۈنى، ئۇ بالكوندىكى بىر تەشتەك سېرىق كۆۋگى گۈلگە:

— بۇرادەر، توزۇپ كېتىپسەنغۇ؟ گۈزەل ھۆسنۈڭ ئون نەچچە كۈندىلا تۈگىشىدىكەن ـ دە، — دەپتۇ.

— ماڭا ئىچ ئاغرىتماي، ئاۋۋال ئۆزەڭگە ئىچ ئاغرىتقىنا! — دەپتۇ سېرىق كۆۋگى گۈل، — مەن ئېچىلغاندا تاغ ـ دەريالارغا ھۆسن قوشىمەن، توزۇپ كەتسەم دورا بولۇپ كېسەلگە شىپا بولىمەن. سەن بىچارە ئۇچقان قىياپەتتە تۇرغىنىڭ بىلەن، مۇشۇ كىچىككىنە پەردىدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيسەن ئەمەسمۇ.

13 ـ يانۋار

## چىگىدىچىنىڭ سالاملىشىشى

### سۆي يابىن

ھايۋانات باغچىسى ئالدىدا بىر قەپەز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر چىگىدىچى قۇش بار ئىكەن، ئۇ سەيلە ـ ساياھەتچىلەر

بىلەن سالاملىشىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

سەھەردە سەيلە ـ ساياھەتچىلەر قەپەزنىڭ يېنىغا كەلگەندە، جىگدىچى: "ئەتىگەنلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن، خۇش كەپسىلەر!" دەپ سايراپتۇ.

سەيلە ـ ساياھەتچىلەر تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپ، جىگدىچى ئەقىللىق قۇش جۇمۇ، دەپ ماختىشىپتۇ.

كەچ كىرگەندە، سەيلە ـ ساياھەتچىلەر ھايۋانات باغچىسىدىن چىقىپ قەپەزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، جىگدىچى ئادىتى بويىچە:

"ئەتىگەنلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن، خۇش كەپسىلەر!" دەپ سايراپتۇ.

سەيلە ـ ساياھەتچىلەر بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە بۇ قۇشنى تازىمۇ دۆت قۇشكەن دېيىشىپتۇ.

14 ـ يانۋار

## بىر تال شېكەر قومۇش

### يەن جېڭۋېي

تۈلكە بىلەن مايمۇن بىر تال شېكەر قومۇش سېتىۋاپتۇ. تۈلكە يولدا كېتىۋېتىپ، خېلى بىرھازا باش قاتۇرغاندىن

www.uyghurkitap.com

كىيىن مايمۇنغا:

ــ مايمۇن ئۇكا، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ــ دەپتۇ.

ــ نىمە ئىشتى ئۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ مايمۇن.

ــ شىكەر... شىكەر قومۇشتىن ماڭا كۆپرەك بەرسەڭ بولامۇ؟ ــ دەپتۇ تۈلكە ھىجىيىپ.

ــ بولىدۇ، بولىدۇ، سەن كۆپرەك يىگىن، ــ دەپتۇ مايمۇن رازىمەنلىك بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، تۈلكە شىكەر قومۇشنىڭ بوغۇمىنى ساناپ كۆرسە، جەمئىي ئون بوغۇم چىقىپتۇ. ئۇچ تەرىپىدىكى ئالتە بوغۇمنى ئۆزى ئېلىپ، يىلتىز تەرىپىدىكى لاي بولۇپ كەتكەن تۆت بوغۇمنى مايمۇنغا بېرىپتۇ.

مايمۇن رازى بولۇپ شىكەر قومۇشنى ئېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. تۈلكىچۇ؟ ئۇ شىكەر قومۇشنى چاينىغاچ ئىچىدە خۇشال بولۇپ:

ــ ھى-ھى، ھەممەيلەن مايمۇننى ئەقىللىق دېيىشىدۇ، مانا پايدىنىڭ يوغىنىنى مەن ئالدىم، ئۇ بۇنى تويمايلا قالدى-دە! ــ دەپتۇ...

# بىر كىر ئالغۇ

## سۇن چۇەنزې

مەلۇم بىر ئائىلىدىكى خوجايىن ئايال بىر كىر ئالغۇ سېتىۋ-
ۋاپتۇ، ئايال كىر يۇماقچى بولغاندا، كىر ئالغۇ ئوقۇرىدا ماي
يوقۇندىسى بارلىقىنى سېزىپتۇ ۋە ئۇنى يۇيۇپ تازىلاشقا كىرىشىپتۇ.

ــ مەن مەخسۇس باشقىلارنىڭ كىرىنى يۇغىلى كەلگەن-
تىمغۇ؟ ــ سوراپتۇ كىر ئالغۇ بۇ خوجايىن ئايالنىڭ مەقسىتىنى
چۈشىنەلمەي، ــ ئەمدىلىكتە نېمىشقا ئاۋۋال مېنى يۇيىسىز؟

ــ هازىر ئۆزەڭ كىر بوپقاپسەن ئەمەسمۇ! ــ دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ خوجايىن ئايال، ــ ئاۋۋال ئۆزەڭنى تازىلىمىساڭ،
قانداقمۇ خەقلەرگە كىر يۇيۇپ بېرەلەيسەن؟ يۇيغان كىرلىرىڭنى
ئوتتۇرلۇق پاسكىنا قىلىۋەتسەڭ بولماس.

تەربىيىلىگۈچى ئاۋۋال ئۆزى تەربىيىلىنىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

16 ـ يانۋار

## كوچىغا چىققان چاشقان

### جىن جياڭ

كىچىك چاشقان قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئانىسىغا قاراپ:

— مەن كوچىغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەي، — دەپتۇ. ئانىسى دەرھال:

— ياق، بالام، كوچىغا چىقمىغىن، ھەرگىز چىقمىغىن، — دەپتۇ.

كىچىك چاشقان ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۇۋىسىدىن غىپپىدىلا چىقىپ كېتىپتۇ.

چاشقاننىڭ ئانىسى ئۇۋىسىدا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە بالىسىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن كىچىك چاشقان باش ـ كۆزى قانغا بويالغان ھالدا قايتىپ كەپتۇ.

ئانىسى كىچىك چاشقاننى باغرىغا بېسىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— بالام، گېپىمنى ئاڭلىمايسەن، مانا بۇ گەپ ئاڭلىمىغانلىقنىڭ جاجىسى، ھېلىمۇ بەختىكە يارىشا ئامان قاپسەن، —

دەپتۇ.

— ئاپا، نېمشقا قوي - ئۆچكىلەر، ئىت - مۇشۈكلەر كوچىدا يۈرسە ھېچ گەپ يوق، مەن كوچىغا چىقسامىلا ئۇر - ئۇرغا قالىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ كىچىك چاشقان.

— ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئادەملەرگە پايدىسى بار، بىزنىڭ ھېچقانداق پايدىمىز تەگمەيدۇ - دە! — دەپتۇ چاشقاننىڭ ئانىسى.

بۇ چاشقان ئۆزىنى ئۆزى ئوبدان بىلىدىكەن. دۇرۇس، ئىنسانلار ياخشى - يامانىنى ئايرىشتا ئۇنىڭ ئىنسانغا پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىدۇ، بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس پرىنسىپ.

17 - يانۋار

## ھېساب چوتى ۋە تېرمومېتىر

### شياۋ يۈي

ھېساب چوتى تېرمومېتىرنىڭ زىتىغا تېگىپ:

— سەن قانچىلىك بىر نېمىتىڭ، كىشىلەر سېنى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، ياخشىچاق بولۇۋالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

تېرمومېترمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— سەنچۇ؟ كىشىلەر ئۇرۇقۇڭنى ئۇ ياق-بۇ ياققا سوقىدۇ، بەزىدە كىشىلەر خاتا سوقۇپ قويسىمۇ بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ دېيەلمەيسەن، بۇ جەھەتتە ماڭا يېتەلمەيسەن-دە، — دەپتۇ.

18-يانۋار

# ئىت

## چۇ جىنلىيەن

بىر ئىت ئۆزىنىڭ تولىمۇ پاكىز ئىكەنلىكىنى قويغا ماختاپ:

— دوستۇم، نېمىشقا ئوت-چۆپلا يەيسەن؟ بىر گۆشتىن باشقىسىنى يېمەيمىز! — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمىگىلا، قېشىدا تۇرغان كۆچۈك چىملىقتىكى بىر كاللەك پوقنى كۆرۈپ ئالمان-تالمان شالاپىشتىپ يالاشقا باشلاپتۇ.

ئىت غەزەپلەنگەن هالدا كۆچۈككە كايىپ:

— بالام، ئۆيدە گۆش دېگەن ئېشىپ-تېشىپ تۇرسا، نېمىشقا پاسكىنا نەرسىنى يەيسەن؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك! — دەپتۇ.

— يېسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دەپتۇ كۆچۈك، — ئۆت-

كەندە سەنمۇ بۇ نېمىنى تازا ئىشتىهايىڭ بىلەن يەۋاتاتتىڭغۇ؟
قوي كۈلۈپ كېتىپتۇ.
تەبىئەتتىڭلار شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىگە ماختىنىدىغان-سىلەر ـ ھە!

19 ـ يانۋار

## كىچىك بوغىنىڭ "مۇھاپىزەتچىسى"

### ليۇ شىنخۇا

بىر يولۋاس بىر كىچىك بوغىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەمدى يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، شىر ھۆركىرىگەن پېتى كېلىپ:
ـــ ھەي يولۋاس، سەن نېمىدەپ مېنىڭ تەۋەلىكىمدىكى رايوندا ئەسكىلىك قىلىپ يۈرىسەن! راستلا شۇنچىۋالا ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭمۇ! ـــ دەپتۇ ـ دە، يولۋاسقا قاراپ ئېتىلىپتۇ.
شىر يولۋاسنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى يولۋاس قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ.
قارىغۇ شىر كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ كىچىك بوغىغا:
ـــ سېنى قوغدايمەن دەپ ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلدىم، سېنىڭ كېلىشكەن تەنلىرىڭنى ئىككىنچى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، ئەمدى مېنىڭ باشقا تەلىۋىمىز يوق، پەقەت سېنىڭ چىرايلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەم پاكىز يۈزۈڭنى بىر سىلىۋالغان بولسام دېگەن ئارزۇيۇم بار، — دەپتۇ.

كىچىك بوغا شىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تولىمۇ تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئىككىلا تاخلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بوغا بوينىنى شۇنداق ئۇزاتقانىكەن، شىر ئۇنىڭ بوينىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ.

شىر يۇمشاق گۆشنى يېگەچ، ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ: "دۇرۇس، دۇنيادا بەزىلەر ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، زور بەدەل تۆلەشتىن يانمايدۇ، بۇ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش... شۇنىسى بەزى ئەخمەقلەر بۇنداق قىلىشنى زادىلا بىلمەيدۇ.

20-يانۋار

## پۈرچاق ئورۇشقا چىققان ئادەم

### ليۇ شىنخۇا

كۈز يېتىپ كەپتۇ، ئېتىزدىكى زىرائەتلەر ۋايىغا يېتىپ پىشىپتۇ.

بىر كۈنى، بىر ئادەم ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، ئورغاقنى بىلەپ، ئېتىزدىكى پىشىپ كەتكەن پۈرچاقلىرىنى ئورۇماقچى

بولۇپ مېڭىپتۇ.

ئۇ بىر تونۇشىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، بۇ ئۆيدە توي ئۆتكۈزۈۋاتقان بولغاچقا، تونۇشى ئۇنى ئۆيگە كىرىپ بىرەر رومكا هاراق ئىچىپ كەتكىن دەپ تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ ئادەم ئىسىل هاراق، مەززىلىك تاماقنىڭ مەرىدىن كېچەلمەي، هاراقنى كەينى-كەينىدىن ئىچىۋېرىپتۇ، ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىكى توي تارالغاندا، ئاندىن ئۆزىنىڭ پۇرچاق ئورۇشقا ماڭغانلىقى ئېسىگە كەپتۇ.

ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئېتىزلىققا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، پىشىپ سارغىيىپ كەتكەن پۇرچاقلار قىزىق ئاپتاپتا شاكىلىدىن ئاجراپ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ، پەقەت پۇرچاقنىڭ شاخلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپتۇ.

”ھېلىقى ئۆلگۈر ئوغرىنىڭ ئىشى بولمامدۇ، مېنى هاراققا تۇتۇۋالمىغان بولسا، پۇرچاقلىرىم شۇنچە تۆكۈلۈپ كېتەرمىدى؟!“

ھەممىدىن ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان ئادەملەر پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالغاندا، هامان سەۋەنلىكنى تۈرلۈك باهانە-سەۋەب بىلەن باشقىلارغا ئارتىپ قويىدۇ، ياكى باشقا بىر ئىشتىن كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

21 ـ يانۋار

# تاش شىر

## لىيۇ باۋمەن

بىركۈنى، تاش شىر توساتتىنلا بىر ساياھەتچىگە:
ــ دوستۇم، ئېيتقىنا، تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى، نېمىشقا مەندە ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ؟ ــ دەپتۇ.
ــ سەن دېگەن پىكىر يۈرگۈزمەيسەن، تېنىڭ قاتماللىشىپ كەتكەن، ھازىرقى ھالىتىڭگىلا شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرىسەن، سەندە ھاياتىي كۈچ دېگەن نېمە يوق، شۇڭا ئۆزگىرىش بولمايدۇ! ــ دەپتۇ ساياھەتچى.
تاش شىر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىلچە پىسەنت قىلماي، يەنىلا بۇرۇنقى پېتى تۇرىۋېرىپتۇ. دۇنيادا بولۇۋاتقان خىلمۇ ـ خىل ئۆزگىرىشلەرگە پىسەنت قىلماستىن، ئاۋۋالقىدەكلا قىمىرلىماي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

22 ـ يانۋار

# ئۆمۈچۈك بىلەن پىلە

## شۈي رۇنچۈەن

ئۆمۈچۈك پىلىنىڭ غوزا باغلىغاندىن كېيىن، قورچاقـقا ئايلىنىپ، غوزىغا ئۆزىنى ئورىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا ئىچ ئاغرىتىپ:

ــ ھەي بىچارە، شۇنـچـە ئىشـلەپ غـوزا باغـلاپ ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدىڭما؟ ــ دەپتۇ.

ــ ياق، خاتالاشتىڭ! ــ دەپتۇ پىـلە، ــ مەن ئۆز غايەمـنى كىمـخابـقا ئايـلانـدۇرۇش ئـۈچـۈن غوزا باغـلايـمەن، سەن بولساڭ بىر ۋاق قورساقنى دەپ تور تولايـسەن، بىچارە دېگەن سەن بولماي كىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



## يالغان مۈشۈك بىلەن راست مۈشۈك

### شۈي رۈنچۈەن

بىر ئادەمنىڭ ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقىنى چاشقان بەك يەپ زىيان قىلىۋېتىپتۇ، بۇ ئادەم ئۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلالماي، ئۇندا ئويلاپ ـ بۇندا ئويلاپ ئاخىر بىر چارە تېپىپ چىقىپتۇ: بازاردىن سۈلياۋ مۈشۈكتىن بىرنەچچىنى ئەكىلىپ ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ قويۇپتۇ. بۇ چارە راستىلا ئۈنۈم بېرىپتۇ. چاشقانلار قارانچۇق مۈشۈكلەرنى كۆرۈپ، ئاشلىق يېگىلى كېلەلمەيدىغان بوپتۇ.

چاشقانلار بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ مۈشۈكلەرنىڭ قىمىرلىماي تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بېقىپتۇ، سۈلياۋ مۈشۈكلەر يەنىلا بۇرۇنقىدەك قىمىرلىماي تۇرۇپتۇ، بۇ چاغدا چاشقانلار قەستەن ئۇنىڭغا چېقىلىپ بېقىپتۇ، مۈشۈكلەر يەنىلا قىمىرلىماي تۇرۇپتۇ، چاشقانلار بۇ مۈشۈكلەرنىڭ يالغان مۈشۈك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئىسكىلاتنىڭ ئىچىگە قورقماي كىرىشىپ ئاشلىق ئوغرىلاپ يەيدىغان بوپتۇ.

خوجايىن سۈلياۋ مۈشۈكلەرنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ،

راست مۇشۇكتىن بىرنى ئىسكىلاتنىڭ ئەتراپىغا چارلاشقا قويۇپتۇ، چاشقانلار ئۇنىمۇ يالغان مۇشۇك بولسا كېرەك دەپ، ئاشلىقنى بەزەپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى ـ كەينىگە قاراپىمۇ قويماستىن ئىسكىلاتقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئاشلىق ئىسكىلاتىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن مۇشۇك ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ.

24 ـ يانۋار

## بوتۇلكىنىڭ دەردى

### سەي شيەنگاڭ

مەن كىشىلەر ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتكەن بىر قۇرۇق بوتۇلكىمەن. خوجايىنىم ماڭا هاراق، ئاچچىقسۇ دەمدۇ، ماي، سۇ دەمدۇ، ئىشقىلىپ شۇنىڭغا ئوخشاش نېمىلەرنى قاچىلايدۇ، لېكىن هەر قېتىم يېڭى بىر خىل سۇيۇقلۇق قاچىلايدىغاندا، خوجايىنىم مېنى پاكىز يۇيۇۋەتمەيدۇ، نەتىجىدە خوجايىنىم هاراق قاچىلىسا ماي تېتىپ قالىدۇ، ماي قاچىلىسا ئاچچىقسۇ تېتىپ قالىدۇ، ئاچچىقسۇ قاچىلىسا، تەركىبىگە سۇ ئارىلىشىپ قالىدىغان بولغاچقا، تەمى سۇسلىشىپ كېتىدۇ، سۇ قاچىلىسا هەر خىل پۇراقنىڭ دەستىدىن ئىچكىلى بولمايدۇ. خوجايىنىم بۇنى ئۆزىدىن

كۆرمەي ماڭا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كايىيدۇ:
"سېنى قانداقمۇ بوتۇلكا دېگىلى بولسۇن! ھېچ نەرسىنى، ئوبدان ساقلىيالمساڭ، سېنى ساقلاپ نېمە قىلاي! يوقال كۆزۈمدىن!" دېگىنىچە قاتتىق غەزەپ بىلەن مېنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا چۆرۈۋەتتى، ھېلىمۇ ياخشى چېقىلىپ كەتمەي، بىجىرىم ساقلىنىپ قالدىم.

خالايىقلار! مەندە نېمە گۇناھ، مەن راستلا كىشىلەرگە ئەسقاتىدىغان بوتۇلكىمەن! تامنىڭ بۇلۇڭىدا بەك زېرىكىپ كەتتىم. مېنى لازىملىق ئورۇنغا تېز ئەۋەتىۋەتسەڭلار! مەن ئەقىللىق، ئادىل يېڭى خوجايىنىنى توت كۆزۈم بىلەن كۈتمەكتىمەن.

25 ـ يانۋار

## قارا ئېيىقنىڭ مېۋە يىغىشى

### فاڭ ساۋ

مايمۇن: نېمشقا بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى كېسىۋەتتىڭ؟
قارا ئېيىق: مېۋىسىنى يىغىۋالغىلى.
مايمۇن: نېمشقا دەرەخقە چىقىپ يىغمايسەن؟
قارا ئېيىق: مۇشۇنداق قىلسام ئوڭاي بولىدىكەن.

مايمۇن: ئىست، شۇنداق ئوبدان مېۋىلىك دەرەخلەرنى تۇگەشتۈرۈپسەن!
قارا ئېيىق: ھېچقىسى يوق! مەن ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندىيالايمەن.
مايمۇن:...

26 ـ يانۋار

## شىر پادىشاھى تەختكە چىققاندىن كېيىن

### يى مىن

يېڭىدىن تەختكە چىققان شىر پادىشاھى ۋەزىرلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، توخۇ فېرمىسى، قوي ـ ئۆچكىلەر يېزىسى ۋە ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىغا بېرىپ كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىپتۇ.

توخۇ فېرمىسىنىڭ باشلىقى تۈلكە باي سېمىز توخۇدىن بىرنى ھەدىيە قىپتۇ، قوي ـ ئۆچكىلەر يېزىسىنىڭ باشلىقى بۆرە بەگ بىر سېمىز قوينى تەقدىم قىپتۇ، ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ مۇدىرى چاشقان گاداي بىرتاغار ئاشلىق يۇدۇپ چىقىپ سوۋغا قىپتۇ، شىر پادىشاھ ۋەزىرلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ھىممەتلىرىدىن تولىمۇ رازى بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۆره تەقدىم قىلىۋەتكەن قوي ئاق كۆكۈلىلۈك بىلەن، شىر پادىشاھ پىكىر ئالغىلى كەلگەن، دەپ ئويلاپ، بۆره، تۈلكە ۋە چاشقاننىڭ ئەسكىلىكلىرىنى پاش قىپتۇ، قويىنىڭ گېپى تۈگە- تۈگمەستىنلا شىر پادىشاھ ئۇنى چىشلەپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ.

27 - يانۋار

## ئۇن چىقارمايدىغان باش

### يۈي يىجۈڭ

زور ھەجىملىك بىر كىتاب پۈتۈپ نەشىردىن چىقىپتۇ.

— مەن ئەتىدىن كەچكىچە سەن بىلەن بىللە ئىشلەپ، ئاجايىپ جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇن يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپتىمەن، ئەمدى ئۇھ دەيدىغان بۇ كۈنگە ئېرىشىپتىمەن! — دەپتۇ قولغا قەلەم.

قولمۇ كۆرەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئىككىمىز ئوبدان ماسلاشتۇق، دېمەك قەلەم ئېسىل، قول ماھىر بولغاچقا نادىر ئەسەر پۈتتى - دە! — دەپتۇ.

قەلەم بىلەن قول بىر - بىرىگە ماسلىشىپ ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي پاراڭلىشىپ كېتىپتۇ.

لېكىن باش بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ.

28 - يانۋار

# نەنگو ئەپەندىمنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ تەكشۈرمەكچى بولۇشى

## خەي دەيچۈەن

چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى شۆەنـۋاڭ ئۆلگەنـدىن كېيىن، مىنۋاڭ ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىپتۇ، نەنگو ئەپەندىم مىنۋاڭنىڭ نەي ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ ھەمدە بۇ ھال مەندەك نائۇستا نەيچى ئۈچۈن ئىنتايىن ۋەھىمە بولدى، دەپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. بىراق ئۇ قېچىپ كەتمەپتۇ، باش-قىلارنىڭ ئۇنى قېچىپ كەتتى دېگىنى يالغان ئىدى. ئۇ شاققىدە بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپ چەت ئەلگە چىقىپ تەكشۈرۈش توغرىسىدا مىنۋاڭغا دوكلات سۇنۇپتۇ، دوكلاتتا مىنۋاڭغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، چەت ئەل نەيچىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، نەي چېلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. دېگەندەك بۇ دوكلاتنى مىنۋاڭ تېزلا تەستىقلىۋېتىپتۇ.

نەنگو ئەپەندىم ئېسىل پىكاپقا چۈشۈپ ئايرودرومغا كېتىۋې-تىپ خىيالغا چۆمۈلۈپتۇ. ئۇ: نەي چېلىشنى بىلمىسەممۇ، پەمىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغاچقا، چەت ئەلگە چىقىپ تەكشۈرۈپ كېلەي دېگەن ئەپلىك چارىنى تېپىپ، ئاپەتنى ئامەتكە ئايلاندۇردۇم، مانا ئەمدى مىنۋاكىغا نەي چېلىپ بىرىمەن دەپ بالاغا قالىدىغان ئىشتىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن، چەت ئەلگە چىقىپ كۆزۈمنى ئاچىدىغان بولدۇم، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش دېگەن مانا شۇ-دە، دەپ ئويلاپتۇ.

نەنگو ئەپەندىم ئايروپىلانغا چىقاي دەپ تۇرغاندا، ئۇنى ئۇزاتقىلى كەلگەن نەيچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— بۇرادەر، سەن نەي چېلىشنى ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، نەيچىلەرنىڭ باش تىرېنېرلىقىغا تەكلىپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

مىنۋاكىنىڭ ھەرەم خادىمىمۇ ئۇنىڭ دولىسىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— قەدىناس بۇرادىرىم، سەن چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەن چوقۇم سېنى مىنۋاكىغا دەپ نەيچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ. نەنگو ئەپەندىم بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە دەرھال ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتىغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا چەت ئەلدىن 20 سۇكىلۇق رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە قوش ئوقۇرلۇق ئاپتوماتىك كىرئالغۇ ئەكەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

# يولۋاسنىڭ دەرس ئۆتۈشى

لۇ جۇ

يولۋاس تۈلكىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنى چەكسىز قۇدرەتلىك زالىم دەپ ھېسابلاپ قالماستىن، يەنە تېخى كامالەتكە يەتكەن ئالىم دەپ ھېسابلاپتۇ.

ــ ئىشىنەمسەن، ئىشەنمەمسەن ئۆزەڭنىڭ ئىشى ــ ،دەپتۇ تۈلكە تەلەپپۇزىنى كۆچەيتىپ، ــ سەن بىر نۆۋەت دەرس ئۆتۈپ باق، ئۆزۈڭ ئېيتمەمسەن، ھېچكىم مۇگدەپ قالمايدۇ. بۇ، سېنىڭ دەرسىنى قالتىس سۆزلىگەنلىكىڭنىلا چۈشەندۈرىدۇ!

يولۋاس راستلا ئۆستەڭ بويىدا «ھايۋانات تاكسونومىيىسى» دېگەن تېمىدا بىر نۆۋەت لېكسىيە سۆزلەپ بەرمەكچى بوپتۇ. تۈلكە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپتۇ.

قەرەلدە ھەممىسى كەپتۇ. ئۇچار قاناتلار، ھايۋانلار ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىپ تىنچ ئولتۇرۇشۇپتۇ. پەقەت شامالدا شىلدىرلىغان يوپۇرماقنىڭ ئاۋازىلا چىقىپ تۇرۇپتۇ. يولۋاس ئۇلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

ــ كالا دېگەن قوي ئەمەس، قوي دېگەن كالا ئەمەس، ــ

ئالقانلىرى بىلەن سىزىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ئۇ: — كالا دېگەن كالا، قوي دېگەن قوي بولغانلىقى ئۈچۈن، كالا كالا دەپ ئاتالغان، قوي قوي دەپ...

ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئۆردەك باركاللا ئېيتىپ تازىم قىلىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— ئىنچام، چۈشىنىشلىك، مەزمۇنلۇق، ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىدى! نېمىدېگەن مەنتىقىلىق، نېمىدېگەن قايىل قىلارلىق ـ ھە! — دەپتۇ.

— دېمەك، ئىت دېگەن ئىت! — دەپتۇ ھۆركىرىگەن ئاۋاز بىلەن يولۋاس لېكسىيىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

تۈلكە باشقىلارغا باش بولۇپ چاۋاك چېپىپتۇ ۋە:

— خوش ئەمدى ئۆردەك ساۋاقداش تەسىراتىنى سۆزلەپ بەرسە! — دەپتۇ.

ئۆردەك ئىغاڭشىپ ئالدى تەرەپكە كېلىپ، كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ غودۇڭشىغان ئاۋازدا:

— تازىمۇ قىزىقكەنسلەرغۇ!...مەن...مەن— دەپتۇ ئۇ بىردىنلا كۆزىنى چەكچەيتىپ، — سەن مېنى ئۇنتۇپ قالدى دەمسەن؟ ھېلىقى سىرىق ئىتنىڭ مېنى قوغلاپ، چىشلىگەنلىرى ئېسىمدىن چىقمايدۇ! بۇ ئىشنى مەن ئۇنداق ئوڭاي بولدى قىلمايمەن! ئاخىر بىركۈنى...!

— بەللى ـ بەللى — دەپتۇ تۈلكە خورسىنىپ، — مانا بۇ تازا چوڭقۇر چۈشىنىپتۇ!

لېكسىيە تۇگىگەنىدىن كېيىن، قوي ئۆردەكنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— ئۇ چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى سۆزلىدى، ھەممەيلەن چۈشىنەلمەيلا كەتتۇق، قانداقلارچە سەنلا چۈشەندىڭ؟

ئۆردەك دۇدۇقلاپ بىرھازادىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— يىغىپ ئېيتقاندا سەن دۆت! زومىگەر يولۋاس بىلەن ھىيلىگەر تۈلكە دۆت - ھاماقەت ئاڭلىغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكسىيىدىن تارقىلىش ۋاقتىدا تۈلكىنىڭ نېمىدېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ئاچچىقىمدا ھېچنېمىنى ئاڭلىماپتىمەن.

— ئۇ يولۋاسقا ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، ئىككى يىلغىچە ئۆردەك يېمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

30 - ھايۋانلار

## يولۋاس پادىشاھنىڭ چىش ئاغرىقى

### ھادا

تۈلكە ۋەزىر يولۋاس پادىشاھنىڭ بەكمۇ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولۇۋاپتۇ، ئۇ ھەر قېتىم خان ھوزۇرىغا بارغاندا، يولۋاس پادىشاھ ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋالىدىكەن، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن

چارە-تەدبىرلىرىگە ھەمىشە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ يۈزدەيۈز قوشۇلىدىكەن.

بىركۈنى ئوردا ۋەزىرلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، يولۋاس پادىشاھ تۈلكە ۋەزىرگە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرمەي، ھارغىن قىياپەتتە ئىڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرۇپ، بىردەمدىن كېيىن ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

تۈلكە ۋەزىر كۆڭلىدە: يولۋاس پادىشاھ بۈگۈن نېمە بولغاندۇ، چىرايىنىمۇ ئاچمايدىغۇ؟ مەندىن بىزار بولۇپ قالغاندىمۇيا؟ ئاغمخان مېنى ئوردا خوجىدارلىقىغا كۆرسىتىپ قويساڭ دەپ، ماڭا ئون نەچچە توخۇ بەرگەنىدى، بىركىم بۇ ئىشنى پاش قىلىپ قويدىمۇ نېمە! دەپ ئويلاپتۇ. يولۋاس پادىشاھ ئۇدا بىرنەچچە كۈن ۋەزىرلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ. تۈلكە ۋەزىرنىڭ كۆڭلىدە بارغانسېرى گۇمان ئۇلغىيىپتۇ، كۆڭلى قاتتىق پەرىشان بوپتۇ ۋە ئاخىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

تۈلكە ۋەزىرنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپتۇ، ئوردا ئەمچىسى ئوكۇل-دورا بىلەن داۋالاپ كۆرگەن بولسىمۇ شىپا بولماپتۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈگەن يولۋاس پادىشاھ تۈلكە ۋەزىرنى يوقلاپ كەپتۇ. يولۋاس پادىشاھ تۈلكە ۋەزىرگە:

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى چىشىم بەك ئاغرىپ كېتىپ، ۋەزىرلەرنى قوبۇل قىلىشقا چىقالمىدىم، سافسىز بولۇپ يېتىپ قاپسىز، ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم، ھازىر چىشىمنىڭ ئاغرىقى

ساقىيىپ قالدى. سىزنىڭمۇ ئوبدان داۋالىنىپ، پاتراق ساقىيىشىڭىزغا تىلەكداشمەن، دۆلەتنىڭ بىرمۇنچە چوڭ ئىشلىرى سىزنىڭ ماڭا ياردەمدە بولۇپ بىر تەرەپ قىلىشىپ بېرىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا! — دەپتۇ.

تۈلكە ۋەزىر بۇ چاغدا ئون نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئوشۇقچە گۇمانلاردا بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلىمۇ بىر-ئىككى كۈندىلا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

31-يانۋار

## يولۋاسقا ياخشى يولدا مېڭىش ھەققىدە نەسىھەت بېرىش

**ما دا**

قارا ئېيىق يولۋاسقا، — يولۋاس پادىشاھىم، بىرمۇنچە پۇقرالار سىزنى بەك رەھىمسىزلىشىپ كەتتى دېيىشىۋاتىدۇ. جاللات قىلىچىنى تاشلىسا ئەۋلىيا بولۇر دېگەن گەپ بار. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قول تارتسىڭىز، سىزمۇ ئەۋلىيا بولۇسىز! — دەپتۇ.

— ئېيىق دوكتور، سەن بىرەر كىمنىڭ جاللاتلىق قىلىچىنى تاشلاپ ئەۋلىيا بولغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يولۋاس

پادىشاھ.

— مەن بىر مۇنچە كىتابلارنى ئاختۇرۇپ چىقتىم، ئۇنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق دېيىلىپتۇ، — دېپتۇ قارا ئېيىق جاۋاب بېرىپ.

— ئەۋلىيا بولغاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە يولۋاس پادىشاھ. قارا ئېيىق مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەۋلىيا بولسىڭىز، پانىي دۇنيادىكى پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېمەي، زەمزەم سۈيى ئىچمىسىز، مېھرىگىياھ يەيسىز، ئەۋلىيا شاپتۇللىرى، ئادەمگىياھ مېۋىلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ تۇرىسىز، مەڭگۈ قېرىمايسىز. يولۋاس پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەسلىدە سەن مېنى گۆش يېمەك دېمەكچى ئىكەنسەن-دە! مەن تۆرۈلۈشمدىنلا گۆش يەيدىغان تۇرسام، ئەۋلىيا بولسا گۆش يېمەيدىغان ئىش بولسا، ئەۋلىيا بولۇپ نېمە قىلىمەن، مەڭگۈ قېرىمىغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ — دەپتۇ.

1-فېۋرال

## دەل-دەرەخلەرنىڭ سۆزلىشىشى

### چۇ جىنلىيەن

كىشىلەرنىڭ دەرەخ كېسىشكە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ،

بىرنەچچە كۆچەت ياش تۆكۈپ چوڭ دەرەخقە مۇنداق دەپتۇ:
— ئاكا، سەن ئەجەب بىتەلەي ئىكەنسەن، بىزدىن بۇنداق ھايالسىز ئايرىلىپ كېتىشىڭنى ئويلاپ باقماپتىكەنمىز.
— يىغلىماڭلار، — دەپتۇ چوڭ دەرەخ، — كىشىلەرنىڭ مېنى كېسىشى مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق!
— تاغ ئورمىنىدىن ئايرىلساڭ، ھاياتىڭ تۈگىشىدىغان تۇرسا، بۇنى قانداقمۇ زور خۇشاللىق دېگىلى بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ كۆچەتلەر.
— ھاياتىمنى تۈگىشىدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ، — دەپتۇ چوڭ دەرەخ سەۋرچانلىق بىلەن، — بۇ مېنىڭ يېڭى ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ، مەن سىلەرنىڭ تېززەك ئۆسۈپ يېتىلىپ، كۆررۈك، ئۆي - ئىمارەتلەرگە ماتېرىيال بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن...
كۆچەتلەر بۇنىڭ داۋلىسىنى چۈشىنىپ باشلىرىنى لىڭشىتىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

2 ـ فېۋرال

# چاشقان بىلەن يىسۇ

## شۈي رۇنچۈەن

بىركۈنى، چاشقان لىمدىن سەكرەپ چۈشۈپ يىسۇنى ئەيىبلەپ، ــ ھەي، كاتتا مەسەلچى، سەن نېمشقا بىز بىلەن قىرىشىپلا ئۆتىسەن، مەسەللىرىڭدە بىزنى بىرەر ئېغىز ماختاپمۇ قويمىدىڭ، نېمىدېگەن ئادىلسىزلىق، ــ دەپتۇ.

ــ مەن قانداق ئادىلسىزلىق قىپتىمەن، ــ دەپ سوراپتۇ يىسۇ.

ــ مۈشۈك دائىم بىلىق ئوغرىلاپ يەيدۇ، ئۇ، ياۋۇز ھەم رەھىمسىز، دائىم بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن ئۇنى ماختايسەنغۇ، ــ دەپتۇ چاشقان شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ.

ــ بەس، ــ دەپتۇ يىسۇ كەسكىنلىك بىلەن، ــ ئەگەر مەن سېنى ماختاپ، مۈشۈكنى ئەسكى دەپ تەسۋىرلىگەن بولسام، مېنىڭ مەسەللىرىمنى ھېچكىم ياقتۇرمىغان بولاتتى.

# سا بىلەن توخۇ

## چېن جۈن

سا ئاسماندا بالىسىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ.

كىچىك سا ئۇدا بىرنەچچە قېتىم ئۇچۇپتۇ. بۇ جەرياندا بىرنەچچە قېتىم ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس-تاس قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مېكىيان:

— سا قېرىندىشىم، بۇنداق خەتەرلىك ئىشنى قىلماي، ئۇلارغا ئۇچۇشنى يەردىلا ئۆگەتسەڭچۇ، — دەپتۇ.

— يەرگۇ بىخەتەر، لېكىن كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا جۈرئەت قىلمىغاندا، يەر-جاھاننىڭ كەڭلىكىنى مەڭگۇ بىلگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ سا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

4 ـ فېۋرال

# قىزىلگۈلنىڭ نەسىھىتى

## گۈ شېڭشەن

قىزىلگۈل ئۆستەڭ بويىدا يىللىق قۇياش نۇرىغا پۈركىلىپ، ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ، باھارنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. سۇ يۈزىدىن كەلگەن سەلكىن شامال ئۇنىڭ گۈزەللىككە تولغان رەڭدار، نازۇك ۋە يۇمران بەرگىلىرىنى سىپاپ ئۆتەتتى.

توساتتىن، ئەدەبسىز، بەتخۇي بىر يىگىت بۇ قىزىلگۈلنى سۇندۇرماق بولۇپ قولىنى سوزۇپتۇ. قىزىلگۈل خۇددى قولىغا خەنجەر ئالغان پالۋان قىزلاردەك قاتتىق ھەيۋە بىلەن يىگىتنىڭ بارمىقىغا تىكىنىنى سانجىپتۇ، يىگىتنىڭ بارمىقىدىن قىزىل قان تامچىپ ئېقىپتۇ. بۇ، تىكەننىڭ يىگىتنىڭ پاكىسىز قەلبىگە سانجىلىشى، روشەنكى، يىگىت ئۈچۈن: دۇنيادا گۈزەل نەرسىلەر بەك كۆپ، ئۆزىڭىزگە نېسىپ بولمىغانلىرىغا قول ئۇزاتماڭ، دېگەن نەسىھەت ئىدى.

# كەندىر بىلەن بامبۇك

## ما دا

تاغ يوتىسىدا بىر تۈپ كەندىر بىلەن بىر تۈپ بامبۇك بىر ـ بىرىگە ياندىشقان هالدا تازا بوي تارتىپ ئۆسۈپتۇ.

يەتتە ـ سەككىز بال بوران كەندىر بىلەن بامبۇكقا قاتتىق تەھدىت سېلىپتۇ، كەندىر چوڭ يوپۇرماقلىرىدا شامالنى توسۇپ، بېلىنى ئېگىپمۇ قويماپتۇ؛ بامبۇك بولسا شامالغا قاراپ بېلىنى ئېگىپتۇ. شامال ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بامبۇك بېلىنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرىۋاپتۇ، بوران يەنە سوقۇپتۇ، ئۇ يەنە بېلىنى ئېگىپتۇ؛ بوران توختىماي چىقىۋېرىپتۇ، ئۇمۇ توختىماي بېلىنى ئېگىۋېرىپتۇ.

كەندىر بامبۇكنى مەسخىرە قىلىپ:

ــ بامبۇك بۇرادەر، باشقىلار سېنى خادىدەك تىك ئۆسىدۇ دېيىشىدۇ، بوران ئالدىدا ئۆلگۈرتمەي بېلىڭنى ئېگىسەنغۇ؟ ــ دەپتۇ. بامبۇك جاۋاب قايتۇرۇپ:

ــ ئاساسىڭ پۇختا، يىلتىزىڭ چوڭقۇر بولسىلا، جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، جانلىق

تەدبىر قوللانساڭ بولىدۇ. كەندىر بۇرادىرىم، بوران كۆتۈرۈلۈ-ۋاتىدۇ، مېنىڭچە، سەنمۇ جانلىقراق ئىش كۆرۈپ، بىلىڭنى ئېگىپ قويغىن! — دەپتۇ. كەندىر بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماپتۇ.

تېخىمۇ كۈچلۈك بوران كەپتۇ، بامبۇك بېلىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ شاخلىرى يەرگە تېگەي دەپ قاپتۇ؛ كەندىر بېلىنى كىچىككىنە ئېگىپ قويۇش تۈگۈل، كۆرەڭلىگەن ھالدا ئالقانلىرىنى پۇلاڭلىتىپ بورانىنى توسماقچى بوپتۇ. بوراننىڭ زەربىسىدە كەندىر ”قاراس“ قىلىپلا بېلىدىن ئۇشتۇلۇپ كېتىپتۇ.

6 ـ فېۋرال

## مايسا بىلەن پاقا ئوتى

جىن ئېرشىن

يېقىندىن كۆچۈرۈلگەن شال مايسىسى جېنىنىڭ بارىچە ئۆسۈپ بىرمۇنچە يېڭى يىلتىزلارنى چىقىرىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپتۇ.

پاقا ئوتى بۇنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران بولۇپ:

— بۇرادەر، نېمانچە جاپا تارتىسەن، يەرگە بۇنداق ئىچكىرىلەپ يىلتىز تارتىپ كەتسەڭ، قانداقمۇ ئەركىن ياشىيا-لايسەن. قارىغىنا ماڭا، گەرچە مەنمۇ يىلتىز تارتقان بولساممۇ،

لېكىن ساڭا ئوخشاش بىر يەرگە باغلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىم يوق، شامالدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا لەيلەپ، ئەركىن ـ ئازادە يۆرۆۋاتـمەن، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك! ـــ دەپتۇ.

مايسا پاقا ئوتىنىڭ كېيىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا چولىسى تەگمەي، يىلتىز تارتىۋېرىپتۇ. تۇساتتىن، ئانچە قاتتىق بولـمىغان شامال پاقا ئوتىنى ئېتىزنىڭ قىرىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پاقا ئوتى لەيلەپ يۆرۆش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ ـــ قۇرۇپ قاپتۇ.

شال مايسىسى بولسا مەڭگۈلۈك پۇختا يىلتىز تارتىپتۇ، ئۇ ئەڭ چوڭ ئەركىنلىككە ـــ بەھۇزۇر ئۆسۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېۋە بېرىشتەك زور ئەركىنلىككىمۇ ئىگە بوپتۇ.

7 ـ فېۋرال

## تۈلكىنىڭ دوستى

### شۈي رۇنچۈەن

تۈلكە ئاق قوتاننىڭ بېلىق تۇتۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ، بىراق، ئۇ ئاق قوتاننى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن، شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىش

ئۈچۈن، ھەمراھلىرىغا، "ئاق قوتان مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ"، دەپتۇ.

بىركۈنى، تۈلكە دەريا بويىغا ئوينىغىلى بېرىپ، بىر توپ تاماشىبىنلارنىڭ قىرغاقتا ئۇۋلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تۈلكە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر قۇش دەريادا بېلىق تۇتۇۋاتقۇدەك، بۇ قۇش سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ، بىردەمدىلا بىر چوڭ بېلىقنى چىشلەپ چىقىپتۇ، قىرغاقتىكى تاماشىبىنلار چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپتۇ.

تۈلكىنىڭ يېنىدا تۇرغان مايمۇن ئۇنى ماختاپ:

— ئاق قوتان قالتىس يارامىلىق بېلىق تۇتۇش ماھىرى ئىكەن، — دەپتۇ. تۈلكە بېشىنى چايقاپ:

— بۇنىڭ ماختىغۇدەك نېمىسى بار، مېنىڭ قەدىناس دوستۇم ئاق قوتان كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە چوڭ كاراپ بېلىقتىن ئىككىنى تۇتۇپ چىقالايدۇ، — دەپتۇ.

مايمۇن ھەيران بولۇپ:

— نېمە، ئاق قوتان سېنىڭ قەدىناس دوستۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق بولمايچۇ! — دەپتۇ تۈلكە بېشىنى لىڭشىتىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — مېنىڭ قەدىناس دوستۇم ئاق قوتان بېلىق تۇتۇش جەھەتتە بۇنىڭدىن بەكلا ئېشىپ چۈشىدۇ.

مايمۇن قورسىقىنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قارا، ئاشۇ بېلىق تۇتۇۋاتقاننىڭ ئۆزى ئاق قوتان

ئەمەسمۇ! ــــ دەپتۇ.

تۈلكە بۇنى ئاڭلاپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، قېقىسىپ قويغان قوزۇقتەك جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇ.

8-فېۋرال

## ئىككى سۇنايچى

### چىن تۈگكۈن

ئىلگىرى، بىر مەھەللىدە پەقەت ئىككى ئاكا-ئۇكىلا سۇناي چېلىشنى بىلىدىكەن. ئۇ ئىككىسىنىڭ سۇناي چېلىش ماھارىتى خېلى ياخشىكەن، بىراق تازا كۆڭۈل قويۇپ چالمايدىكەن. ئۇلاردىن باشقا سۇنايچى بولمىغاچقا، مەھەللىدىكى كىشىلەر توي-تۈكۈن ۋە ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى بولسا، ئۇلارنى ئالدىغا بېرىپ چاقىرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدىكەن.

بىركۈنى، شۇ مەھەللىدە بولغان بىر تويغا سۇناي چېلىپ بېرىش ئۈچۈن چەت يۇرتتىن ئىككى سۇنايچى كەپتۇ. بىزنى تەكلىپ قىلىپ ئالدىمىزغا كېلىدۇ دەپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئاكا-ئۇكا سۇنايچىمۇ ياقا يۇرتتىن ئىككى سونايچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كەپتۇ. تۆت سۇنايچى تويغا سۇناي چېلىپ بېرىشنى تالىشىپ قاپتۇ. ساھىبخان:

— بولدى تالاشماڭلار، سۇنايىنى تەك چېلىڭلار، كىم ياخشى چالسا، مەن شۇنىڭغا چالدۇراي، — دەپتۇ.

بۇ كۈنى، ئاكا ـ ئۇكا سۇنايچى تازا كۆڭۈل قويۇپ چېلىپ ئاجايىپ ياڭرىتىۋېتىپتۇ، ساھىبخان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنى چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. كوچىدا تاماشا قىلىپ تۇرغان كىشىلەر ئىنتايىن ھەيران بولۇپ:

— بۇگۈن چېلىشىڭلار باشقىچىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ھاياجانلانغان ھالدا:

— ھازىر رىقابەتچىلەر پەيدا بولۇپ قالدى، تەكلىپ قىلغۇچىلار ئالدىمىزغا كەلسۇن دەپ كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ئىشنى ئەمدى قىلمايمىز، — دەپتۇ.

۹-فېۋرال

## مايمۇنچاقنىڭ قازان يامىشى

### چىن تۇڭگۈن

ئانا ئېيىق بىر كىچىك قازاننى قازان يامايدىغان دوكانغا ئاپىرىپتۇ، بۇ قازاننىڭ يىگىننىڭ ئۇچىچىلىك تۆشۈكى بار ئىكەن. قازان يامايدىغان مايمۇنچاق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قويۇپ، قازاننى بولقا بىلەن "تاڭ" قىلدە ئۇرغانىكەن، قازاننىڭ

تېگىدە پۇرچاقچىلىك تۆشۈك پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، ئانا ئېيىقنىڭ ئىچى سىرىلىپ كېتىپتۇ. مايمۇنچاق يەنە "پاق! پاق!" قىلىپ ئۇچىنى ئۇرغانسىكەن، قازاننىڭ تېگىدە ئالقانچىلىك تۆشۈك پەيدا بوپتۇ. ئانا ئېيىق ئىچى تىت-تىت بولغان ھالدا يەرنى تېپىچەكلەپ تۇرۇپ:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، تۆشۈكنى تېخىمۇ يوغىنىتىۋەتتىڭغۇ! — دەپتۇ. مايمۇنچاق تەلەتىنى سۈرۈنلەشتۈرۈپ:

— تۆشۈكنى يوغىناتمىغاندا يامغىلى بولمايدۇ، تۆشۈك قانچە يوغان بولسا، ياماق شۇنچە چىڭ تۇتىدۇ، — دەپتۇ. مايمۇنچاق ئانا ئېيىقنىڭ گۇمان بىلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سۈرۈن قىياپەتتە:

— ئەگەر ياماتمىسىڭىز، ئېلىپ كېتىڭ، زورلىمايمەن، — دەپتۇ. ئانا ئېيىق چىشىنى چىشلەپ، يامىتىشقا نائىلاج ماقۇل بوپتۇ.

قازانغا جەمئىي 13 ياماق چۈشۈپتۇ، ئانا ئېيىق بۇنىڭغا بىر يېڭى قازاننىڭ پۇلىدىن ئوشۇق پۇل تۆلەپتۇ ۋە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ دوكاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. مايمۇنچاق پۇلنى سىقىملاپ تۇرۇپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— ھې ھې، ئۇ قازان ياماق چۈشكىنى بىلەن يېڭى قازاندىن پۇختا بولۇپ كەتتى! — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

10 ـ فېۋرال

# ئاشپەز مۈشۈكنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشى

## گەن فاڭجۇ

ئاشپەز مۈشۈكنىڭ ھۈنىرى بەكلا چولىتا ئىكەن، پىشۇرغان بېلىقلىرىنىڭ بىزەمۇ تەمى بولمىغاچقا، ئۇنى ھەمىشە مۈشۈكلەر ئەيىبلەيدىكەن، ئۇ، تۈلكىنىڭ بېلىقنى بەك مەززىلىك پىشۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتماقچى بوپتۇ.

تۈلكە ئالدى بىلەن بىر تەخسە بېلىق پىشۇرۇپ مۈشۈككە تەمىنى تېتىتىپ بېقىپتۇ. مۈشۈك بېلىقنى يېگەندىن كېيىن ھەيران بولۇپ، — بۇنى پىشۇرۇشتا قانداق ئېپى بار؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە بىرقاچا تۇزنى قولىغا ئېلىپ، — بېلىقنى مەززىلىك پىشۇرۇش ئۈچۈن، تۇز بولمىسا بولمايدۇ... — دەپتۇ. ئاشپەز مۈشۈك بۇنى ئاڭلاپ، بىردىنلا چۈشەنگەندەك بوپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىرقاچا تۇز سوراپ ئېلىپ، رەھمەت ئېيتىپ قايتىپتۇ.

ئاشپەز مۈشۈك ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، مۈشۈكلەرنى يىغىپ، — مەن ھازىر سىلەرگە دۇنيا بويىچە ئەڭ مەززىلىك بېلىق پىشۇرۇپ بېرىمەن! — دەپ جاكارلاپتۇ.

ئۇ بىر قاچا تۇزنىڭ ھەممىسىنى قازانغا تۆكۈپتۇ...

11-فېۋرال

# ئىككى پۇتلۇق شىرە

## سۇلى سۇلا

بۈگۈن، بىر كوچىدا ئۆي جاھازلىرى دۇكىنىدىن ئۈچى بار ئىكەن.

شەرق تەرەپتىكى دۇكاننىڭ خوجايىنى "يېڭىلىق يارىتىش باقاي" دەپ ئويلاپ، تۆت پۇتلۇق شىرەنى ئۈچ پۇتلۇق شىرەگە ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ ۋە بۇنىڭدىن نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ.

غەرب تەرەپتىكى دۇكاننىڭ خوجايىنىمۇ "يېڭىلىق يارىتىپ باقاي" دەپ، دادىللىق بىلەن بىر پۇتلۇق يومىلاق شىرە ياساپتۇ. بۇ خوجايىن يومىلاق شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تومۇر پۇت بېكىتىپ، ئۇنىڭ يەرگە تېگىدىغان قىسمىغا تەقسىمان ياغاچ ئورنىتىپتۇ. بۇ بىر پۇتلۇق دۈگىلەك شىرە چىرايلىق، پۇختا، ھەم ئەپچىل بولۇپ چىقىپتۇ، نەتىجىدە، ئۇمۇ تازا پۇل تېپىپتۇ.

كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۇكاننىڭ خوجايىنى بۇ ئىككى دۇكاندىكى خوجايىننىڭ پۇل تېپىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ،

كۆزى قىزىرىپ: "دۇرۇس! مەنمۇ يېڭىلىق يارىتىپ باقاي! يېڭىلىق، يەنە يېڭىلىق!" دەپ ئويلاپ، "دۇكىنىمىز يېڭىلىق يارىتىشقا ئەڭ قادىر، ھازىردىن ئېتىبارەن دۇكىنىمىزدا مەخسۇس ئىككى پۇتلۇق شىرە سېتىلىدۇ..." دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ.

كىشىلەر بۇ ئېلاننى كۆرۈپ قاق قاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە، بۇ دۇكاننىڭ شىرەلىرىدىن بىرىمۇ سېتىلماپتۇ.

12-فېۋرال

## ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان مايمۇن

### فاڭ يىچۈن

مايمۇن ئوينىتىدىغان ئادەم بىر مايمۇننى تۇتۇۋاپتۇ، بۇ مايمۇن ئەمدى تۈگەشتىم، قاچان جېنىمدىن جۇدا بولۇمەنكىن دەپ ئىنتايىن قورقۇپتۇ. بىراق، مايمۇن ئوينىتىدىغان ئادەم ئۇنى ئۆلتۈرۈش تۈگۈل، ئۇنىڭغا قىزىل تون، قارا يىپەكتىن تەلپەك كىيگۈزۈپ، ئۆرە مېڭىشنى، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشنى، ئادەمنىڭ ھەركىتىنى دوراشنى ئۆگىتىپتۇ. مايمۇن بۇ ھەركەتلەرنى بىرنەچچە كۈندىلا ئۆگىنىۋاپتۇ. مايمۇن ئوينىتىدىغان ئادەم ئۇنى قويغا مىندۈرۈپ، قويىنى ئۇچقاندەك

يۈگۈرتىپتۇ، مايمۇن تولىمۇ خۇشال بوپتۇ، ئۇنى هارۋىغا ئول-
تۇرغۇزۇپ، ئىتقا هارۋىنى تازا ئىتتىك سۆرەتكۈزگەندە،
مايمۇن تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ، ئۇ "ئەمدى مەن قويدىنمۇ،
ئىتتىنمۇ ئەزىز بولۇپ كەتتىم" دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ
ھەمراھى قوي ۋە ئىتنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويماستىن كۆرەڭلەپ
يۈرۈيدىغان بولۇۋاپتۇ.

بىركۈنى، مايمۇن ئوينىتىدىغان ئادەم شەھەرنىڭ چوڭ
كوچىسىدا دۇمبىقنى تاڭگىرلىتىپ، مايمۇن ئويۇنىنى كۆرگۈچى
بىرمۇنچە باللارنى ئەتراپىغا ئوۋلاشتۇرۇۋاپتۇ، مايمۇن تەلپەك،
قىزىل توننى كىيىپ مەيدانغا چىققاندا، باللار: "ئەمەلدار لويى
كەلدى! ئەمەلدار لويى كەلدى!" دەپ كۈلۈشۈپتۇ. مايمۇن
بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، راستلا چوڭ ئەمەلداردەك،
ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى قاتتىق قامچىلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ مايمۇن
ئويناتقۇچىنىڭ قوي بىلەن ئىتقا ئوخشاش قۇلى ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇپ قالغان-دە!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

13 ـ فېۋرال

## توقۇمىچى ئايال ۋە ئۇنىڭ قىزى

### شۈي داچىڭ

توقۇمىچى ئايال قىزىنى يېنىغا چاقىرىپ ئەكىلىپ، ــ بالام، كۆن بويى مۇشۇنداق چۆرقىراپلا يۈرسەڭ، قاچانمۇ رەخت توقۇپ چىقالايسەن، ــ دەپ كايىپتۇ.

ــ ئاپا، مېنىڭ قابىلىيىتىم مۇشۇنچىلىك تۇرسا، قانداقمۇ رەخت توقۇپ چىقىرالايمەن؟ ــ دەپتۇ قىزى.

ئاپىسى بۇنى ئاڭلاپلا بالىسىنى تەربىيىلەش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ رەخت توقۇش قائىدىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

ــ رەخت توقۇيمەن دېسەڭ، ئۆزەڭ قول سېلىپ ئىشلەپ ئۆگەن، ئېغىزدىلا دەپ قويۇپ، ئىشلىمىسەڭ بولمايدۇ.

قىز بۇنى ئاڭلاپ ماقۇل بوپتۇ ۋە ئاپىسىنىڭ گېپى بويىچە ئىشلەپ، ياخشى رەخت توقۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ توقۇپتۇ، توقۇپتۇ، شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ زادىلا رەخت توقۇپ چىقىرالماپتۇ. ئاخىر ئاپىسىدىن، ــ ئاپا، رەختنى زادى قانداق توقۇيدۇ، ماڭا ئۆگىتىپ قويۇڭچۇ، مەن چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىمەن، ــ دەپتۇ.

ئاپىسى بالىسىغا ئۇلگە كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولۇپ، "توقۇي-مەن، توقۇيمەن، يەنە توقۇيمەن" دەپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپتۇيۇ، لېكىن ئۆزى بىرسۇك رەختمۇ توقۇپ چىقىرالماپتۇ.

بۇ چاغدا توقۇمىچى قىز: ئاپام ئېغىزدا دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قىلالمايدىكەندە، دەپ ھېس قىپتۇ.

14-فېۋرال

# ئىككى توشقان

## شوي داجېڭ

قىش كۈنى ئىكەن، بىر ياۋا توشقان ئاپئاق قارلىق دالىدا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ، بىر كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ. بەسەي يەۋاتقان ئۆي توشقىنى ئۇنى كۆرۈپ دەرھال:

— مەرھەمەت، مەرھەمەت! بىچارە ياۋا توشقان چاققان ئۆيگە كىر، بىز بىللە ياشايلى، — دەپتۇ.

ياۋا توشقان تالادا ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئۆي توشقىنى ھە دەپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ماختاپتۇ:

— قارا، مەن ھەر كۈنى مەززىلىك بەسەيلەرنى يەيمەن، ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرىمەن، سەنچۇ، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن قارغا كۆمۈلۈپ قالغان ئوت-چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى غاجايسەن،

www.uyghurkitap.com

نېمىدېگەن جاپا بۇ، چاققان ئۆيگە كىرگىن!

ياۋا توشقان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، سېنىڭ قەپەدىكى تۇرمۇشۇڭ ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ئەركىنلىكتىن مەھرۇمسەن؛ گەرچە مېنىڭ تۇرمۇشۇم جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئەركىن-ئازادە ياشايمەن، دەپ ئويلاپ، پەرتلا قىلىپ جاڭگال تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ.

15-فېۋرال

## يولۋاس پادىشاھنىڭ سوۋغا قوبۇل قىلىشى

يۈي چىجۈن

تۈلكە يولۋاس پادىشاھقا بىرنەچچە توخۇ سوۋغا قىپتۇ. يولۋاس پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، سوۋغىنى ئالاي دەپ تۇرغاندا يىلپىز كىرىپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا يولۋاس پادىشاھ دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، تۈلكىگە قاراپ سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن ياپپاش تۇرۇپ، توغرا يولدا ماڭماي، سوۋغا كۆتۈرۈپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭما؟ مەن دېگەن كىم، — دەپتۇ.

تۈلكە يولۋاس پادىشاھنىڭ سۆز-ھەرىكىتىدىن گاڭگىراپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، قوزۇقتەك قېتىپلا قاپتۇ.

يىلپىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يولۋاس پادىشاھ يەنە تەبەسسۇم بىلەن تۈلكىنىڭ بېشىنى پاپىلاپ:
— كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن، مەنمۇ سېنى ئاياپ شۇنداق دەپ قويدۇم، ئولتۇرغىن، ئولتۇر! — دەپتۇ.

16 ـ فېۋرال

## ئاسلاننىڭ دوست تېپىشى

### ليۇباۋمەن

مىسكىن ـ غېرىب ئاسلان بىرنەچچە دوست تېپىش ئۈچۈن ئۆيدىن تالاغا چىقىپتۇ.
ئاسلان ئالدى بىلەن چوشقىغا ئۇچراپتۇ، ئۇ ئىچىدە: "قارىمامدىغان ئۇنىڭ سالپىيىپ تۇرغان ئىككى قۇلىقىنى، تازىمۇ سەت نېمە ئىكەن" دەپتۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆردەككە ئۇچراپ كۆڭلىدە: "قارا ئۇنىڭ ئېغاڭلاپ مېڭىشىنى، ئەجەبمۇ سەت تۇرىدىكەن" دەپتۇ.
ئاسلان ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتقا ئۇچراپ ئىچىدە: "قارىماـ دىغان ئۇنىڭ يالماپ يېيىشلىرىنى، ئەجەبمۇ ئاشپاقا نېمىكەن..." دەپتۇ.
ئاسلان تالادا كۈن بويى ئايلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ،

بىرەر دوست تاپالماي، كۆڭلى غەش هالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلگەنىكەن، بىردىنلا ئەينەكنىڭ ئىچىدە بەئەينى ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان ئوماق بىر ئاسلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇ خۇشاللىقىدىن:

"ھا ـ ھا! ئاخىر كۆڭلۈمدىكىدەك دوست تاپتىم" دەپ توۋلاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاسلان غىرىبسىنىپ قالسىلا ئەينەكنىڭ ئىچىدىكى دوستىنىڭ قېشىغا بارىدىغان بوپتۇ.

17 ـ فېۋرال

# يالغان گەپ ئەمەس

## بيەن چۈيچىڭ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر قەلەندەر بىر باي سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. سودىگەر ئاشپەزنى قەلەندەرگە بىر قاچا شورپا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ، قەلەندەر شورپىنى بىرنەچچە ئوتلاپلا ئىچىۋېتىپتۇ، باي سودىگەر، ـــ يەنە ئازراق قۇيۇپ بەرسۇنمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ رەھمەت، ئەپەندىم، مەن تويدۇم، ـــ دەپتۇ قەلەندەر. سودىگەر قەلەندەرگە يەنە بىر پارچە كاۋاپنى سۇنۇپتۇ،

قەلەندەر بۇنىمۇ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا يەپ بوپتۇ. بۇ چاغدا باي، ــ يەنە ئازراق ئەكەلسۇنمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ رەھمەت، ئەپەندىم، مەن راستلا تويدۇم، ــ دەپتۇ قەلەندەر.

باي سودىگەر يەنە قەلەندەرگە بىر چىنە تاتلىق شوۋا گۆرۈچ بېرىپتۇ. قەلەندەر گەپ قىلماستىن، شوۋا گۆرۈچنىمۇ پاك ـ پاكىز ئىچىۋېتىپتۇ.

بۇ چاغدا، باي سودىگەر بىردىنلا، ــ نېمشقا يالغان گەپ قىلىسەن؟ ھەر قېتىم بولدى، تويدۇم دەيسەنۇ، بەرگەننى پاك ـ پاكىز قۇرۇتۇۋېتىسەن، ــ دەپ تووۋلاپتۇ.

قەلەندەر نېرىدا تۇرغان بىر ساندۇقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە توشقىچە تاش قاچىلاپ، باي سودىگەردىن:

ــ ئەپەندىم، بۇ ساندۇق تولدىمۇ، ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەلۋەتتە تولدى.

قەلەندەر يەنە ساندۇققا قۇمنى تۆكۈپ سودىگەردىن، ــ ئەپەندىم، تولدىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ۋاي تولدى، كۆرمەيۋاتامسەن، ــ دەپتۇ باي سودىگەر.

ئارقىدىنلا قەلەندەر يەنە بىر چېلەك سۇ ئەكىلىپ ساندۇققا قۇيغاندىن كېيىن:

ــ خۇددى ئۆزلىرى بۇ ساندۇقنىڭ قاچان توشقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەندەك، مەنمۇ ئۆزەمنىڭ قاچان تويغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، ــ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

18 ـ فېۋرال

# ئىتتىن نېرى

## نىلىك شى

بۇرۇن بىر ئىت بولۇپ، ئۇنى ئورمانلىقتا دائىم يىلپىز، بۆرە، ئېيىق، قاۋان توڭگۇز، قوتازلار بوزەك قىلىدىكەن. بىركۈنى، بۇ ئىت بىر كىچىك شىرنىڭ ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئازگالدىن قۇتقۇزۇپ چىقىرىۋال-ماقچى بوپتۇ. چوڭ شىر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئىتقا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، ئۇنى ھاي-ۋانات دۆلىتىنىڭ باش سەركەردىسى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇرۇن ئىتنى دائىم بوزەك قىلىدىغان يىلپىز، بۆرە، ئېيىق، ياۋا توڭگۇز ۋە قوتازلار ئىتنىڭ ھوقۇقدار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالمايلا قالماستىن، ئۇنى كۆرسە خۇشامەت قىلىپ، ماختايدىغان بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئىت قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھا، ھا! كۈنىگىلار ھوقۇقدارلارغا خۇشامەت قىلىش بىلەنلا ئۆتىدىكەن، ھەقىقەتەن ئىتتىنمۇ نېرىكەنسىلەر! — دەپتۇ.

# يامغۇرنىڭ ئەندىشىسى

## شۆي رۇنچۇەن

قۇرغاقچىلىق ئۇزاق داۋام قىلىپ كەلگەن رايوندا قاتتىق بىر يامغۇر يېغىپ، يەر ـ زېمىننى باشقىدىن يېشىللىق قاپلاپتۇ. كىشىلەر يامغۇرنى ماختاپ: «ئەجەب ۋاقتىدا ياغدى بۇ يامغۇر، گويا كەڭ زېمىنغا مەرۋايىت ياغقاندەك بولدى» دېيىشىپتۇ.

يامغۇر كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇدا ئون نەچچە كۈن بولۇشىغا يېغىپ زىرائەتلەرنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەمدى كىشىلەر ئۇنى:

«بېشىڭنى يەيدىغان يامغۇر، شۇنداقمۇ ياغامدىغان» دەپ تىللاپتۇ.

يامغۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قايغۇرغان هالدا: «ئوخشاشلا مەن، كىشىلەر نېمىشقا دەسلەپتە ماختاپ، ئارقىدىن قاغايدۇ» دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

20 ـ فېۋرال

# ھەسەل ھەرىسى بىلەن تومۇزغا

## جاۋخېشۈن

ئىشچان ھەسەل ھەرىسى چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ يىلتىزىدىكى كاۋاكتا ئۇۋا ياساش بىلەن بەند ئىدى. قاسىرىقىدىن ئەمدىلا ئاجراپ چىققان بىر تومۇزغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا:

— ۋاي بىچارە، سەن مۇشۇنداق پاكار جايدا ياشاشقا رازىمۇسەن؟ مېنىڭ نىشانىم ئېگىز ـ ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدا ياشاش! — دەپتۇ.

ھەسەل ھەرىسى ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ تۇرۇپ:

— مەن دۇنياغا ئەمگەك قىلىش، ئىنسانلارغا كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن كەلگەنمەن، ئېگىزگە چىقىپ قۇرۇق نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى ئويلىمايمەن! — دەپتۇ.

# ئوت قۇرت بىلەن سەرەڭگە

## جاۋ خېشۇن

پانوس ئېسىۋالغان ئوت قۇرت، ئازادە ئېچىپ قويۇلغان دېرىزىدىن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ كىرىپ، دېرىزە تەكچى-سىدە تۇرغان بىر تال سەرەڭگىگە ئۇچراپ قاپتۇ.

ئوت قۇرت سەرەڭگىنى مەسخىرە قىلىپ:

ــ ئاڭلىسام كىشىلەر سېنى ماختايدىكەن، ئەپسۇسكى، سەن ئۆمرۈڭدە پەقەت بىر قېتىملا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق چىقىرالايدىكەنسەن، ماڭا سېلىشتۇرغاندا، سېنىڭ ھاياتىڭ نېمىدېگەن قىسقا ـ ھە؟ ــ دەپتۇ.

سەرەڭگە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

ــ شۇنداق، سېنىڭ ئۆمرۈڭ مېنىڭكىدىن كۆپ ئۇزۇن، ھەركۈنى يالتىراپ تۇرىسەن. بىراق شۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ، سەن ھەرقانچە كۆپ پارقىرىغىنىڭ بىلەن، زادى ئىنسانلارغا قانچىلىك پايدا بېرەلەيسەن؟ مەن ھاياتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بىلەن ھېسابلاشمايمەن، پەقەت ھاياتىنىڭ قىممىتىگىلا ئىنتى-لىمەن، ــ دەپتۇ.

بۇ چاغدا، ئۆي ئىگىسى غىزا ئېتىش ئۈچۈن سەرەڭگىنى ئېلىپ ئوچاققا ياققانىكەن، بىردىنلا ئوچاقتا لاۋۇلداپ ئوت تۇتۇشۇپتۇ. ئوت قۇرت ئۇيالغىنىدىن دەرھال تالاغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

22 ـ فېۋرال

# ئانا مۈشۈك ۋە ئۇنىڭ ئاسلانلىرى

## شۈي داچېڭ

ئانا مۈشۈك تۇنجى بالىسىنى ئاسلانلاپتۇ، ئۇ، بالىسىغا تولىمۇ ئامراق بولغاچقا، تېزرەك چوڭ بولسۇن دەپ، ئۇنى ئەتىگەندىن كەچكىچە بېلىق بېرىپ بېقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئاسلان يېگەنلىرىنى ھەزىم قىلالماي، قورسىقى كۆپۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئانا مۈشۈك ئىنتايىن پەرىشان بولۇپ، "بالامنى بۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ كەتمىسەم بوپتىكەن" دەپ پۇشايمان قىپتۇ.

ئانا مۈشۈك ئىككىنچى بالىسىنى ئاسلانلىغاندا، بەك ئەتىۋارلاپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، تېزرەك چوڭ بولۇپ، تازا بىر چاشقان تۇتۇش ماھىرى بولسۇن دېگەن ئارزۇ بىلەن، ئۇنى كۈن بويى چېنىقىش، ئۆمىلەش، سەكرەش، ئېتىلىش، ئويان-

بۇيان يۇگـۇرۇشكە رورلاپـتۇ. بىرنەچـچە كۈن ئۆتـمەيـلا، بۇ ئاسـلانمۇ بەك ھېرىـپ كېتىـپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئانا مۇشـۈك يەنە كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، "بالامنى بۇنداق قاتـتىق باشقۇرمىسام بوپتىـكەن" دەپ پۇشايـمان قىپتۇ.

كېيىن، ئانا مۇشۈك ئۈچىنچى بالىسىنى ئاسلانـلاپتۇ. ئۇنى بېلىق بىلەنمۇ باقماپتۇ، چېنىقتۇرۇشقـىمۇ زورلىماپـتۇ، ئۆز مەيلىـگە قويۇپ بېرىـپـتۇ. نەتـىجـىدە ئاسـلان ئاچ قېلـىپ، ئارىـدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوغۇقـتا توڭـلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئاسلانـلار نېمىـشقا ئۇنـداق ئوڭايـلا ئۆلۈپ قالـدۇ؟ ئانا مۇشۈكنىڭ بۇنىڭغا زادىلا ئەقلى يەتمەپتۇ. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئۇزاق ـ ئۇزاقلارغـىچە مۇشۇ مەسىـلىنى ئويلاي ـ دىغان بولۇپ قاپتۇ.

23 ـ فېۋرال

## "تۈلپار"، "لەقۋا كالا" ۋە توشقان

### شۈي خۇەيين

دائىم ئۇقۇرنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىـغان ئات ھەركۈنى تۈگمەن تېـشى تارتىدىـغان كالىـغا تەكەببـۇرلۇق بىلەن:

ــ مەن دېگەن تۈلپارمەن. سەنچۇ؟ سەن پـەقەت تۈگمەن

www.uyghurkitap.com

تېشى تارتىشنىلا بىلىدىغان لەقۋا كالىسەن! — دەپتۇ.

كالا ئۆزىنى ئاقلاپ ئولتۇرماي، تۈگمەن تېشىنى تارتىۋېرىپتۇ. بىراق بىر توشقان بۇنى ئاڭلاپ ئادىللىق بىلەن، — راستىنى ئېيتسام، كالا مىڭلىغان چاقىرىم يوللارنى باستى! تۇلپار، سەنچۇ؟ — دەپتۇ.

"تۇلپار" سەل تۇرۇپ قېلىپ، بىردەمدىن كېيىنلا قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقان هالدا، — ئۇ شۇنچە يولنى باسقىنى بىلەن، مۇشۇ تۈگمەن تېشىدىن نېرى كېتەلمىدى! مەن دېگەن نېمىلا قىلمىغان بىلەن يەنىلا تۇلپار - دە! — دەپتۇ.

توشقان غەزەپ بىلەن يىرماق تۇمشۇقلىرىنى پورۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ئۇ ئۆزىلا تۈمەن مىڭلىغان چاقىرىم يولنى بېسىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تارتقان ئۇنىنى يېگەن ئادەملەرمۇ تۈمەن مىڭلىغان چاقىرىم يولنى باستى! شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ. سەنچۇ؟ كىشىلەر سېنى ئالدىڭدا ماختىغان بىلەن، كەينىڭدە تىللايدۇ! — دەپتۇ.

"تۇلپار" ئىزاغا چىدىماي چىچاڭشىپتۇ:

— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن! مەن دېگەن بەربىر تۇلپارمەن، لېكىن ئۇ بولسا بىر لەقۋا كالا!

24 - فېۋرال

## ئۇرانگۇتاننىڭ ئۆز ئەۋلادىنى يوقلاپ بېرىشى

### پېلىڭ ۋېنشى

تاغدا ياشايدىغان بىر ئۇرانگۇتان ئىنسانلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئۇرانگۇتان ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىلىم - پەن تەرىپىدىن ئىسپاتلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، — مېنىڭ ئەۋلادلىرىم قالتىس يارايدۇ - جۇمۇ! ئۇلار ئاتا - بوۋىسىنى بىر خۇش قىپتۇ، ئەسلىدە بىز ئۇرانگۇتانلار چەكسىز ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنمىز! — دەپتۇ.

ئۇ، ئالدى بىلەن، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا يېقىن بىر كىچىك شەھەرگە بېرىپ ئەۋلادلىرىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ مەن شەھەرگە كىرسەم، ئەۋلادلىرىمنىڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ قارشى ئېلىپ، تازىم قىلىشى، ئاندىن كېيىن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىشى تۇرغان گەپ... دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئويلىغانسېرى خۇشال بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆرە تۇرۇپ، سالاپەت بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

بىراق، ئۇ شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا، كىشىلەر قورقىنىدىن

ئاللا ـ كاللا دېيىشىپ: ”چاتاق بولدى، چاتاق بولدى! ئۇرانگۇتان كەلدى!...“ دەپ ۋارقىرىغىنىچە قېچىپتۇ.

ئۇرانگۇتان: ”ئاتا ـ بوۋا بىلەن ئەۋلادلار ئۇزۇندىن بۇيان يۈز كۆرۈشمىگەن بولغاچقا، ئۇقۇشۇلماسلىق بولۇۋاتسا كېرەك“ دەپ ئويلاپ: ”قورقماڭلار! قورقماڭلا! مەن سىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن قان ـ قېرىنداش ئەجدادىڭلارمەن، مەن ئالايىتەن سىلەرنى يوقلاپ كەلدىم!“ دەپ توۋلىغانچە كىشىلەرگە قولىنى پۇلاڭلىتىپتۇ.

لېكىن، ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالماپتۇ.

ئارقىدىنلا ”پاق ـ پۇق“ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، نېمىدۇ قاتتىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا تېگىشكە باشلاپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ كاللا ـ باشلىرى قانغا بويىلىپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇرانگۇتان ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، ئالمان ـ تالمان كاللا ـ بېشىنى تۇتقانچە قېچىپتۇ، ئۇ يول بويى: ”ھۇ بوۋىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر، ئەۋلادلار ئاتا ـ بوۋىسىنى ئۇرغانمۇ بارمۇ!...“ دەپ نالە قىپتۇ.

ئۇرانگۇتان تاغقا قېچىپ كېتىۋېتىپ، تۈلكىگە ئۇچراپتۇ، ئۇنىڭغا زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىپتۇ.

تۈلكە: ئىنسانلار ئاللىبۇرۇن مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم تاشلىغان تۇرسا، سەن ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغىنىڭ بىلەن تېخىچە ئىپتىدائىي ھالەتتە ياشاۋاتساڭ، ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىلمىغاندىكىن خوپ بوپتۇ! — دەپتۇ.

25 ـ فېۋرال

# مىس قوڭغۇراق

## ياۋ خۇڭيۇەن

مەكتەپ ھويلىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر تۇپ ئېگىز ئارچا بار ئىكەن، ئۇنىڭ سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان غولىدىكى يوغان بىر چوقىمىقىغا بىر مىس قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلغانىكەن.

مەكتەپ ھويلىسىغا جاراڭلىق ئېلېكتر قوڭغۇرىقى ئورنىتىلـ. غاندىن كېيىن، خەقلەرنىڭ مىس قوڭغۇراققا قارىغىلى چولىسى تەگمەيدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى، ئېلېكتر قوڭغۇرىقى مىس قوڭغۇراققا:

ــ قەدىناس قوڭغۇراق، سەن دەۋردىن قېپقالدىڭ، شامالدا سوقۇلۇپ، ئاپتاپتا قاقلىنىپ تۇرىدىكەنسەن، نېمە جاپا ساڭا؟ ــ دەپتۇ.

مىس قوڭغۇراق ھېچنېمە دېمەستىن كۈلۈپلا قويۇپتۇ.

بىر كۈنى، توساتتىن توك توختاپ قاپتۇ. دەرستىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا، ئېلېكتر قوڭغۇرىقى ئاۋاز چىقىرالماي ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا مىس قوڭغۇراق:

ــ ھولۇقمىغىن، مانا مەن بار، ــ دەپتۇ، ئۇزاقلاردىن

بىرى چاڭ ـ توزان بىسىپ كەتكەن قوڭغۇراق: داڭ، داڭ، داڭ قىلىپ ياڭراپتۇ.

26 ـ فېۋرال

## كەچكى شەپەق

### خۇاڭ يۇسەن

كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ، ئۇپۇقنى كەچكى شەپەق قاپلاپ، ئاسمان قىزىللىققا پۈركىلىپتۇ.

تۈن كەچكى شەپەققە:

ــ كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن جاھان مېنىڭ بولىدۇ، سېنىڭ چىققىنىڭ نېمىسى! ــ دەپتۇ.

ــ شۇمۇ گەپ بولدى ـ دە، ــ دەپتۇ كەچكى شەپەق، ــ قارىغىنا پۈتۈن زېمىندا زۇمرەتتەك سۇلار شەپەق نۇرىدا جىلۋىلىنىپ، يېشىل تاغلار نېپىز پەردىگە ئورالدى، ئېتىزدىن قايتقان دېھقانلار مېنىڭ نۇرۇمدا بەھۇزۇر سۇغا چۈمۈلۈۋاتىدۇ؛ بازاردىن قايتقان سودىگەرلەر مېنىڭ نۇرۇمدا ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىنى بېسىۋاتىدۇ؛ گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرى قۇياش ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى مەنزىرىنى گۈزەل كەچكى شەپەق مەنزىرىسى قىلىپ تەسۋىرلىشىدۇ. گەرچە مەن ئىنسانلارغا كۆپ يورۇقلۇق بېرەلمىسەممۇ، لېكىن ئۇلارغا گۈزەل مەنزىرە

قالدۇرۇپ كېتىمەن، شۇنداقمۇ؟

تۇن بېشىنى لىگىشتىپ "شۇنداق" دەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا قىزىل شەپەق پەيدا بولىدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارغا قوشقان ئاخىرقى تۆھپىسى ئىكەن.

27 ـ فېۋرال

## توخۇ بىلەن چوشقا

### ۋۇ چاۋجۇ

بىر چوشقا بىر مېكىيانغا ئۇچراپ قاپتۇ.

چوشقا مېكىيانغا، ــ نېمىشقا كىشىلەر مېنى دائىم دۆت چوشقا دەپ تىللايدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ سەن باشقىلارنىڭلا نەرسىسىنى يەيسەن، شۇڭا تىللايدۇ، ــ دەپتۇ مېكىيان.

ــ ياق، ــ دەپتۇ چوشقا، ــ سەنمۇ خەقنىڭ نەرسىسىنى يەيسەنغۇ، نېمىشقا سېنى ماختايدۇ؟

ــ مەن خەقلەرگە تۇخۇم تۇغۇپ بېرىمەن ئەمەسمۇ، ــ دەپتۇ مېكىيان.

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ، ــ دەپتۇ چوشقا، ــ سەنغۇ مېكىيان،

تۇخۇم تۇغالايسەن؛ بىراق سىلەرنىڭ خورىزلار تۇخۇم
تۇغۇپ بېرەلمىسە، ئۇنى نېمىشقا ماختايدۇ؟

— سەن ئۇنتۇپ قاپسەن، بىزنىڭ خورازلىرىمىز سەھەردە چىللاپ كىشلەرگە ۋاقتنى مەلۇم قىلىپ بېرىدۇ، سەن بولساڭ، يەيمەنلا دەپ تۇرىسەن، كىشلەرگە نەپ بەرمەيسەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ مېكىيان.

28 ـ فېۋرال

## مۇشۇكنىڭ ئويۇن كۆرستىشى

### ۋۇ چاۋجۇ

ئويۇن كۆرستىش سورۇنىدا.

ئىت پۇراشتىن، كالا يالاشتىن، بۆرە چىشلەشتىن، مايمۇن تاتلاشتىن ئويۇن كۆرستىپتۇ. قىسقىسى، ئويۇن شۇنداق قىزىپتۇ.

نۆۋەت مۇشۇككە كەلگەندە، — بىز يۇقىرىدا پۇراش، يالاش، چىشلەش، تاتلاشتىن ئويۇن كۆرسەتتۇق، مۇشۇك يۇقىرىقىلارنى تەكرارلىمايمەن دەيدىكەن، ئېتىلىش، سەكرەش، دومىلاش ۋە ئۆملەشتىن باشقىسىنى قىلالمايدۇ، — دەپتۇ ئىت.

— ياق، — دەپتۇ مۇشۇك قەيسەرلىك بىلەن، — بۇلارنىڭ

ھەممىسنى قىلالايمەن، بىراق، بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ نەزەر دائىرەڭلارنى ئېچىپ قويماقچىمەن!

مۈشۈك ئۇسۇشتىن ئۇمۇر كۆرسەتمەكچى بولۇپ، تامغا بىر ئۇسكەنىكەن، ئۇڭدىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقانلار رەسۋا بولىدۇ، خالاس.

1-مارت

## بۆرىنىڭ تۈلكىدىن قورۇق قىلىشى

### شى فاتيەن

بىركۈنى ئىككى بۆرە بىر تۈلكىنى قوغلاپ كېتىپتۇ، تۈلكە قاچىدىغان يەر تاپالماي، بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋاپتۇ.

بىر بۆرە مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىككى چىقىش ئېغىزى بار، سەن مۇشۇ تەرەپتە قاراپ تۇرغىن، مەن ئۇ تەرەپكە بېرىپ توسۇپ تۇراي، بۈگۈن تۈلكىنىڭ گۆشىنى يېگىنىمىز يېگەن!

ئىككى بۆرە بىردىن ئۆڭكۈر ئېغىزىنى توساپ تۇرۇپتۇ، بىراق شۇنچە تۇرۇپ باققان بولسىمۇ تۈلكە چىقماپتۇ.

بىر تەرەپتىكى بۆرە: ”تېخىچە شەپە يوق، تۈلكىنى چوقۇم ھېلىقى بۆرە تۇتۇۋېلىپ ماڭا دېمەي ئۆزى يەپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

بولسا كېرەك!" دەپ ئويلاپتۇ.

يەنە بىر تەرەپتىكى بۆرىمۇ: "تۈلكىنى ھېلىقى بۆرە تۇتۇۋېلىپ ئۆزى يەۋەتكەن بولمىغىدى" دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى بۆرە بىر-بىرىدىن گۇمانلىنىپ، تۈلكىنى قارشى تەرەپنىڭ يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى تاشلاپ، بىر-بىرىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. دەل بۇ چاغدا، تۈلكە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

2-مارت

## ياغاچ تۇڭ

### جۇرۇڭ كىشىك

بۇرۇن بىر چىرايلىق ياغاچ تۇڭ بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم كۆرسە: "نېمىدېگەن نەپىس تۇڭ!" دەپ ماختايدىكەن. بۇ تۇڭ كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرىدىن كۆرەڭلەپ: "مېنىڭ چىرايلىقلىقىمدا گەپ يوق جۇمۇ" دەپ ئويلايدىكەن.

لېكىن نېمە ئۈچۈندۇ، ئۇنىڭغا ھېلىقى قاپقارا چەمبىرەكلىرى بارغانسېرى سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئۆزىنى بارغانسېرى قىسىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ. ئاخىر چىداپ تۇرالماي غەزەپ بىلەن، — بەللىرىمنى ئەجەبمۇ قىسىۋەتتىڭغا، يوقال

كۆزۈمدىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

لېكىن چەمبەر ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — ئەگەر راستلا مېنى تاشلىۋېتىدىغان بولساڭ، سەن چۇۋۇلۇپ پارە-پارە بولۇپ، كىشىلەر قالايدىغان ئوتۇنغا ئايلىنىپ قالماسەن، — دەپتۇ.

3-مارت

## ئارتىست مايمۇن

### دۇلى

سىرك ئۆمىكىنىڭ بىر مايمۇنى كاتتا بىر ماھارەتنى ئىگىلىۋاپتۇ. ئۇ سەھنىگە چىقىسىلا، شۇنداق ياخشى ئويۇن كۆرسىتىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشەلەيدىكەن.

كۈتۈلمىگەندە بۇ ئارتىست مايمۇن سىرك ئۆمىكىدىن قېچىپ چىقىپ، خۇاگوشەن تېغىدىكى مايمۇنلارنىڭ ئارىسىغا بېرىۋاپتۇ. مايمۇنلار ئۇنىڭ يېڭى ماھارەتلىرىنى ئۆگەنمەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. ئارتىست مايمۇن كۆڭلىدە: "نەزىرى ئېچىلمىغان بۇ ئەبلەخلەرنى ئالدىماق ئاسان، ھۈنىرىمنى ئاشكارىلىمىسىلا، ئۇلار ھېچ نەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ، بىر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مايمۇن پادىشاھى مۇسابىقىسىدا ئۇلارغا كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىپ، بىرىنچىلىكنى ئالىمەن"

دەپ ئويلاپتۇ.

تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن مايمۇن پادىشاھى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، ئارتىست مايمۇن كارامىتىنى كۆرسەتمەك بولۇپ مەيدانغا چۈشكەندە، بۇرۇن ئۆگەنگەن ماھارىتىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ.

4 ـ مارت

## يەلكەن بىلەن ياكور

### جى چيۇ يىلك

يەلكەن ياكورنى كۆزگە ئىلماي، دائىم چەتكە قېقىپ دۈشكۈشلەيدىكەن: "قارىغىنا دۆتلۈكىڭنى، قولۇڭدىن قىلچە ئىش كەلمەيدۇ، كېمىنىڭ ئۈستىدە بىكار يېتىپ، كېمىگە يۈك بولۇپ، ماڭا ئېغىرىڭنى سالىسەن، سېنى قانداقمۇ ماڭا تەڭ قىلغىلى بولسۇن، مەن دېگەن ئېگىزدە تۇرۇپ، كېمىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ بېرىمەن. ئۆزەڭنى ئاپاي دېسەڭ، كېمىدىن چۈشۈپ كەتكىن، مېنىڭمۇ كېمىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمگە ئوڭاي بولىدۇ"

ياكور يەلكەنىڭ سوغۇق گەپلىرىگە پىسەنت قىلماي، بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن ئىشلەۋېرىپتۇ. لېكىن، بىر كۈنى، ياكور

زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ بەختكە قارشى دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. يەلكەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە كۆرەڭلىگەن ھالدا شامالنىڭ كۈچى بىلەن يىراقلاپ كېتىۋېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كېمە يوشۇرۇن خادا تاش رايونىغا كىرىپ قاپتۇ، غايەت زور دولقۇن كېمىگە قاتتىق ئۇرۇلغانىكەن، كېمە ياكورى بولمىغاچقا، تىزگىنسىز قىلىپ، خادا تاشقا سوقۇلۇپ ھالاك بوپتۇ.

يوغانلىقنىڭ دەستىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان يەلكەن ئەمدىلىكتە بىچارە قىياپەتتە سۇنىڭ ئېقىشىغا لەيلەپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ...

5 ـ مارت

## ئات بىلەن تۆگە

### تاڭ گوخەي

ئات بىلەن تۆگە بىر يەردە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ئات تۆگىگە: ــ قەدىناس بۇرادىرىم، سەن ئەجەب سەت ئىكەنسەن! دۈمبەڭگە ئىككى ئۆسمە ئۆسۈپ قالغىنى نېمىسى، مېنىڭچە دوختۇرغا كەستۈرۈۋەتسەڭ بوپتىكەن، ــ دەپتۇ.

تۆگە ئاتقا، ــ قېرىنىدىشىم، سەن قەستەن مېنى ئۆلسۈن

دەۋاتامسەن نېمە، بۇ ئىككى لوكام ھاياتىمنىڭ ئوزۇقلۇق ئامبىرى! — دەپتۇ.

— گۈزەللىك ئۈچۈن قۇربان بېرىش كېرەك-تە! — دەپتۇ ئات.

— ساختا گۈزەللىكنى دەپ ھاياتىمنى قۇربان قىلسام بولارمۇ؟ — دەپتۇ تۆگە سوئال نەزىرىدە قاراپ.

6-مارت

## ئېغىز بىلەن كۆز

### جاۋ يۈيخۇا

ئېغىز بىر دوستىغا گەپ قىلىۋاتقاندا، كۆزمۇ توختىماستىن ئۇيان-بۇيان مىدىراپ دوستلۇق رىشتىسىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. گەپ ئاڭلاۋاتقان دوست كۆزگە تىكىلىپ تۇرغاچقا، ئېغىز سەل خاپا بولۇپ قاپتۇ.

— سەل ئەدەبلىك بول، — دەپتۇ ئېغىز، — مەن دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن، سەن ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتسەڭ، دوستۇم گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ.

كۆز بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىمىرلاپمۇ قويماي، باشقا بىر جايغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئېغىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. گەرچە ئۇ قىنى ـ قىنىغا پاتماي شۇنداق قىزغىن، تەسىرلىك سۆزلىگەن بولسىمۇ، ھېلىقى دوستى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

7 ـ مارت

## چىپار مۈشۈك ھەققىدە ھېكايە

### چۇ يۈەندا

سىم ـ سىم يامغۇردا چىپار مۈشۈك ئۆي لەمپىسىنىڭ ئاستىدا كۆزىنى قىسىپ ئولتۇرۇپتۇ. سېغىزخان بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، ــ مۈشۈك ئاچا، يامغۇردا بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىزغۇ، ــ دەپتۇ.

چىپار مۈشۈك ئۈن دېمەپتۇ. قارلىغاچ كېلىپ ھەيران قالغان ھالدا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــ مۈشۈك ئاچا، يامغۇردا ھۆل بولۇپ كېتىپسىزغۇ، نېمىشقا ئۆيگە كىرىپ كەتمەيسىز، نېمانچە ئەخمەقسىز، ــ دەپتۇ.

چىپار مۈشۈك يەنىلا جاۋاب بەرمەپتۇ، بىر دەمدىن كېيىن كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا، ــ مۈشۈك ئاچا، خىجىل بولماي، ئۆيگە كىرىپ يامغۇردىن دالدىلىنىڭ، ــ دەپ ياخشى نىيەت بىلەن نەسىھەت قىپتۇ. چىپار مۈشۈك كەپتەرنىڭ گېپىگە زادىلا

قۇلاق سالماپتۇ، ئۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، قاراڭغۇ كامارنىڭ ئىچىدىن بىر چاشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. چىپار مۈشۈك ئەمدى ئېغىز ئېچىپتۇ، — دوستۇم، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سەۋر-تاقەت دېگەن بىر خىل گۈزەل خىسلەت، مۇشۇنچىلىك يامغۇرغىمۇ چىداپ تۇرالمايدىغان بولساق، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز!

8-مارت

## تۈلكىنىڭ ئۇستىلىقى

### چۈ يۈەندا

تۈلكە ئىتنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ، ئىت ئۇنى گۆش ۋە سۆڭەك بىلەن كۈتۈپتۇ.

تۈلكە داستىخانغا توخۇ كەلتۈرۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئىتقا، — سەن ھەر كۈنى ئىشىك باقىدىكەنسەن، بۇ خىزمەت تولىمۇ زېرىكىشلىك، مەن سېنىڭ خوجايىنىڭنى تونۇيمەن، سەن ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويااي، گەپ يوق سېنى ئوبدان خىزمەتكە ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ، — دەپتۇ.

ئىت بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتەي دەپتۇ ۋە بىر توخۇنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنى كۈتۈپتۇ. يەپ-

ئېچىپ داستىخاننى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، ئىت، — ئېغىر كۆرمەي ھېلىقى ئىشنى خوجايىنىمغا دەپ قويارسەن، — دەپتۇ.

— قايسى ئىشنى؟ — دەپتۇ تۆلكە.

— خوجايىنىمغا دەپ خىزمىتىمنى ياخشىراق جايغا ئالماشتۇرۇپ قويسەن دېمەكچىمۇ؟ — دەپتۇ ئىت.

— ئۇ چاغدا داستىخاندا توخۇ يوق ئىدى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ تۆلكە كۈلۈپ تۇرۇپ.

9 ـ مارت

## چوشقىنىڭ "ۋەزىپىسى"

### چۇ يۈەندا

چوشقا ئىت بىلەن مۈشۈكنى كۆرۈپ:

— بۇرادەرلىرىم، سىلەرنىڭ ئىشلار بەكمۇ ئاددىي ئىكەن، بىرىڭلار دەرۋازا باقىدىكەنسىلەر، بىرىڭلار ئاشلىق ئىسكىلاتىغا قارايدىكەنسىلەر، مەن بولسام يەپ ـ ئىچىپ بىكار يۈرۈپ، بەگدەك ياشايمەن، مېنىڭ قەدىر ـ قىممىتىم سىلەرنىڭكىدىن نەقەدەر ئۈستۈن ـ ھە! — دەپتۇ.

— ئىشىك بېقىش، ئاشلىق ئىسكىلاتىغا قاراش بىزنىڭ "ۋەزىپىمىز" — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىت بىلەن مۈشۈك.

چوشقا تەكەببۇر قىياپەتتە، ــ ئۇنداق بولسا، مېنىڭ "ۋەزىپەم" نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئىت بىلەن مۈشۈك يەنە، ــ سېنىڭ "ۋەزىپەڭ" يەپ ـ ئىچىپ بىكار يۈرۈپ، ئۆزەڭنى سەمىرتىش، كەلگۈسىدە قۇشخانىغا بېرىپ گېلىڭغا پىچاق يېيىش، ــ دەپتۇ.

ــ قۇشخانا! ــ چوشقا قورققىنىدىن چىرايىدا قان قالماي، چىرقىراپ كېتىپتۇ، ــ مەن ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن...

10 ـ مارت

# قارنى يامان چوشقا

## جاۋ يۈيخۇا

بىر ھايۋانات كەنتىدە پات ـ پاتلا تەبرىكلەش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. مەسىلەن، ئات بىلەن ئېشەك توي قىلغاندا، مېكىيان 20 چۈجە چىقارغاندا، ئۆچكە كۆكتاتتىن مول ھوسۇل ئالغاندا ۋە توشقان يېڭى ئۆي سالغاندا مۇشۇنداق مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەنىكەن.

چوشقا تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ مەزمۇنىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمايدىكەن. بىراق، مۇراسىمغا ھەر نۆۋەت ھەممىدىن بۇرۇن كېلىۋالىدىكەن؛ چۈنكى، ئۇ، مۇراسىمدا تۈرلۈك نازۇ ـ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېمەتلەرنىڭ ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە تازا يەپ-ئىچىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

شۇ يىلى ئەتىيازدا كەنتتە كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ. چوشقىمۇ بىرنەچچە كۈن ئاچ قېلىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتەي دەپتۇ. مانا شۇ چاغدا، سېرىق ئىت سوكۇلداپ چوشقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — كەنتتە چوڭ يىغىن ئېچىلىدىكەن، ھايۋانلار قاتناشمىسا بولمايدىكەن، — دەپتۇ. چوشقا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، سېرىق ئىت بىلەن بىللە يىغىن مەيدانىغا يېتىپ كەپتۇ.

"نېمە بولغاندۇ بۈگۈن؟ يىغىن مەيدانىدا ھايۋانلار بۇرۇندىكىدەك تولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن ھېچقانداق يېمەكلىك يوقتۇ." چوشقا ھايۋانلار ئارىسىدا خېلى ھازاغىچە چىداپ ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئاخىر چىدىماي، سېرىق ئىتنى يىغىننىڭ مەزمۇنىنى سوراپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. سېرىق ئىت ئۇقۇپ كەلگەندىن كېيىن، — ئاشلىق مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدىكەن، — دەپتۇ.

— نېمە؟ ئاشلىق مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنسا، بىرازمۇ يېمەكلىك كۆرۈنمەيدۇغۇ، بۇنى قانداقمۇ ئاشلىق يىغىنى دېگىلى بولسۇن! — دېگىنىچە پۇشۇلدىغان پېتى مەيداندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

11 ـ مارت

# بالا ئېيىق يەنە خاتالاشتى

## شۇي داچېك

ئانا ئېيىق بالىسىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئېتىزدىكى بۇغداي مايسىسىنى كۆرگەن بالا ئېيىق بىلەرمەنلىك قىلىپ، ــ ۋاي ـ ۋۇي! نېمىدېگەن كۆپ كۆدە بۇ، قانداقمۇ يەپ تۈگەتكىلى بولار؟ ــ دەپتۇ.

ئانا ئېيىق ئۇنىڭغا، ــ بۇ كۆدە ئەمەس، بۇغداي مايسىسى، ــ دەپتۇ.

بالا ئېيىق بىلەرمەنلىك بىلەن، ــ مەن بىلىمەن! بىلىمەن! ــ دەپتۇ.

يايلاقتىكى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپنى كۆرگەن بالا ئېيىق ئالدىراپلا، ــ ۋاي ـ ۋۇي! نېمىدېگەن كۆپ بۇغداي مايسىسى، ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ زىرائەت، ــ دەپتۇ.

ئانا ئېيىق يەنە ئۇنىڭغا، ــ بۇ بۇغداي مايسىسى ئەمەس، ئوت ـ چۆپ، ــ دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

بالا ئېيىق ئانىسىنىڭ گېپىنى قۇلىقىغا ياقمىغاندەك، ــ دېمىسەڭمۇ

بىلىمەن! بىلىمەن! — دەپتۇ.

بالا ئېيىق دەريادىكى قويۇق ئۆسكەن جامىكا ئوتلارنى كۆرۈپ يەنە پەلپەتىشلىك قىلىپ، — ۋاي - ۋۇي! ، نېمىدېگەن جىق ئوت بۇ، بېلىق قانداقمۇ يەپ تۈگىتەر ئۇنى! — دەپتۇ.

ئانا ئېيىق ئۇنىڭغا، — بالام، سەن يەنە خاتالاشتىڭ! — دەپتۇ.

كىچىك دوستلار، بالا ئېيىق نېمشقا كۆپ قېتىم خاتالاشتى؟

12 - مارت

## مېكىيانىڭ تۇخۇم تۇغۇشى

### پېلى ۋېنشى

مېكىيان تۇخۇم تۇغۇشتىن ئىلگىرى، ئۆزىنىڭ تۇخۇم تۇغىدىغانلىقىنى بىلىدۇرۇپ قاقىلدايدىكەن. تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ دۇنيادا مەنلا تۇخۇم تۇغالايمەن، دېگەندەك قىلىپ، قاقىلداپ ئۆزىنى ماختايدىكەن.

بىركۈنى، مېكىيان چىشى ئۆردەكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ كاتەكىدىكى بىرمۇنچە تۇخۇمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ سوراپتۇ:

— سەنمۇ تۇخۇم تۇغامسەن؟ قاچان تۇغقان تۇخۇم بۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

— كېچىدە، — دەپتۇ چىشى ئۆردەك.

— سەن كىشىلەرگە ئۆزەڭنىڭ تۇخۇم تۇغقانلىقىنى غارتىلدا ئۇقتۇرۇپ قويامسەن — دەپتۇ مېكىيان.

— ياق، — دەپتۇ چىشى ئۆردەك.

— ئۇنداقتا كىشىلەر سېنىڭ تۇخۇم تۇغقانلىقىڭنى ئۇخىماي قالامدۇ؟ — دەپتۇ مېكىيان.

چىشى ئۆردەك كۆزلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس يۇمۇپ تۇرۇپ، — مەن كېچىدە ئۇن - تىنسىز ئىشلىسەممۇ كىشىلەر تۇخۇم تۇغىدىغىنىمنى بىلىدۇ، — دەپتۇ.

مېكىيان بۇنى ئاڭلاپ خىجىلچىلىقتا كېتىپ قاپتۇ.

13 - مارت

# كوچا چىرىغى

## سۇن چۈەنزى

جاھاننى تۇن پەردىسى قاپلىغاندا، قاتار كەتكەن كوچا چىراغلىرى يېنىشقا باشلاپتۇ. تۇن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، كوچا چىرىغىنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىلساڭ بولامدۇ! كۈندۈزى قۇياش نۇرىدا يورۇقلۇق تارقىتىشقا جۈرئەت قىلالمايسەن، ئەمدى كۈن

ئولتۇرغاندا، ھەيۋە كۆرستىپ قاپسەنغۇ، كۈندۈزى جاسارىتىڭ نەگە كەتكەنتى؟

كوچا چىرىغى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، — كۈندۈزى جاھاننى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياش بوۋامدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىمەن؛ ئاخشىمى قۇياش بوۋامنى دوراپ، ئۇنىڭ پارلاق ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىمەن. مېنىڭ جاسارىتىم قۇياشتىن يورۇقلۇق تالىشىشتا ئەمەس، بەلكى، جاھاننى مەڭگۈ يورۇتۇپ تۇرۇشتا!

14 - مارت

# كىچىك بىر پارچە كۆمۈر

## شۈي رۇنچۈەن

ئوچاقتا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان كۆمۈر پارچىلىرى بىر-بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ، بىر-بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپتۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ يارلىق نۇرى ۋە ئىسسىقلىقىنى قىلچە ئايىماي ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىشقا بەل باغلاپتۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھايات ئەھمىيەتلىك بولىدۇ-دە.

بىراق، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر پارچە كۆمۈر بۇ جەڭگىۋار كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: "بۇ

كىچىككىنە ئۇچاقتا قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا نەپەسىمۇ ئالالمايۋاتى-
مەن، نېمىدېگەن جىددىيچىلىك بۇ، بۇ ئازابقا مەن چىدىيالماي-
مەن" دەپ ئويلاپ، جىنىنىڭ بارىچە تىركىشىپ، لاۋىلداپ
ئوت كۆيۈۋاتقان ئۇچاقتىن بىر سەكرىگەنىكەن، "پاق" قىلدە
قىلىپ مۇزدەك سوغۇق يەرگە چۈشۈپتۇ. ۋاي ـ ۋۇي! نېمىدېگەن
سالقىن نېمىدېگەن راھەت، ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي، ئۆزىنىڭ
كارامىتى ئۈچۈن ماختىنىپتۇ.

ھەمراھلىرى كىچىك كۆمۈر پارچىسىنىڭ سەكرەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال:

ــ كۆمۈر ئۇكام، تېز قايتىپ كەلگىن! توپتىن ئايرىلساڭ، زىيان تارتىپ قالىسەن"، ــ دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ، ھەمراھلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە:

ــ تېز ئۇچاقتىن چىقىپ سەكرىگەنلىكىڭلار، باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەش ئەخمەقنىڭ ئىشى، ــ دەپتۇ.

بۇ كۆمۈر پارچىسى بىردەمدىن كېيىنلا ئاستا ـ ئاستا نۇرى ۋە ئىسسىقلىقىنى يوقىتىپ، قاپقارا شاخارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. يەنە ئۇزاق ئۆتمەيلا كىشىلەر ئۇنى ئەخلەت ئارىسىغا سۈپۈرۈپ تاشلاپتۇ.

15 ـ مارت

# شېغىل تاش

## شۈي رۇنچۇەن

بىر دانە تاش تۇخۇمغا، ــ دوستۇم، سېنىڭ شاكىلىلىك مېنىڭ- كىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، نېمىشقا بىرنەرسىگە تېگىپلا كەتسەڭ ئوڭاي چېقىلىپ كېتىسەن؟ قارىغىنا مەن يەرگە چۈشۈپ كەتسەممۇ ھېچ نەرسە بولمايمەن، ــ دەپتۇ.

تۇخۇم، ــ سەن قاتتىق تۇرساڭ، مېنى قانداقمۇ ساڭا سې- لىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا مېنى "غوجا ئاكا" دەپ چاقىر ئەمسە! ــ دەپتۇ تاش كۆرەڭلەپ.

ــ بۇنداق دېسەم... ــ دەپتۇ تاش، ــ سەن تۇخۇم بولمى- ساڭ، "غوجا ئاكا" دېسەم قانداق بولىدۇ؟

ــ كىم مېنى تۇخۇم ئەمەس دەيدۇ؟ ــ دەپتۇ تاش چىچاڭشىپ.

"مۇنداقكەندە!" دەپ ئويلاپتۇ تۇخۇم ئۇنىڭ قارىماققا قاتتىق تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىر "لەقۋا" ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

16 ـ مارت

# ئالتۇن دەۋر

## گې بىلق

بۇرۇن بىر تالانتلىق ياش رەسسام ئۆتكەنىكەن، ئۇ تۇرمۇشى جاپالىق بولسىمۇ، ناھايىتى تىرىشچان ئىكەن. ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ رەسىم سىزىشنىلا ئۆگىنىدىكەن، ھېچقانداق ئوي ـ خىيالدا بولمايدىكەن، ئۇ نۇرغۇن چىرايلىق رەسىملەرنى سىزىپتۇ.

ئۇ ئاخىر داڭ چىقىرىپتۇ، نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ.

ئۇ خۇشاللىقىدىن پۇللىرىنى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ماختانغان ھالدا، ــ قاراڭ، مېنىڭ ئالتۇن دەۋرىم ئاخىر باشلاندى ـ ئەمەسمۇ! ــ دەپتۇ.

ــ ياق، ــ دەپتۇ پېشقەدەم رەسسام غەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، ــ توغرىسىنى ئېيتقاندا سېنىڭ ئالتۇن دەۋرىڭ ئاخىرلىشىپتۇ!

17 ـ مارت

# ئۆمۈچۈكنىڭ بېلىق تۇتۇشى

## ۋۇ جيەن

بىركۈنى، ئۆمۈچۈك كۆلچەككە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تور باغلاشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. پاقا بۇنى كۆرۈپ، پولتىيىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھەيران قالغان قىياپەتتە، — ئۆمۈچۈك بۇرادەر، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تور تارتىپ بېلىق تۇتىمەن، — دەپتۇ ئۆمۈچۈك ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— بۇ تور بىلەن قانداقمۇ بېلىق تۇتقىلى بولسۇن؟ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن بېلىق تورى بولۇشى لازىم. ئۆمۈچۈك تورىدا ھاشارەتتىن باشقىسىنى تۇتقىلى بولمايدۇ! — دەپتۇ پاقا نەسىھەت قىلىپ.

— نېمىشقا بېلىق تۇتقىلى بولمايدىكەن، بۇمۇ تورغۇ، بېلىق تورى بىلەن بېلىق تۇتقىلى بولغاندىكىن، مېنىڭ تورۇمدىمۇ چوقۇم تۇتقىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ تورۇم ھاشارەت تۇتالايدۇيۇ، نېمىشقا بېلىق تۇتالمايدىكەن، — دەپتۇ ئۆمۈچۈك ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشەنچ باغلاپ.

پاقا ئۇنى قايىل قىلالماي، — ئىشەنمىسەڭ، سىناپ كۆرۈپ باق، — دەپتۇ ۋە كېيىنى تۈگىتىپلا ئۇزۇن پاچاقلىرىنى سوزۇپ بىر سەكرەپلا كۆلچەككە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۆمۈچۈك كۆلچەك بويىدا بىر كۈن ئاۋارە بوپتۇ. دېگەندەك بېلىق ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر تال راكمۇ تۇتالماپتۇ. ئۇ ئەمدىلىكتە: "پاقا قېرىندىشىمنىڭ دېگىنى راستمۇ نېمە؟" دەپ ئۆزىنىڭ قىلغىنىدىن گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ.

**18- مارت**

## ئەگىمە تاش كۆۋرۈك بىلەن ھەسەن-ھۈسەن

### جۇ يۇتۇ

يامغۇردىن كېيىن، ئاسمان تېخىمۇ سۈزۈلۈپ، بۇلۇتلار پاختىدەك ئاپئاق تۈس ئاپتۇ. كۈن ئولتۇرۇش تەرەپتىن چىققان رەڭدار ھەسەن-ھۈسەن خۇددى يىراقتىكى تاغلارنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇپ قويۇلغان رەڭدار كۆۋرۈكتەك ئاسمانغا ئاجايىپ ھۆسن قوشۇپتۇ.

دەريانىڭ ئىككى قېتىنى تۇتاشتۇرۇپ جىم ياتقان كونا بىر ئەگىمە تاش كۆۋرۈك ياش ھەم گۈزەل ھەسەن-ھۈسەنگە قاراپ ھەسرەت چېكىپتۇ: "مېنىڭ ئومۇرتقا-ئۇگىلىرىم بارغان-

سىرى ئېگىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ھاياتىمنىڭمۇ پەيزى قالمىدى، بۇنداق ئۈن-تىنسىز ياشاشىنىڭ قانداق قىممىتى بولسۇن؟ قاراڭلارچۇ ئاۋۇ ھەسەن-ھۈسەنگە، نېمىدېگەن گۈزەل، ئادەمنىڭ نەقەدەر مەسلىكىنى كەلتۈرىدۇ-ھە! ئەمدى مەن...“

بىر دېھقان بوۋاي بۇ كۆرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تەسەللى بېرىپ:

”ئېھ كۆۋرۈك، سەن دېگەن نى-نى جۇدۇن-چاپقۇنلارنى، جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردىڭ، نى-نى بوران-چاپقۇنلارغا، كەلكۈن سۇلارغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدىڭ، سېنىڭ يەتكۈزگەن پايداڭنى كىشىلەر مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ؛ ھەسەن-ھۈسەن بولسا قۇياش نۇرىنىڭ يارىدىمى بىلەن شۇنداقلا بىر كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزەڭنى كەمسۇندۇرغۇدەك نېمىسى بار، — دەپتۇ.

تاش كۆۋرۈك دېھقان بوۋاينىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق خىجىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە جىمجىت سوزۇلۇپ يېتىپ، ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

19 ـ مارت

# دېڭىز قۇلۇلىسى

## سەي جىېنشىڭ

پايانسىز دېڭىزدا، ئاكۇلا بېلىق ھەيۋە كۆرسىتىپ ئۇيان ـ بۇيان شۇڭغۇپ يۈرىدىكەن، ئۇچار بېلىق پىلتىڭشىپ ئوينايدىكەن، ترىپانگا جان بېقىش كويىدا مۈكۈپ يۈرىدىكەن، لېكىن مارجان خادا تاش رايونىدا گۈزەل ھەم تىنچ بىر پادىشاھلىق دۆلىتى بار ئىكەن، بۇ يەردە مەرۋايىت قۇلۇلىسى جاپالىق ئىشلەپ، پارقىراق ھەم سۈزۈك ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەيدىكەن، ھەممىدىن بەك كۆزگە چېلىقمايدىغىنى دېڭىز قۇلۇلىسى ئىكەن، ئۇ بەش يىل قىمىر قىلماي، ئۈن دېمەي، ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ نەپەسلىنىدىكەن، ئۇنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى گەپ يوق بىرچى كېلىدىكەن. بىركۈنى، دېڭىز ئاستىدا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرگەن ئافرىقا تاپان بېلىقى ئالا ـ چىپار گەۋدىسىنى ئىغاڭشىتىپ كېلىپ، ھېسداشلىق بىلەن:

— دېڭىز قۇلۇلىسى، سەن ئۆمۈر بويى ھېچ ئىش قىلماي ئۈن ـ تۈنسىز ياشامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ دېڭىز قۇلۇلىسى دىققىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن

بەلاسوپىلاردەك ئېغىز ئېچىپ، — مەن دېڭىزنىڭ ھەيۋەتلىك قايناملىرىدىن نەپەسلىنىپ، دېڭىزغا خاس روھ، جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن تاۋلىنىپ تۇرىمەن، كىشىلەر مېنى بۇرغا قىلىپ چالغان ھامان، گۈلدۈرمامىدەك يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىمەن، دۈشمەننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، جەڭ-چىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىمەن!

20-مارت

## تاغ چوققىسىدىكى كىچىك تاش

### ۋۇ جيەنبو

تاغنىڭ چوققىسىدا بىر پارچە كىچىك تاش بار ئىكەن. بۇ تاش، مەن باشقىلاردىن ئېگىزدە تۇرىدىكەنمەن، دەپ ئويلاپ، كۆچىنىڭ بارىچە ماختىنىپ، — قاراڭلار، بۇ تاغ ھەرقانچە ئېگىز بولغىنى بىلەن، مېنىڭ ئايىغىمدا تۇرىدۇ! — دەپ تۇۋلاپتۇ.

تاغ ئۈن دېمەپتۇ.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار بۇ كىچىككىنە تاشنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇنى راسا بىر ئەدەبلەپ قويۇش ئۈچۈن، تازا قاتتىق يامغۇر ياغدۇرۇپتۇ...

ھېلىقى تاش يامغۇرنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي،

تاغنڭ چوققسدن دوملاپ چۈشۈپ كېتپتۇ. ئۇ يەرگە چۈشكەندە، باش-كۆزلرى يېرلپ باشقا برنەرسگە ئوخشاپ قاپتۇ.

21-مارت

# ئۆردەكنڭ قۇلۇلە قېپى يېيشى

## شي فەن

بركۈنى، ئككى ئۆردەك ئەخلەت ئارسدن بر دۆۋە قۇلۇلە قېپى تېپۋاپتۇ.

— كارامەت زور بايقاش بولدى بۇ، تۆھپە ساڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ ئالدى بلەن ”ئا“ ئۆردەك گەپنى باشلاپ.

— ئككمز شۇنچە يىللار برگە ئشلەپ كەلدۇق، سېنڭ-مېنڭ دېگۈدەك نېمسى بار، — دەپتۇ ”ب“ ئۆردەك ئرەڭشمگەن قىياپەتتە.

”ئا“ ئۆردەك بلەن ”ب“ ئۆردەك قۇلۇلە قاپلرنى ئككى تەرەپلەپ يۇتۇشقا باشلاپتۇ.

— مېنڭچە، بۇنڭ ئوزۇقلۇق ماددسى چوقۇم ئنتايىن مول بولسا كېرەك، — دەپتۇ ”ئا“ ئۆردەك يەنە سۆزنى باشلاپ.

— باشقىسىنى دېمەيلا قوياىلى، قاپنىڭ تەمىمۇ قالتىس ئىكەن! — دەپتۇ "ب" ئۆردەك بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئۇلار باش كۆتۈرمەي تازا ئىشتەي بىلەن يەپتۇ، قاتتىق قۇلۇلە قاپلىرى ئۇلارنىڭ كانىيىنى غاجاپ ئۆتۈپ، قورساقلىرىنى ئاغرىتىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ پەيلىرى تىك بولۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلاپتۇ.

ئۇلار بىرپەس ھەپىلىشىپ ئاخىر بىر دۆۋە قۇلۇلە قېپىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار "غاق، -غاق -غاق" قىلغىنىچە خوش-لىشىپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىغاڭشىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەخمەق ئۆردەكلەر بىر ھۇججەت خالتىسىنى قىلچە قىممىتى يوق كېرەكسىز قەغەز بىلەن توشقۇزۇۋالغاندەك، شۇنچە كۆپ قۇلۇلە قېپىنى يېگەن بولسىمۇ، ئازراقمۇ ئوزۇقلۇق ئالالماپتۇ.

22 - مارت

## سۇ پومپىسى

### خۇ يىڭنەن

سۇ پومپىسىنىڭ دەريادىن سۇ تارتىۋاتقىنىغا بىرنەچچە كۈن بوپتۇ.

دەريا ئۇنىڭغا كايىپ، ــ ھەي قارا قورساق سۇ پومپىسى، نېمانچە ئاچكۆز نېمسەن، بۇنداق جىنىڭنىڭ بارىچە تارتىپ، مېنى قۇرۇتىۋېتەي دەمسەن؟ ــ دەپتۇ.

سۇ پومپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ مېنىڭ ھە دەپ سۇ تارتىشىم ئۇسساپ كەتكەن زىرائەتلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈندۇر. بىر تېمىم سۈيىمۇ ئۆزەمگە ئىشلەتمەيمەن، كايىساڭ ئۆزەڭنىڭ ئاغزى، مەن خىجىل بولغۇدەك ئىش قىلمىدىم، ــ دەپتۇ.

23 ـ مارت

## ئالىم بىلەن دېھقان

### جۇڭ يوي

بىر دېھقان تۆگمەن سۆرىتىش ئۈچۈن بىر ئېشەك سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇپتۇ.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئالىم بۇنى كۆرۈپ، ــ نېمىشقا ئېشەكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويىدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئېشەك تۆگمەننى سۆرەپ ماڭسا، قوڭغۇراق جىرىڭلايدۇ. ناۋادا قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى توختاپ قالسا

قالسا، ئۇنىڭ ھورۇنلۇق قىلىپ ماڭمىغانلىقىنى بىلىۋالـ
مەن ـ دە، ئۇنى قامچىلايمەن، ــ دەپتۇ دېھقان.
ــ ناۋادا ئۇ ماڭماي، جايىدا تۇرۇپ بېشىنى چايقاۋەرسە،
قوڭغۇراقمۇ جىرىڭلاۋېرىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ ــ دەپتۇ
ئالىم كۈلۈپ تۇرۇپ.
ــ بەللى، ئەپەندىم، سىزچىلىك كاللىسى ئىشلىسە، ئۇنى
ئېشەك دېمەيمىز ـ دە! ــ دەپتۇ دېھقان كۈلۈپ كېتىپ.

24 ـ مارت

## ئادەمگە باھا بېرىش

### شۈي داچىڭ

مۈشۈك، ئۆچكە، خوراز ۋە غاز تۆتى بىللە ساياھەتكە
چىقىپ، يولدا ئۇچرىغان بىر ئادەمگە باھا بېرىشكە باشلاپتۇ.
ــ مېنىڭچە، بۇ ئادەم خېلى كېلىشكەن ئادەمكەن،
شۇغىنىسى ساغرىسىدا قۇيرۇقى يوق ئىكەن، ــ دەپتۇ مۈشۈك.
ــ بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىغۇ بولىدىكەن، بېشىدا ئىككى تال
مۈڭگۈزى بولغان بولسا، تېخىمۇ چىرايلىق بولاركەن، ــ دەپتۇ
ئۆچكە.
ــ مەن ئىككىڭلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، بىراق،

چىرايلىق ئىككى قانىتى بولغان بولسا بوپتىكەن، — دەپتۇ خوراز.

— مەنمۇ بىراز تولۇقلاپ قوياي، بويىنى ئۇزۇنراق بولغان بولسا تېخىمۇ چىرايلىق بولاتتىكەن، — دەپتۇ غاز.

ئادەم دېگەن بەرىبىر ئادەم – دە، ئەگەر ئادەم بۇ جانىۋارلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولىدىغان بولسا، نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ؟

25 - مارت

## پالتا بىلەن ئىسكىنىنىڭ ماختىنىشى ۋە قايغۇرۇشى

### چېن بوچۇي

تاغدىكى چوڭ - كىچىك تاشلار خۇمداننىڭ يېنىغا يۆتكەپ كېلىنىپتۇ.

پالتا بىلەن ئىسكىنىمۇ بىر ياقىغا تاشلاپ قويۇلۇپتۇ، ئۇلار ئۇن چىقارماستىن يەردە يېتىپتۇ. ئۇلار بۇنداق ئىشنى بەرۇنمۇ بېشىدىن كۆپ كەچۈرگەن بولغاچقا، بۇنىڭغا ھەيران قالماپتۇ.

پالتا ئۇھ تارتىپ، — بىز باشقىلارغا زىيانلىق ئىش قىلىپ قويىدۇق، — دەپتۇ.

ئىسكىنە بىچارە قىياپەتتە ئاچچىقلىنىپ سۆز قىستۇرۇپ-

تۇ، ـــ بىزگە نېمە ئامال...

تاشلار خۇمدانغا تاشلىنىپ ئوتتا كۆيدۇرۇلۇپتۇ. دۆۋە ـ دۆۋە تاشلار بىردەمدىلا دۆۋە ـ دۆۋە كۆكۈمگە ئايلىنىپتۇ.

پالتا تولىمۇ تەسىرلەنگەن هالدا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن غىڭشىپتۇ:

چىقىدۇ تاغ تەكتىدىن كۆرمىگەن مىڭ مىڭ مىسران بىلەن،
ئانچىكىم ئىشتۇر ئاڭا كۆيسە ھولا ـ گۈلخان بىلەن.
كى كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتكەندىمۇ ۋايىم يېمەس،
ئاقلىقنى ئالەمگە بەخش ئەتسەم دېگەن ئارمان بىلەن.

ئىسكىنە بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بوپتۇ، لېكىن بۇ شېئىرنى كىم يازغانلىقى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىكەن. پالتا ئىختىيارسىز هالدا بۇ شېئىرنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىغاندا، ئىسكىنىمۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ئەگىشىپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ...

26 ـ مارت

## دۇربۇن بىلەن ساياھەت ئايىغى

### كې يۈيشېڭ

تامغا بىر دۇربۇن ئېسىپ قويۇلغانىكەن، كارىۋات ئاستىدا بىر جۈپ ساياھەت ئايىغى تۇرغانىكەن.

دۇربۇن ئېگىزدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، ئۇ، ساياھەت ئايىغىنى مەنستىمىگەندەك قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— تازىمۇ نەس باسقانكەن سېنى، ئۆمۈرۋايەت يەردە سۆركىلىپلا يۈرىدىكەنسەن. مەنچۇ، ئۇرۇش ۋاقتىدا خوجايىنىمنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بازىسىنى كۆزىتىشكە ئەسقاتقانىدىم، ھازىر خوجايىنىمغا ھەمراھ بولۇپ سىرتقا چىقىپ ئويۇن-تىياتىر كۆرۈشۈپ بېرىۋاتىمەن ۋە ساياھەت قىلىشىپ بېرىۋاتىمەن، ھېچقاچان ئۆزەمنىڭ كۆچىنى سەرپ قىلىپ باقمىدىم. مەن بولمىغاچقا، خوجايىنىم نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرۈۋاتىدۇ، يىراقنى كۆرۈۋاتىدۇ.

— دۇرۇس، بۇ سېنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭ، — دەپتۇ ساياھەت ئايىغى مۇلايىملىق بىلەن، — بىراق ئۆزەڭنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن سېلىشتۇرساڭ بولمايدۇ-دە! قانچە ئېنىق، قانچە يىراقنى كۆرگىنىڭ بىلەنمۇ، كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىسەن، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، يەنىلا ماڭا تايىنىپ، قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بولمىسا مەڭگۈ كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ.

27 ـ مارت

# بىر تۈپ كۆچەت

## شۈي يۇڭخېڭ

بىر تۈپ كۆچەت بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ تېگىدە ئۆسكەچكە، ئۇنىڭغا يامغۇر، شامالمۇ تەگمەيدىكەن، ئاپتاپمۇ چۈشمەيدىكەن، شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ راھەت ھېس قىلىدىكەن، بىركۈنى ئانا دەرەخ بۇ كۆچەتكە، ــ بالام، ئەمدى خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، سىرتقا چىقىپ بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىڭدىن كەچۈرۈپ، نەزىرىڭنى ئېچىپ، مۇستەقىل ياشىشىڭ كېرەك، ــ دەپتۇ. كۆچەت ئانىسىغا:

ــ ياق، سىرتقا چىقمايمەن، بوران ـ يامغۇرغا ۋە قىزىق ئاپتاپقا قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن؟! سىزنىڭ قوينىڭىزدىنمۇ ياخشى يەر بولامدۇ؟ مەن مەڭگۈ سىزدىن ئايرىلمايمەن، ــ دەپتۇ. ئانا دەرەخ بۇنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ بىر تىنىپ قويۇپ:

ــ ھەي، بالام، بۇنداق قىلساڭ، مەڭگۈ يېتىلەلمەيسەن، ــ دەپتۇ. كۆچەت ئانا دەرەخنىڭ گېپىگە رازى بولماي، ئانىسىدىن ئايرىلىشقا ئۇنىماپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپتۇ، كۆچەت

www.uyghurkitap.com

بىلەن قۇرداشلارنىڭ ھەممىسى چوڭ دەرەخ بولۇپ يېتىلىپ، بەزىلىرى ياراملىق ماتېرىيال بولۇپ قاپتۇ. بىراق، چوڭ دەرەخنىڭ تېگىدىكى ھېلىقى كۆچەت ھېچقانچە چوڭىيالماپتۇ. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك پاكار، ئىنچىكە، شاخلىرى شالاڭ، يوپۇرماقلىرى سارغايغان پېتى ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە تۇرۇپ قاپتۇ.

راھەت-پاراغەتكىلا بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ.

28-مارت

## پاقا يوپۇرمىقى

**شى يى**

نەنلىڭدا بىر كۆنگەي يوتا بار ئىكەن، يوتىدا مىتاسكۆيا، ئۆزۆم، خەنجەر يوپۇرماقلىق كەندىر ۋە پاقا ئوتى ئۆسىدىكەن. بىرچاغلاردا، كىشىلەر مىتاسكۆيانى كېسىپ مۇستەھكەم لىم قىلىپتۇ، ئۆزۆمنى ئۆزۆپ ھاراق ئېچىتىپتۇ، كەندىرنى ئورۇپ چىرايلىق رەخت توقۇپتۇ، پەقەت پاقا يوپۇرمىقىلا تاغ يوتىسىدا ئۆزى يالغۇز قاپتۇ.

پاقا يوپۇرمىقى كۆڭلى پەرىشان بوپتۇ، ھەم ئۈمىدسىزلىنىپتۇ،

تۇرۇپ مەن ئەجەبمۇ بىتەلەي ئىكەنمەن دەپ ھەسرەتلەنسە، تۇرۇپ رىئاللىقتىن نارازى بوپتۇ. بۇ چاغدا بىر تورغاي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— سەن دۇنيادىن ۋە ئىنسانلاردىن ئاغرىنما، ئۆزەڭنى كەمسىتىپ، ھەسرەت چېكىپمۇ يۈرمە، راستلا قىممىتىڭ بولسا سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇرساڭ، كىشىلەر چوقۇم سېنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ! — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

راست دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر دورا يىغقۇچى تاغقا كېلىپ، پاقا يوپۇرمىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا، — پاھ، پاقا يوپۇرمىقى دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ، بۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، بەلغەمنى بوشىتىدۇ! — دېگىنىچە پاقا يوپۇرمىقىنى سېۋىتىگە سېلىشقا باشلاپتۇ.

29 - مارت

## بامبۇك تاياق بىلەن بامبۇك ئارغامچا

### مادا

ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا بىر جىلغا بار ئىكەن، بىرنەچچە بامبۇك سال سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ كېتىۋاتقانىكەن. سالچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بامبۇك تاياقنى ھېلى ئۇڭغا، ھېلى سولغا تىيىپ، شىددەتلىك ئېقىندا كېلىۋاتقانىكەن.

بىر سالدىكى بامبۇك تاياق ئۆزىنى سالغا مەھكەم باغلاپ تۇرغان بامبۇك ئارغامچىغا، — ئىككىمىز بىر تۇغقان قېرىنداشقۇ، مېنى نېمانچە چىڭ بوغۇۋالىسەن؟ خۇش بولۇپ كېتەي، مېنى قويۇۋەتسەڭچۇ! — دەپتۇ.

بامبۇك ئارغامچا، — مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم سىلەرنىڭ كەڭ ئېقىندا شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىشىڭلار ئۈچۈن! مۇشۇنچىلىك بوغقانلىغا چىدىمىساڭ، قانداقمۇ ياراملىق بولۇپ چىقالايسەن؟ — دەپتۇ.

بامبۇك تاياق پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشىپ، ئاخىر ئارغامچىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن تولغىنىچە سالدىن ئايرىلىپ، تېزگىنىدىن ئاجرىغان ئاتتەك يىراقلارغا كېتىپتۇ. ئۇ، ئېقىننىڭ بۇرۇلىدىغان يېرىگە كەلگەندە بىر يوغان تاشقا سوقۇلۇپ، قاراس-قۇرۇس قىلىپ بىرنەچچە يېرىدىن سۇنۇپ، سۇنىڭ لېۋىدىكى شاخ ۋە ئوت-چۆپلەرگە ئىلىنىپ قېلىپ، قىمىر قىلالماس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ، سان-ساناقسىز سالنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىن تېز-تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىر ھەسرەت چېكىپتۇ.

30 ـ مارت

# چوشقا بىلەن ئاتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەۋىسى

## شى فاتيەن

ئات دەرەخ سايىسىدا خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، يېنىغا بىر چوشقا كېلىپ قاپتۇ. ئات ئۇنىڭدىن:

— بۇرادەر، قاياقتا كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

چوشقا خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا، — مەن ئوبدان بىر جاينى تاپتىم، ئىسسىلىكىدە گەپ يوق! يۈرە، مەن بىلەن بىللە بېرىپ نەزەر دائىرەڭنى ئېچىۋالغىن! — دەپتۇ.

ئات ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر سېسىق ئازگالنىڭ يېنىغا كەلگەندە، چوشقا قەدىمىنى توختىتىپ، — قانداقكەن؟ — دەپتۇ.

ئات ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغىچە، چوشقا تەقەززالىق بىلەن ئازگالغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ، ئۇ، سېسىق ئازگالنى بۇرنى بىلەن تۇرتىپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە ئىچىدىغان، يەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى بار، ھەم سالقىن، ئاجايىپ راھەت، بۇنداق ئوبدان جاي جاھاننىڭ ھېچ يېرىدىن تېپىلمايدۇ، چاققان چۈشكىن، — دەپ چاقىرىپتۇ ئاتنى.

ئات تولىمۇ مەيۈسلىنىپ، غەزىپى بىلەن:

— بولدى قوي، بۇرادەر! سەن سىپىسىق ئازگاللىنى ياقتۇرغىنىڭ بىلەن، مەن جەڭ مەيدانىغا تەلپۈنىمەن. سىپىنىڭ ئارقىڭدىن مۇشۇنداق پاسكىنا يەرگە كېلىپ ئەجەبمۇ ئەخمەقلىق قىپتىمەن، — دەپتۇ.

31-مارت

## ئەزەلدىن قۇيرۇق چىقىپ باقمىغان پاقا

### چىن نەيشىالى

بىر توپ قۇمچاق كۆلچەكتە قۇيرۇقلىرىنى پالاڭلىتىپ، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، قىن-قىنىغا پاتماي ئويناۋاتقانىكەن.

— ئۇياتىنى بىلمەيدىغان شۇمتەكلەر، ساراڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ! — دەپتۇ سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن قۇمچاقلارغا پاقا ھېچ ئىشتىن-ھېچ ئىش يوقلا قاتتىق كايىپ.

— ما گەپنى كۆرۈڭ، ئويۇن-تاماشا قىلىشمۇ ئۇيات بولامدىكەن؟ — دەپتۇ قۇمچاقلار ئۈزۈشنى توختىتىپ ھەيرانلىق بىلەن.

— سەتلىشىپ قۇيرۇقۇڭلارنى سۆرەپ پالاڭشىپ يۈرگىنىڭلار نىمىسى، نىمەدىگەن ئۇيات بۇ! — دەپتۇ پاقا، — مىنىڭ قۇمچاق ۋاقتىمدا بۇنداق غەلىتە قۇيرۇقۇم يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— سز ئاتمىزغا راستلا قۇيرۇق چىقىپ باقمىغانمىدى؟ — دەپ ئەتەي سوراپتۇ قۇمچاق بىلىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق بولمايچۇ! — دەپ كېسىپ ئېيتىپتۇ پاقا.

— ھا - ھا - ھا! — كۇلۇشۇپتۇ قۇمچاقلار تەڭلا، — ئۇنداق بولسا، سىز پاقىلار ئاتىلىسىنىڭ ئەزاسى بولماستىن، ئاسماندىن چۈشكەن غەلىتە مەخلۇق ئىكەنسىز.

— ئىش قىلىپ ماڭا قۇيرۇق چىقىپ باقمىغان، ئىشەنمىسەڭلار، ئارقامغا قاراپ بېقىڭلار، سىپسىلىق، يۇپيۇمىلاق تۇرمامدۇ؟ — دەپتۇ پاقا ئۈنلۈك ئاۋازدا، ئۇ ئۆزىنى بۇ مۇنازىرىدە پۈتۈنلەي يەڭگۈچى دەپ قاراپتۇ.

1 - ئاپرېل

## ئەششاپتۇل ھەققىدە ھېكايە

### شۇي رۇنچۇەن

ئەششاپتۇل كېسەل بولۇپ قاپتۇ، شاخ - يوپۇرماقلىرى ساماندەك سارغىيىپتۇ، قوۋزىقىمۇ ئۇۋۇلۇپ يەرگە توكۇلۇشكە باشلاپتۇ، تومۇر تۇمشۇق ئۇچۇپ كېلىپ:

— مەن كېسىلىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ ۋە ئىسكىنىدەك تۇمشۇقى بىلەن دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى چوقلاپ تېشىپ،

كىچىك قۇرتلارنى بىر تال ـ بىر تالدىن چىشلەپ چىقىرىپتۇ.

ئەششاپتۇل ئاغرىقتا چىدىيالماي، — ۋايجان، ئاغرىتىپ جىنىمنى ئالدىغان بولدۇڭ! مېنىڭ كېسىلىم يوق، بولدى ئاقساقاللىق قىلماي ئىشىڭنى قىل، — دەپتۇ.

تۆمۈر تۇمشۇق نائىلاج قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، سوپىسوپىياك كېلىپ، ياخشى نىيەت بىلەن، — ئەششاپتۇل، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مەن سىزگە بىر نەچچە ناخشا ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ ۋە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئەششاپتۇل سوپىسوپىياكنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ، بىرئاز ئارام تاپقاندەك بوپتۇ، ئاغرىق ئازابىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يىغىم مەزگىلىمۇ كەپقاپتۇ. بۇ ئەششاپتۇلنىڭ مېۋىسى كىچىك ھەم ئاز بولۇپ قاپتۇ. مانا شۇ چاغدىلا تۆمۈر تۇمشۇق ئۇنىڭ يادىغا يېتىپ: "ئاغرىقتىن قورقۇپ داۋالىنىشتىن قاچمىسام بوپتىكەن، بۇ ساۋاقنى مەڭگۈ ئېسىمدە تۇتۇشۇم كېرەك!" دەپ ئويلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئاق تېرەك

## چېن شىنباۋ

تۆپتۈز، ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ ئاق تېرەك بولۇپ، ئۇنى كىملا كۆرسە ماختايدىكەن. "پاھ، قالتىس ئۆسۈپتىمەن جۇمۇ، تازا ياراملىق ماتېرىيال بولغۇدەكمەن!" تېرەك خۇشاللىقىدا شىلدىرلاپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپتۇ.

بىر تۆمۈر تۇمشۇق تېرەككە قونۇپ، بىر قۇر تەكشۈرۈپ باققاندىن كېيىن:

— تېرەك ئۇكام، تېنىڭدە قۇرت بار ئىكەن، داۋالىتىۋالغىن! — دەپتۇ.

تېرەك خاپا بولۇپ، — ھەممەيلەن مېنى ماختاۋاتسا، سەنلا مەندىن چاتاق تېپىۋاتىسەن، تازىمۇ ئەسكى بىرنېمە ئىكەنسەن! — دەپتۇ.

— تېنىڭدە راستلا قۇرت بار ئىكەن، تېز داۋالىتىۋالغىن! — دەپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق.

تېرەك: "شۇنچە قاۋۇل تۇرسام، قۇرت نېمىش قىلسۇن، خەقلەر ئاڭلىسا، نېمىدېگەن سەتچىلىك" دەپ ئويلاپ، دەرھال بېشىنى چايقاپ، — چاتىقىڭ بولمىسۇن، ئىشىڭنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىل، ــــ دەپتۇ.

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ، تېرەكنىڭ تېنىدە قۇرتلار ئاۋۇشقا باشلاپتۇ، تېرەك ئاغرىق ئازابىدىن بارا ـ بارا كۆرۈمسىز ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ: "ھەي! ئوتۇندىن باشقىسىغا يارىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ" دېيىشىپتۇ.

تېرەك مانا شۇ چاغدىلا: "يارامىلىق بولۇپ يېتىلىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ چاتاق تېپىشىدىن قورقماي، كېسەلنى ۋاقتىدا داۋالىتىش لازىم ئىكەن. بولمىسا، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا چىقماي قالىدىكەن" دەپ ئويلاپتۇ.

3 ـ ئاپرېل

## چوشقا بىلەن سازاڭ

سۇن لى

بىر سېمىز چوشقا تۆت پۇتىنى كېرىپ تۇرۇپ، "خارت ـ خارت" قىلىپ جىنىنىڭ بارىچە تومشۇقى بىلەن يەرنى تۇرتۇپتۇ.

چوشقا تۇرتۇۋاتقان يەردىن بىر تال سازاڭ چىقىپ قاپتۇ. چوشقا ھەيران قالغان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: ــــ ھوي، سازاڭ، توپىنىڭ ئارىسىدا نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.

— يەر ئاغدۇرۇۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سازاڭ.

— ھاھ، ھاھ، ھاھ! — قاق قاقلاپ كۈلۈپتۇ چوشقا، — نېمە دېدىڭا؟ چۈپتەك يۇمشاقلىقىڭغا باقماي، يەر ئاغدۇرىمەن دەپ لاپ ئېتىۋاتامسەن؟ بۇ قىزىقچىلىقنى كۆرۈڭ! يەر ھەيدەشكە ئاكاڭ چوشقىدىن باشقىسى بىكار!

چوشقا گېپىنى تۈگىتىپلا يەرنى تېخىمۇ كۈچەپ تۈرتۈپتۇ، تۇساتتىن ئۇنىڭ تۇپىنىڭ ئارىسىدىن چىققان يىپىرىم لوبۇغا كۆزى چۈشۈپ، ئالمان - تالمان بېرىپ ئۇنى ھاپ ئېتىپتۇ.

چوشقا تولىمۇ قانائەتلەنگەن ھالدا، — ئەجەب تېتىدى تىلىمغا، — دېگۈنىچە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ كېتىپ قاپتۇ.

چوشقا يىپىرىم باش لوبۇنى دەپ، يەر ھەيدىگۈچى دېگەن نامغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ.

4 - ئاپرېل

## بىر قولۋاق

جاۋ خېشۈن

دەريادا بىر قولۋاق كېتىۋېتىپتۇ.

قولۋاق ئەگىلىدىغان جايغا كەلگەندە، بىردىنلا توختاپ قاپتۇ. ئۇ، دەرياغا قاراپ:

— ھەي، سەن نېمىشقا مېنىڭ ئىلگىرىلىشىمنى چەكلەپ تۇرىدىسەن؟ ئېخىمۇ ئەركىن قويۇۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. دەريا سۈيى قولۋاقنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇرماستىن، شارقىراپ ئېقىۋېرىپتۇ.

قولۋاق ئاچچىقلىنىپ، دەريا سۈيىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلمايدىغان بولسام دەپ، جايىدا ئۇيان - بۇيان پىرقىراپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە، قاتتىق بوران چىقىپ، دەريادا غايەت زور دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، قولۋاقنى قىرغاققا چىقىرىۋېتىپتۇ. نەتىجىدە قولۋاق ئىككىنچى سۇغا چۈشەلمەپتۇ.

ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس.

5 - ئاپرېل

## پاقا

### لو جېڭكۈي

باھار مەزگىلىدە بىر توپ پاقىلار ئۆزلىرى تۇغۇلغان كۆلچەككە ئويىنىغىلى بېرىپتۇ. ئۇلار بىر توپ قۇمچاقنى كۆرۈپ، ھەيران قالغان ھالدا چۇقۇرىشىپتۇ:

— ئۇلار كىچىك پاقىلارمۇ؟ ھەي! يوغان باش تۆرەلمىكەن.

— بېشى يوغان، قۇيرۇقى ئىنچىكە، نېمىدېگەن سەت

نەرسلەر بۇ.

— ئۆزى كۆرۈمسىز بولغاندىكىن، ئىقتىدارىمۇ شۇنچىلىكتۇ بەلكىم.

"ئا" ببلىق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سۆز قىستۇرۇپتۇ:

— سىلەرمۇ كىچىك ۋاقتىڭلاردا شۇنداقتىڭلارغۇ!

— شۇنداق ئەمەستۇ! بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا تۆت پۇتلۇق ئىدۇق، بىز دېگەن سۇدىمۇ ئۈزەلەيمىز، قۇرۇقلۇقتىمۇ سەكرىيەلەيمىز، ھەتتا ئىتىزغا بېرىپ ھاشارات تۇتۇپ يېيەلەيمىز.

— سىلەر ئۇنتۇپ قاپسىلەر، پۇتۇڭلار كېيىن ئاستا-ئاستا ئۆسۈپ چىققان، ئىقتىدارىڭلارمۇ ئاستا-ئاستا يېتىلگەن، — دەپتۇ "ئا" ببلىق پاقىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخىنى ئەسلەپ.

پاقىلار بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ.

6-ئاپرېل

## مېكىيان بىلەن ئاق غاز

### شىن جياچى

بىركۈنى مېكىيان چۈجىلىرىنى ئوت-چۆپلۈككە ئويناتقىلى ئېلىپ چىققاندا، تۇساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. چۈجىلەر سوغۇقتا توڭلاپ ئاغرىپ قاپتۇ، يېگەن نەرسىلىرى

www.uyghurkitap.com

سىڭمەي، ئاشقازىنى ئاغرىپ چۈكۈلداشقا باشلاپتۇ.
مېكىيان چۈجىلىرىگە ئۈششاق تاشلارنى يېيىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈجىلەر يېگىلى ئۇنىماي، يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ.
غاقىلداپ يۈرگەن بىر ئاق غاز بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېكىيانغا:

— چۈجىلىرىڭنىڭ مىجەزى بولمىغاندىكىن، تاش يېمەيمەن دېسە بوپتۇ، زورلاپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— ئۈششاق تاشلارنىڭ تەمى ياخشى بولمىغىنى بىلەن، ھەزىم قىلىشقا ياردىمى بار. باللىرىم تېخى كىچىك، تاش يېيىشنىڭ تەسلىكىنىلا بىلىدۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى شىپالىق تەرىپىنى ئويلىمايدۇ. باللارغا پايدىلىق نەرسىنى ئاز-تولا زورلاپ قويمايمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ مېكىيان.

چۈجىلەر ئۈششاق تاشلارنى يېگەندىن كېيىن، ھەزىم قىلىشى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ، روھمۇ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار چۈرپىلۇكتە يۈگۈرۈپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئاق غاز تەسىرلەنگەن ھالدا مېكىيانغا:

— سەن ھەقىقەتەن ياخشى ئانا ئىكەنسەن، — دەپتۇ.

# بىر جۈپ ئاياغ

## چىك ياڭچىن

قىممەت ھەم چىرايلىق بىر جۈپ ئاياغ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىگىسى بىر كىچىك ئوغۇل بالا ئىكەن. بۇ بالا بۇ ئايىغىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ، ئايىغىنى كىيىپ، ئاغىنىلىرىگە كۆز - كۆز قىلىپ، ئايىغىم ئۇنداق ياخشىيەي، مۇنداق ياخشىيەي، دەپ ماختايدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ ئاياغ ئۆزىنى، ناھايىتى ئېسىل مەن، ھېچكىم ماڭا يېتەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، ئىگىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۆزىنىڭ پۇراپ كەتكەن پۇتقا كىيىلىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ خاپا بولۇپ: ”مەن شۇنداق چىرايلىق تۇرسام، يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ، پۇراپ كەتكەن پۇتنىڭ كىيىۋالغىنى نېمىسى“ دەپ ئويلاپ، پۇتتىن بوشىنىپ پاك - پاكىز دېرىزىنىڭ تاكچىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئۇ يامغۇردا قېلىپ، چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئىگىسى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ ياكى باشقا ئاياغنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمۇ قانداق، ئۇنى پۇتقا سېپىپمۇ

قويمايدىغان بوپتۇ. بۇ ئاياغ ئاستا ـ ئاستا تەسكى لاتىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

8 ـ ئاپرېل

## ئېيىقنىڭ ئەقىل تېپىشى

### لۇي دېخۇا

قىشلىق ئۇچەكتىن ئويغانغان بىر ئېيىق دەرەخنىڭ كامىرىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆمىلەپ چىقىپ، چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپتۇ.

بىر كىرپە ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، ئېخى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولالمىغان ئېيىق "ئاچ ھەممىنى يەيدۇ" دېگەندەك كىرپىنى كاپپىدە تۇتۇپ چىشلەپتۇ، كىرپىنىڭ قاتتىق تىكەنلىرى ئۇنىڭ ئاغزىنى يارا قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق بىر ئەقىل تېپىپ، بەدىنىدە تىكىنى بار نەرسىلەرنى يېمەسلىك لازىم ئىكەن، دېگەن قاراشقا كەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئېيىق كىرپە، جەيرە ھەتتا توز، قىرغاۋۇللارنى كۆرسىمۇ يېقىن يولىمايدىغان بوپتۇ.

ئاچلىقتىن چىدىيالماي قالغان ئېيىق يەر ئۈستىدىن يېگۈدەك بىرنەرسە تاپالماي، ئۆستەڭ بويىغا كەپتۇ. ئۆستەڭدە بىر مۇنچە

بىلجانلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇزۇپ يۈرگەندەكەن، ئېيىق سوغا سەكرەپ چۆشكىنىچە بىر چوڭ بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ.

ئېيىق بېلىقنى چىشلەپ قىرغاققا چىقىپتۇ، لېكىن يېيىشكە ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ئۇ، بېلىقنى ئۇ يان - بۇ يانغا ئۆرۈپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، بېلىقنىڭ تېنىدىكى ھەقىقەتەن سىپسىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ، ھاپ قىلىپلا يۇتۇۋېتىپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن بېلىقنىڭ قىلتىرىقى ئۇنىڭ كانىيىغا تۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق يەنە بىر ئەقىل تېپىپ، سۇدا ياشايدىغان نەرسىلەرنى يېيىشكە بولمايدىكەن، بېلىق كىرپىدىن پەرقلەنمەيدىكەن، پەقەت ئۇنىڭ تىكىنى تېنىنىڭ ئىچىدە بولىدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئېيىق دەريا بويىغا يولىمايدىغان بوپتۇ.

ئېيىق قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ "يېيىش مەسىلىسىدە ئەقلىمنى تېپىپ، تەجرىبىگىمۇ، ساۋاقىقىمۇ ئىگە بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن كىمكى مېنى قوناقلىققا كىرىپ قوناقنىڭ بېشىنى ئوشتۇپ يېيىشتىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان دۆت، لەقۋا دەيدىغان بولسا، جەزمەن پاكىت قويۇپ مۇنازىرىدە-لىشىمەن" دەپ كۆرەكلەپ يۈرىدىغان بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

9 ـ ئاپرېل

# "ياخشى نىيەت"تە ئالماشتۇرۇش

## جاڭ دۇگچىڭ

چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن ئورمانلىقنى باشقۇرىدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. دەسلەپتە ئۇ ئادەم ئورمانلىقنىمۇ، چارۋىچىلىق فېرمىسىنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇپتۇ؛ دەل ـ دەرەخلەر تېز يوغىناپتۇ، ئات، كالىلارمۇ ئاۋۇپتۇ. بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئادەم ھايۋانلار دائىم بىرجايدا تۇرىۋەرسە ئەھمىيىتى بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى ئالماشتۇرۇپ باقاي، دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ "ياخشى نىيەت"لىك ئادەم ئورمانلىقتىكى ياۋا ئات، ياۋا كالىلارنى ھەيدەپ كېلىپ فېرمىدىكى قوتانغا سولاپ، فېرمىدىكى ئات، كالىلارنى ئورمانلىققا قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم "ئەمدى ئات ـ كالىلارنىڭ نەزىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، ياۋا ئات، قوتازلارمۇ ئادەمگە كۆنۈپ گەپ ئاڭلايدىغان بولىدۇ، دېمەك ھەر تەرەپتىن پايدىلىق ئەمەسمۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ.

بىراق، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئادەم قوتاندىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ: ياۋا ئات بىلەن ياۋا

كالىلار توساقلارنى بۇزۇپ، ئورمانلىقتا قېچىپ كېتىپتۇ. ئورمانلىقتا قويۇۋەتكەن ئات، كالىلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا قايتىپ كەپتۇ، يەنە كېلىپ ھەممىسى دېگۈدەك ئېغىر ياردار بوپتۇ، يەنى ئۇلارنى ئورمانلىقتىكى شىر، يولۋاسلار چىشلەپ قانغا بويىۋېتىپتۇ. قايتىپ كېلەلمىگەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يىرتقۇچلارغا يەم بوپتۇ.

بۇ "ياخشى نىيەت"لىك باشقۇرغۇچى ئادەم كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، "ئېسىت، ئېسىت" دېگۈنىچە بېشىنى موشتلاپتۇ.

10 ـ ئاپرېل

# ئەقلىنى ساتقان كىشى

## خۇەي شۇ

بىر ئادەم كوچىدا كېتىۋېتىپ:

ـــ ئەقلىمنى ساتىمەن! ئەقلىمنى! كىم ئالىدۇ؟ ـــ دەپ توۋلاپتۇ.

بىر يولۇچى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن، ـــ ئەقلىڭنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولامدىكەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ پۇللا بەرسەڭ، ئەقلىمنى سېتىۋالالايسەندە، سەنمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىسەن، ـــ دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

www.uyghurkitap.com

يولۇچى پۇلنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. ئەقىل ساتقۇچى يانچۇقىدىن قاتلانغان بىر قەغەزنى چىقىرىپ يولۇچىغا سۇنۇپ، — هازىر كۆرسەڭ بولمايدۇ، ئۆيۈڭگە بارغاندىن كېيىن كۆرگىن، — دەپتۇ.

يولۇچى ئۆيىگە بېرىپ، دەرهال قەغەزنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىلغانىكەن: هازىردىن باشلاپ ئەقىللىقراق بول، بايىقىدەك ئەقىلنى پۇلغا سېتىۋالدىغان ئەخمەقلىقنى ئەمدى قىلما!

11 ـ ئاپرېل

## پۇلۇت بىلەن تاغ

### چىن شەن

پۇلۇت كىشىلەردىن، جومولاڭما چوققىسى ناهايىتى ئېگىز، ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 8848 مېتر كېلىدۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا هېسابلىنىدۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئىنتايىن خاپا بوپتۇ ۋە هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ دېگۈدەك جومولاڭما چوققىسىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ: ”سەن قانچىلىك نېمە ئىدىڭ! مەن سېنىڭدىن بەكلا ئېگىز!“ دەپ ۋارقىراپتۇ.

پۇلۇت توۋلاپ بولار ـ بولمايلا، بىر قاتتىق بوران كېلىپ،

ئۇنى ئاللىقاياقـلارغـدۇ ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، جۇمۇلاڭما چوققىسى ئاۋۋەلقىـدەكـلا قـىمرلـىماسـتىن ھەيـۋەتـلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

12 ـ ئاپرېل

## ئەقمەقنىڭ ئەندىشىسى

### شامىڭ

بىر ئادەم تاۋۇز يەۋېتـىپ ئېھـتـىياتـسىزلىقـتىن ئۇرۇقـىنى يۇتـۇۋاپـتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنـتايىن بىئارام بولۇپ، نېـمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ.

ئۇ: تاۋۇز ئۇرۇقى قورسىقىمدا بىخـلىنىپ، پىـلەك تارتىپ، چېچەكلەپ كەتسە، تاۋۇز چۈشىدۇ، تاۋۇز بارغانسېرى يوغىناپ قورسىقىمـنى يېـرىۋەتـسە قانـداق قىـلارمەن، دەپ ئەنـدىشە قىپتۇ.

ـــ ئاپـلا! چاتاق بولـدى! ئەمـدى... قانـداق قىلغۇلۇق؟

ئۇ ئويلىغانسېـرى قورقۇپ، گېلـىدىن تاماق ئۆتمەيـدىغان، ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، كېچە ـ كۈندۈز بىـئارام بولۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە جۈدەپ كېتىپتۇ.

ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، كېسلىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

سۆزى دوختۇرغا قىزىق تۇيۇلۇپتۇ، دوختۇر سالماقلىق بىلەن ئۇنىڭغا، — سىڭنىڭ كېسەللىكىنى داۋالاش ئاسان، مەن ساڭا ئازراق دورا بېرەي، بۇ دورا تاۋۇز ئۇرۇقىنى يەلگە ئايلان- دۇرۇۋېتىدۇ. ئۇسۇرۇۋەتسەڭلا بولىدى، — دەپتۇ.

ئۇ دوختۇرنىڭ دورىسىنى يېگەندىن كېيىن ئۇسۇرۇپتۇ، ئېيتقاندەكلا ھېچقانداق مەسلە بولماپتۇ.

13 - ئاپرېل

## رەندە بىلەن تاختاي

### لۇ فىيپۇ

ئەمدىلا ھەرىدەپ تارتىلغان شالىنىڭ يۈزى ئىنتايىن يىرىك بولغاچقا، ئۇنى كۆرگەن رەندە سەمىمىيەتلىك بىلەن:

— مەن سىنى سىلىقداپ قوياي! — دەپتۇ.

تاختاي رەندىنىڭ ئۆتكۈر بىسىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن ئالدىراپ - تېنەپ، — ياق! ياق! مەن ساڭا رەندىلەتمەيمەن! رەندىلەتمەيمەن! — دەپتۇ.

بىراق، رەندە تاختاينىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، ”شارت، شارت“ قىلىپ رەندىلەشكە باشلاپتۇ. تاختاي ئاغرىقىقا چىدىيالماي، — نېمانداق باغرىڭ قاتتىق سېنىڭ! تازا زالىم

ئىكەنسەن! — دەپ تىللاپتۇ.

رەندە تاختاينى رەندىلىگەچ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

— سەل چىدىغىن! بىر دەملىك ئاغرىققا چىدىمىساڭ، يارامىلىق ماتېرىيال بولالمايسەن! ھازىر مېنى تىللىغىنىڭ بىلەن كېيىن ماڭا رەھمەت ئېيتىسەن! — دەپتۇ.

رەندە تاختاينىڭ يۈزىنى رەندىلەپ، ئۇنى سىلىق ھەم كۆركەم ھالەتكە كەلتۈرۈپ، شىرە ئىشكاپلارغا يارايدىغان ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇپتۇ. تاختاي ئېيتقاندەكلا چىن كۆڭلىدىن رەندىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىپتۇ.

14 - ئاپرېل

## بېكەت تاختىسى بىلەن ئاپتوموبىل

### سۇن چۇەنزې

بىر نەچچە كېچە - كۈندۈز قېقىلىپ تاغ - داۋانلارنى بېسىپ ئۆتكەن ئاپتوموبىل ھارغىن قىياپەتتە ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ كېلىپ، بېكەت تاختىسىنىڭ يېنىدا توختاپتۇ. ئۇ قاتتىق ھېرىپ كەتكەن بولغاچقا، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، بېكەت تاختىسىغا، — بۇرادەر، يۈز كۆرۈشمىگىنىمىز ئەجەب تەسكە چۈشتى!... ماڭا تېزرەك ھاردۇق چىقىپ بەرسەڭچۇ، ئەمدى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەندىن بىرقەدەممۇ ئايرىلغىم كەلمەيۋاتىدۇ! ــ دەپتۇ.
بېكەت تاختىسى ئۇنىڭغا دوستلارچە مۇنداق دەپتۇ:
ــ دوستۇم، مەن سېنى كۈتۈپ تۇرغىلى خېلى بولدى، سېنىڭ غەلىبىلىك قايتىپ كەلگىنىڭنى تەبرىكلەيمەن!... بىراق دوستۇم، قەدىناس دوستۇڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قويۇش مەسئۇلىيىتىم باركى، بۇ يەر ھەم سېنىڭ بۇ نۆۋەتلىك سەپىرىڭنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، ھەم كېلەر قېتىملىق يېڭى سەپىرىڭنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى!

15 ـ ئاپرېل

# بۆرىگىلەر

## لۈ بىلك

بۆرىگە ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، خېلى ئېگىزگە سەكرىيەلەيدىكەن.
بىركۈنى، بىرنەچچە تال بۆرىگە ئورمانلىقتا كېلىپ، بىر ئەركەك شىرنى ئۇچرىتىپتۇ.
بۆرىگە ئەزەلدىن كىتاب كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىرنىڭ ھايۋانات پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن، ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىر بىلەن راسا بىر ئېلىشىپ

كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماپتۇ.

ئۇلار شىر ئالدىدا بىرپەس سەكرىشىپتۇ، شىر ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماپتۇ، ئەسلىدە شىر ئۇلارنى زادىلا كۆرمىگەنىكەن.

بىر بۆرگە ئاچچىقلىنىپ:

— ئۇنىڭ بىزنى كۆزگە ئىلمايۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان، — دەپتۇ.

ئىككىنچى بۆرگە:

— ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئەقمەق بىزگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان گەپ، — دەپتۇ.

يەنە بىر بۆرگە:

— توختاڭلار! مۇشۇ پەيتتە تۇرۇۋەرسۇن، ھازىر كارامىتىنى كۆرىمىز، — دەپتۇ.

ئۇلار شىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا، ئاندىن دۈمبىسىگە، ئاخىرىدا بېشىغا سەكرەپ چىقىپتۇ، ئۇلار شىرنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن تۈكلۈك بېشىدا خالىغانچە سەكرەپ ئويناشقا باشلاپتۇ.

شىر يەنىلا پىسەنت قىلماپتۇ، چۈنكى ئۇ قىلچە سەزمەپتۇ.

بۆرگىلەر خۇشاللىقىدىن خۇددىنى يوقاتقان ھالدا:

— بىز ئەركەك شىرنى دەسسەپ-چەيلىۋەتتۇق، ھايۋانات پادىشاھىنى باش ئەگدۈردۇق، — دەپ چوقان كۆتۈرۈشۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

16 ـ ئاپرېل

# ھاكاۋۇر كىچىك ئالتۇن بېلىق

## گاۋ جىڭشياڭ

باھار كەپتۇ، كىچىك ئالتۇن بېلىق سۈپسۈزۈك كۆلچەك سۈيىدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. يىللىق قۇياش نۇرى ئۇنىڭ شولىسىنى سۇنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپتۇ. كىچىك ئالتۇن بېلىق ئۆزىنىڭ رەڭدار يىپەكتەك قۇيرۇقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ چىرايلىقلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ گاھ ئېگىشىپ مونچاقتەك يوغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سۇدا چايقىلىپ تۇرغان يىپەكتەك نېپىز قۇيرۇقىغا قاراپ قويىدىكەن، گاھ ئاپئاق پوكىنىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەيدىكەن؛ گاھ بوغماق بەللىرىنى ئېسىلزادە خېنىملاردەك ئۇيان ـ بۇيان تولغاپ قويىدىكەن.

كىچىك ئالتۇن بېلىق پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەندە، بىر كىچىك تاپان بېلىق ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈزۈپ كەپتۇ. تاپان بېلىق كىچىك ئالتۇن بېلىق بىلەن دوست بولۇش نىيىتىدە، ناھايىتى ئەدەب بىلەن:

— ئالتۇن بېلىق خېنىم، ئىككىلىمىز بىر بېلىققۇ! يەنە كېلىپ بىر كۆلدە ياشاۋاتىمىز. "يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى

قوشنا ئەلا" دېگەن گەپ بار. بىز دوست بولساق، قانداق؟ — دەپتۇ.

كىچىك ئالتۇن بېلىق ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بولاقتەك ئويناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى بىلەن كىچىك تاپان بېلىققا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

— نېرىراق تۇر، بىگىز تۇمشۇق، سەت يومۇق، سېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭ چوقۇم پەس نېمىلەر بولسا كېرەك. بولمىسا، ئەۋلادى سەندەك سەت بولماس بولغىتتى، — دەپتۇ ۋە سۆزىنى تۈگىتىپلا تەكەببۇرلۇق بىلەن ئىنچىكە بەللىرىنى تولغاپ، رەڭلىك ئېتەكلىرىنى لەپپەڭشىتىپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. دەل بۇ چاغدا كىچىك تاپان بېلىق ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن:

— ئۇنچە تەكەببۇرلۇق قىلىپ كەتمەڭ كىچىك ئالتۇن بېلىق! سىزنىڭ ئەجدادىڭىز بىز تاپان بېلىقلاردىن تۆرەلگەن، سىزنىڭ قانداشلىقىڭىز بىزنىڭكىدىن ئېسىل ئەمەس. خەير-خوش، چىرايلىق ھەم ھاكاۋۇر كىچىك ئالتۇن بېلىق! — دەپتۇ. كىچىك تاپان بېلىق سۆزىنى تۈگىتىپ، ئارقىغا قاراپمۇ قويماستىن تاپان بېلىقلارنىڭ ئارىسىغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ.

كىچىك ئالتۇن بېلىقنىڭ بېشى ئاستا-ئاستا پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قاراڭ، ئۇنىڭ يۈزى ئۆزىنىڭ ئېتىكىدەك قىزىرىپ كەتكىنىنى. كىچىك تاپان بېلىقنىڭ سۆزلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئەكس ئېتىۋاتقاندەك بوپتۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

17 ـ ئاپرېل

# مودەنگۈل

## كەي خۇا

گۈللۈكنىڭ بۇرجىكىدە بىر يۇمران مايسا ئۈنۈپ چىقىپتۇ. باغۋەن بۇ مايسىنى پەقەتلا نەزىرىگە ئالماي، ئۇنى ئۇغۇتلاش ۋە سۇغىرىش تۇگۇل، يۇلۇپ باغنىڭ سىرتىغا تاشلىۋېتىپتۇ.

بىر بوۋاي ئۇنى تېرىۋېلىپ، ئۆيىنىڭ ئالدىغا كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. بوۋاينىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا، يۇمران مايسا تېز ئۆسۈپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك گۈل بولۇپ ئېچىلىپتۇ. پاھ، بۇ بىر تال ئېسىل مودەنگۈل ئەمەسمۇ!

بۇ چاغدا، باغۋەن ھەممىلا يەردە كىشىلەرگە، — كۆپچىلىك مودەنگۈلنى تاماشا قىلغاندا، ماڭا رەھمەت ئېيتىشى لازىم، بۇ مودەنگۈل مېنىڭ بېغىمدا ئۈنۈپ چىققان، — دەپتۇ.

بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— راست ئېيتىسەن، خەقلەر سېنىڭ ئۇنى باغدىن چۆرىۋەتكىنىڭگە مەڭگۈ رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ، — دەپتۇ.

13 ـ ئاپرېل

# تۈلكە بىلەن ئۈزۈم

## چۈ يۈەندا

تۈلكە باراگنىڭ ئاستىغا كەپتۇ، ئۇنىڭ ساپاق ـ ساپاقلاپ چۈشكەن ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ ھەرقانچە قىلىپ باقسىمۇ ئۇنىڭغا قولى يەتمەي، بىرھازا تۇرۇپ بېقىپ كېتىپ قاپتۇ، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ: "بۇ باراگدىكى ئۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى ئاچچىق" دەپتۇ. بۇ، قەدىمكى يۇنانلىق ئىزوپ ئېيتقان مەسەل.

بىراق، بۇ مەسەل تېخى تۈگىگىنى يوق، تۈلكە كېتىپ قالغاندىن كېيىن، بىر مايمۇن كەپتۇ، ئۇ ئەپچىللىك بىلەن باراگقا چىقىپتۇ ـ دە، ھە دەپ ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ، يانچۇقىنى لىق تولدۇرۇپتۇ. تۈلكە يىراقتىن ئۇنى كۆرۈپ، ــ ئۈزۈمنىڭ ھەممىسى ئاچچىق، دەپ توۋلاپتۇ، مايمۇن، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يانچۇقىدىكى ئۈزۈمنىڭ ھەممىسىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ.

مايمۇن كەتكەندىن كېيىن، تۈلكە دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ، يەردىكى ئۈزۈملەرنى چاڭگاللاپ ـ چاڭگاللاپ تېرىپ

www.uyghurkitap.com

يەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، مايمۇن يەنە قايتىپ كەپتۇ، تۈلكىنىڭ يەردىكى ئۈزۈمنى تېرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا، — بۇرادەر، سەن بايا ئۈزۈمنى ئاچچىق دېگەن ئەمەسمىدىڭ، ئەمدى تېرىپ يېگىلى تۇرۇپسەنغۇ؟! — دەپ سوراپتۇ.

— ھى ھى! — دەپ راست گېپىنى قىپتۇ تۈلكە، — قولۇم يەتمىگەچكە شۇنداق دەپ قويغانىدىم...

19 - ئاپرېل

## قەغەز گۈل

### چۈ يۈەندا

رەڭگارەڭ قەغەزدىن ياسالغان بىرتال گۈل ئۆزىچە كۆرەڭلەپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپتۇ: "مودەنگۈلدىن گۈزەلدۇرمەن، نىلوپەردىن خۇش تەبەسسۇمدۇرمەن، قىزىل ئەتىرگۈلدىن خۇش بويدۇرمەن، يىل بويى ياپيېشىلدۇرمەن..." ئۇ، دېرىزە سىرتىدىكى ئەتىرگۈلگە قاراپ قويۇپ، — ۋاي تۇۋا! سېنىڭ ھۆسن-جامالىڭ ھېچقانچە ئەمەس ئىكەنغۇ، يەنە تېخى كۆن بويى لاي-توپا ئارىسىدا تۇلىمۇ ئەھمىيەتسىز ياشايدىكەنسەن، — دەپتۇ.

ئەتىرگۈل ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماپتۇ، قەغەزگۈل بولسا، — قارىغىنا! مېنىڭ ياشايدىغان جايىم نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك، چىرايلىق، ماڭا يامغۇر، شامال دېگەن تەگمەيدۇ... — دەپتۇ.

ئەتىرگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلاپتۇ ۋە يۈز-خاتىر قىلماستىن ئۇنىڭغا، — دۇرۇس، مەن خەقلەرنى ئۆزەمگە ئۇنداق مەھلىيا قىلالمايمەن، ئۆزەمنى ماختاپمۇ يۈرمەيمەن. بىراق، ھەسەل ھەرىسى ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى، ئۇ كىمنىڭ راس گۈل، كىمنىڭ يالغان گۈل ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالايدۇ! — دەپتۇ.

20 - ئاپرېل

# چاشقاننىڭ ئەخمىقانە خىيالى

## چۇ يۈەندا

بىركۈنى، چاشقان كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ "ئۇر، - ئۇر" غا قېلىپ، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. بىراق، چاشقان: "مېنىڭ پەقەتلا نەپسىم يامان، قورسىقىمنى تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ئاز-تولا بىر نەرسە تېرىپ يەيمەن، ئادەملەر نېمىشقا مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولىشىدۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ ۋە بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەپتۇ.

چاشقان چىپار خورازنىڭ ئېتىز بويىدا قۇرت تېرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن تېخىمۇ ئۆتمەپتۇ، ئۇ ئىچىدە: "قاراڭلار، چىپار خورازمۇ نەپسى يامان ئىكەنغۇ، نېمىشقا ئادەملەر ئۇنى ئۇرمايدۇ"، — دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بىرپەس كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن: "ھە، ئەمدى بىلدىم، چىپار خوراز گۈللۈك كىيىم كىيىۋالغان بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى ئۇرمايدىكەن-دە"، — دەپ ئويلاپتۇ.

چاشقان شاتۇتىنىڭ دان يەۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىگە: "شاتۇتىنىڭمۇ نەپسى يامان ئىكەنغۇ، ئادەملەر ئۇنى نېمىشقا ئۇرمايدۇ"، — دەپتۇ ۋە بىرپەس كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن: "ھە، ئەمدى بىلدىم، كىشىلەر ئۇنى گېپى تاتلىق بولغاچقا ئۇرمايدىكەن-دە". — دەپتۇ.

چاشقان نۇرغۇن سەۋەبلەرنى ئويلاپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەكلەرنى قىيىپ، كېسەل تارقىتىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانلىقىنى ئويلىماپتۇ.

# سەھنە قورالى قىلىنغان تۇلپار

## بەي لاڭ

كۈنگە مىلىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول كېزىدىغان بىر تۇلپار بار ئىكەن، ئۇ بويى ئېگىز، پۇتلىرى ئۇزۇن، تۇخۇمدەك تولغان بەستلىك ئات ئىكەن، ئۇ كىشىنىسە ئەتراپ ياڭراپ كېتىدىكەن، بۇ ئات تولىمۇ تېتىك كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، بىر فوتو سۈرەتچى كۆزى چۈشۈپ سېتىۋېلىپ، ئۇنى ساياھەتچىلەر سۈرەتكە چۈشكەندە مىنىپ ئولتۇرىدىغان ئات ئورنىدا ئىشلىتىپتۇ.

ساياھەتچىلەر ئاتقا مىنگەن بولۇپ ھەر خىل قىياپەتتە رەسىمگە چۈشىدىكەن ۋە خۇشال ھالدا سۈرەتچىگە پۇل بېرىدىكەن. شۇنىسى ئۇنىڭ تۇلپار ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# يولۋاسنىڭ پېشانىسىدىكى "王"*

## كۇاڭ جىنبى

يولۋاس شىر پادىشاھنىڭكىدە چاكار بولۇپ ئىشلەيدىكەن، ئۇ ئۇۋ ئوۋلاشتا ئىنتايىن كۈچ سەرپ قىلىپ، باشقا يىرتقۇچلارغا قارىغاندا ھايۋاننى كۆپ تۇتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى شىر پادىشاھ بەكمۇ ياقتۇرىدىكەن، شىر پادىشاھ دائىم ئۇنى ئۆزى بىلەن كۈچ سىنىششقا تۇتۇۋالىدىكەن، بۇنداق چاغلاردا يولۋاس ئۆزى يارىدار بولۇپ كەتسىمۇ، شىر پادىشاھقا يول قويىدىكەن، شۇ ۋەجىدىن شىر پادىشاھ يولۋاسنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا يۈزدە يۈز ئىشىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىركۈنى تۈلكە شىر پادىشاھقا، ــ يولۋاسنىڭ نىيىتى بۇزۇق، ئۇ سىلىدىن پادىشاھلىقنى تالاشماقچى، بولمىسا، ئۇنىڭ پېشانىسىدە "王" دېگەن خەت نېمىشقا پەيدا بولىدۇ. ئۇلۇغ پادىشاھىم، سىلى قانداقسىگە بۇ ئەبلەخقە ئىشەنچ باغلاپ قالدىلا؟ ــ دەپتۇ.

---

* ئۇيغۇرچە "شاھ" دېگەن مەنىدە.

— يولۋاسنىڭ پېشانىسىدىكى "王" دېگەن خەت تۇغۇلۇشىدىن بار تۇرسا، ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا مەندىن پادىشاھلىقنى تالاشماقچى بولغانمۇ؟ — دەپتۇ شىر پادىشاھ قىزىقمىغان هالدا تۈلكىگە تەنبىھ بېرىپ، — تۈلكىلەر گۇمانخور كېلىسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسانلار سىلەرنى "گۇمانخور" دېيىشىدۇ! يولۋاس ماڭا شۇنداق سادىق تۇرسا، قالايمىقان گۇمانلىنىپ ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ يۈرگىنچى بولما!

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر قېتىملىق كۈچ سىنىشىشتا يولۋاس ئېھتىياتسىزلىقتىن شىرنىڭ بۇرنىنى قاماپ يارىدار قىلىپ قويۇپتۇ. شىر پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئىختىيارسىز هالدا تۈلكىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپتۇ، ئاندىن كېيىن يولۋاسنىڭ پېشانىسىدىكى "王" دېگەن خەتكە قاراپتۇ. قارىغانسېرى بۇ خەت چوڭ كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە سىغماپتۇ، قارىغانسېرى تۈلكىنىڭ سۆزلىرى توغرا تۇيۇلۇپتۇ، قارىغانسېرى يولۋاس راستلا مەندىن شاھلىقنى تالىشىۋاتامدۇ نېمە، دېگەن گۇمان تۇغۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، شىر يولۋاسنىڭ ئۆزىنى ئاقلىغىنىغىمۇ قارىماي، ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

23 ـ ئاپرېل

# هارامزەدە تۆلكە

لىن جىڭفېڭ

ئېيىق بىلەن بورسۇق تۆلكە توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈپتۇ، بورسۇق مۇنداق دەپتۇ:

ــ تۆلكە دائىم مېنى ئەخمەق ئېتىدۇ، هارامزەدىلىك قىلىپ، غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىدۇ، تازىمۇ بىزار بولدۇم ئۇنىڭدىن.

ــ ياقەي، ئۇنداق ئەمەستۇ، ــ دەپتۇ ئېيىق بېشىنى چايقاپ، ــ تۆلكە خېلى سەممىي، ياۋاش ئىدىغۇ.

ــ ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن پوچىدىن، ــ دەپتو غەزەپ بىلەن بورسۇق، ــ كەچكىچە مېنىڭ ئالدىمدا پوچىلىقىنىڭ دەستىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدۇ.

ــ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ــ دەپتۇ ئېيىق كۆلۈپ تۇرۇپ، ــ تۆلكە تولىمۇ كەمتەر، خۇش پېئىل ۋە ئوماق ئىدىغۇ، سەن باشقا بىر تۆلكىنى دەۋاتساڭ كېرەك.

ــ بۇ گەپچە بولغاندا، ئارىمىزدا باشقا بىر تۆلكە بار ئىكەن ـ دە؟ ــ دەپتۇ بورسۇقمۇ گۇمان بىلەن.

يېقىندىكى بىر دەرەخقە قونۇپ تۇرغان بىر جىگدىچى

ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ گەپ قىستۇرۇپتۇ:

— مەن بىلىمەن، تولكە پەقەت بىرلا، بىراق ھېلى ئۇنىڭغا بىر خىل، ھېلى بۇنىڭغا بىر خىل قىياپەتتە مۇئامىلە قىلىپ، ھارامزەدىلىك بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

24-ئاپرېل

# سۇلياۋ مودېلنىڭ خىيالى

## شۈي رۇنچۈەن

ئەينەكلىك دېرىزە ئىچىگە بىردانە سۇلياۋ مودېل كۆرگەزمە قىلىپ قويۇلغانىكەن، ئۇ ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەر كىيىندۈ-رۈلگەنلىكى ئۈچۈن، تولىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتكەنىكەن، ئۆتكەن-كەچكەن خېرىدارلار ئۇنىڭغا زوق بىلەن قارىماي ئۆتمەيدىكەن.

مودېل كۆڭلىدە: "كىشىلەر مېنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىكەن، مەن چوقۇم ئۆزەمگە تازا كېلىشكەن بىر يىگىتنى تاللاپ تۇرۇپ جۈر قىلىشۋالسام بولغۇدەك" دەپ ئويلاپتۇ. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىدىنلا زوقلىنىدىكەن، لېكىن بىرەر يىگىت ئۇنى چىن كۆڭلىدىن سۆيۈپ، ئۆزىگە جورا قىلىۋالاي دېمەپتۇ.

بىركۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىنى دوكانىنىڭ خوجايىنىغا دەپتۇ ۋە خوجايىنىدىن كېلىشكەن يىگىتتىن بىرنى تېپىپ ئۆزىگە جورا قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئەخمەقانە خىيالدا بولماڭ، — دەپتۇ دوكان خوجايىنى، — سىزنىڭ گۈزەل تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزلا بار، جېنىڭىز يوق تۇرسا، كىممۇ سىزنى جورا قىلىشنى خالىسۇن؟!

مودېل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا جىملا بولۇۋاپتۇ.

25-ئاپرېل

## سېكۇنت ئىستىرېلكىسى

### جالال خەي

سېكۇنت ئىستىرېلكىسى ھارغىنىنى بىلمەيدىغان ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسىگە ئوخشاش، سائەت رامكىسىنى بويلاپ ئىلدام-ئىلدام مېڭىپتۇ ۋە "غەيرەت، غەيرەت..." دەپ ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بېرىپتۇ. ئۇ توختىماي ئارقا-ئارقىدىن ئايلىنىۋېرىپتۇ.

ئۇنىڭغا سوغۇق چىراي بىلەن قاراپ تۇرغان مىنۇت ئىستىرېلكىسى ئۆزىنى باسالماي مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ:

— بىرگە يېتىشۋالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ جېنىڭغا بىھۇدە ئىش

قىلساڭچۇ. مەن بىر قەدەم تاشلىسامىلا، سەن بىر ئايلىنىپ چىققانىغا باراۋەر موساپىنى بېسىپ بولىمەن. مېنىڭ سائەت ئىستىرىلكىسى دېگەن ئاكامغا كەلسەك، ئۇنىڭ قۇدرىتى تېخمۇ زور! — دەپتۇ.

سېكۇنت ئىستىرىلكىسى خۇددى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك، مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

— مەن دەل ئۇنىڭ بۇنداق چىداملىقلىقىغا ۋە غەيرەت-جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن، — دەپتۇ ئېغىر-بېسىق سائەت ئىستىرىلكىسى مىنۇت ئىستىرىلكىسىغا، — سەن دىققەت قىلدىڭمىكىن، ئۇ توختىماي مېڭىۋەرگەچكە، زادىلا ئارقىدا قېلىپ باقمىدى.

26-ئاپرېل

## تومۇزغىنىڭ چىرىلدىشى

### چېن تۇڭكۇن

يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە، دەرەختىكە مەھكەم يېپىشىۋالغان تومۇزغىلار خۇددى دەرەخ ئاسرىغۇچى نەمۇنىچىلاردەك: "دەرەخنى ئاسرايلى! دەرەخنى ئاسرايلى!" دەپ توختىماستىن چىرىلداپتۇ.

دورا پۈركىگۈچ هاشارات يوقىتىش ئۈچۈن دەرەختىكە

دورا پۇركۇۋاتقاندا، تومۇزغا يەنە دەرھال: ”دەرەخنى ئاسرايلى! دەرەخنى ئاسرايلى!“ دەپ چىرىلداشقا باشلاپتۇ. دورا پۇركىگۈچ بۇنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ”سىم-سىم يامغۇر“ ياغدۇرۇۋېرىپتۇ.

تۆمۈر تۇمشۇق ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن ”توك، توك، توك“ قىلىپ چوقلاپ دەرەخنىڭ يېرىقلىرىدىكى قۇرتنى ئېلىپ يەپتۇ. تومۇزغا تېخىمۇ قاتتىق چىرىلداشقا باشلاپتۇ: ”دەرەخنى ئاسرايلى! دەرەخنى ئاسرايلى!“ تۆمۈر تۇمشۇق ئىنتايىن ھەيران بولۇپ: ”مەن دېگەن ئورمان دوختۇرى تۇرسام، ئەلۋەتتە دەرەخنى ئاسرايمەندە، ئۇ مېنى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئاغزى بېسىلماي چىرىلدايدىغاندۇ“؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى تومۇزغىنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئاخىرى ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ: ئەسلىدە تومۇزغا بىرياقتىن دەرەخ يوپۇرمىقىدىكى سۇيۇقلۇق تەركىبىنى جىنىنىڭ بارىچە شورىسا، يەنە بىرياقتىن ”دەرەخنى ئاسرايلى!“ دەپ جىنىنىڭ بارىچە چىرىلدىشىدىكەن.

# دادۇرنىڭ شاكىلىنى يېيىش

## شيا فېلى

زامانىنىڭ زامانىسىدا، "ئا" ئۆزىنىڭ دوستى "ب"غا چەت رايوندىن بىر خالتا دادۇر ئەكىلىپ بېرىپ، ــ بۇ نەرسە "س" رايوننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى، تەمى ناھايىتى ياخشى، ــ دەپتۇ.

دادۇر؟، ــ "ب" بۇنى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغاچقا، ئىنتايىن يېگۈلۈك ھېس قىپتۇ.

"ئا" كەتكەندىن كېيىن، "ب" ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش ئۈچۈن، خالتىدىن ئەڭ يوغان بىر تال دادۇرنى ئاپتۇيۇ، بۇ نەرسىنى زادى قانداق يەيدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، ئاغزىغا سېلىشقا پېتىنالماپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھويلىسىدىكى شاپتۇل، چىلانلارنى كۆرۈپ: "ما دۆتلۈكۈمنى قارىمامدىغان، بۇمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە تۇرسا، يەۋەرسەم بولمىدىمۇ" دەپ ئۆزىچە خىجىل بوپتۇ.

ئۇ دادۇرنىڭ شاكىلىنى سويۇپ، مېغىزىنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، قۇرۇق شاكىلىنى ئاغزىغا سېپتۇ.

ــ تۇفى! ھېچقانداق تەمى يوق نېمە ئىكەنغۇ بۇ، ــ ئۇ يەنە

بىر تالنى ئاغزىغا سىپتۇ، ئۇمۇ شۇنداق ئىكەن. ئۇ بىر خالتا دادۇرنىڭ ھەممىسىنىڭ شاكىلىنى ئاغزىغا سېلىپ بېقىپتۇ، ئۇنىڭ بىرسىمۇ ئاغزىغا تېتىماپتۇ، ئۇ، دادۇر دېگەن نېمانچە بەتتام بولىدىغاندۇ؟ دەپ ھەيران قاپتۇ.

28 - ئاپرېل

## داچىڭشەن تېغىدىكى مايمۇن

شى فېي

داچىڭشەن تېغى تەبىئىي شاپتۇللۇق باغ ئىكەن، تاغنىڭ ھەممە يېرىنى شاپتۇل دەرىخى قاپلىغانىكەن، بىراق شاپتۇللارنىڭ ھەممىسى ياۋا شاپتۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، دانىسى كىچىك تۈكلۈك شاپتۇل بولۇپ، ئاچچىق ھەم قاتتىق ئىكەن.

تاغدا بىر توپ مايمۇن ياشايدىكەن. لىگلىڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر مايمۇن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت بىلەن شاپتۇلنىڭ سورتىنى ئۆزگەرتىش يۈزىسىدىن شاپتۇللارنى ئۇلاش تەجرىبىسىنى ئىشلىمەكچى بولۇپ، بەش يارامىلىق قېرىندىشىنى چاقىرىپ كېلىپ پىكىر ئېيتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قېرى سۇر مايمۇن:

— تەجرىبە قىلىشقا بولمايدۇ، سورتى ئۆزگەرتىلگەن شاپتۇلنى جامائەت ئېتىراپ قىلمايدۇ، — دەپ قارشى چىقىپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىشنى باشقىلار نەتىجە ياراتسۇن، ئاندىن ئىشلەيمىز، دەپ ئولتۇرىمىز؟ — دەپتۇ لىگىلىك ئاچچىقلىنىپ.

كېيىن، لىگىلىك قالغان تۆت مايمۇن بىلەن "سورتلۇق شاپتۇل تەتقىقات گۇرۇپپىسى"نى قۇرۇپ، ئۇن - تىنسىز ھالدا تەجرىبىنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇلار مەغلۇپ بولسا، يەنە ئىشلەپتۇ، يەنە مەغلۇپ بولسا، يەنە ئىشلەپتۇ. ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئاخىر "قىزىل ئاۋغۇست" دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى شاپتۇل سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭدىن چۈشكەن شاپتۇللار قىپقىزىل، يوغان، چىرايلىق، ھەم شەرۋەتلىك ئىكەن...

29 - ئاپرېل

## ئاغمىخاننىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشى

### گۇ شېڭشەن

ئاغمىخان توخۇ كاتىكىنى ئەمدىلا ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن توخۇنى تۇتۇپ چىقىشقا تەمشىلگەندە، توساتتىن ئىتنىڭ، — ئاغمىخان ئەپەندىم، يەنە توخۇ ئوغرىلىغىلى كەلدىڭمۇ؟ ساڭا تەربىيە دېگەن كارغا كەلمەيدىكەندە! — دەپ قاۋىغىنىنى ئاڭلاپ

قاپتۇ.

ئاغمىخان سىپايە قىياپەتتە ھەجىيىپ ئۆزىنى "ئەستايىدىل" تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ، — شۇنداق! توغرا مەن يەنە خاتالاشتىم، قەدىناس قېرىندىشىم، بىراق بىز دائىم: "خاتالىقتىن خالىي بولۇش تەس، خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ تۈزەتمەسلىك ھەممىدىن يامان" دەيمىزغۇ. ماڭا يەنە بىر قېتىم خاتالىقىمنى تۈزىتىش پۇرسىتى بەرگىن! — دەپتۇ.

ئاغمىخان سۆزىنى تۈگىتىپلا توخۇ ئوغرىلىغىلى باشقا توخۇ كاتىكىگە مېڭىپتۇ.

30 - ئاپرېل

## ئېتىز چاشقىنى بىلەن قارلىغاچ

### ۋۇ يۈنباۋ

بىر كۈنى، قورسىقىنى راسا تويغۇزغان بىر ئېتىز چاشقىنى دالىدىكى بىر گۆرنىڭ بېشىغا كېلىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قارلىغاچنى كۆرۈپ، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— دوستۇم، ئىلدام چۈشۈپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالساڭچۇ!

ئەتىدىن كەچكىچە پايپېتەك بولۇپ نېمە ئىش قىلىدىغانسەن؟
قارلىغاچ چاشقاننىڭ گەپ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.
— قارىغىنە مېنى، كۈنۈم يەپ-ئىچىش، دەم ئېلىش بىلەنلا ئۆتىدۇ، ھېچقانداق ئىش بىلەن چاتىقىم يوق، نېمىدېگەن ئەركىن ھايات بۇ-ھە، — دەپتۇ ئېتىز چاشقىنى ئۆزىچە كۆرەڭلەپ.
— مەن سېنىڭ ئۇنداق تەييارتاپلىق، ئاچكۆزلۈك بىلەن ياشايدىغان ھاياتىڭدىن بىزارمەن، مەن مۇشۇنداق رىتىملىك ئالدىراش ئىشلەشنى ياقتۇرىمەن، بىراق بۇنىڭدىن مەقسىتىم قورساق تويغۇزۇش ئەمەس، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش، — دەپتۇ قارلىغاچ. ئېتىز چاشقىنى ئاغزى تۇۋاقلىنىپ، رەسۋاچىلىقتا كامارغا كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

1-ماي

## شىرنىڭ كالىنى تەكلىپ قىلىشى

### چۇجېنلىيەن

بىركۈنى شىر كالىنى ئۆز جەمەتلىرىنىڭ ئۇسسۇل بەزمىسىگە تەكلىپ قىپتۇ. كالا خۇشال ھالدا بەزمىگە بېرىپتۇ. بىراق

دۇمباق چىلىنىشى بىلەنلا، كىتىشكە تەمشىلىپ ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ.

— ھازىرلا كىلىپ، قايتماقچى بولغىنىڭ نىمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— بۇرۇن سىلەر مىنىڭ قىرىنداشلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تىرىسىدىن داپ كەرگەن ئىدىڭلار، بۈگۈن كۆزۈمگە كۆرسىتىپ دۇمباقنى كومشىتىپ ئۇرغىلى تۇردۇڭلار، بۇ مەن ئۈچۈن يۈرىكىمگە پىچاق سالغاندىنمۇ قاتتىق ئازاب! — دەپتۇ كالا دۇمباقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

2 ـ ماي

## پۇل قۇتىسى

### چۇجىنلىيەن

بىر قوتىنى خوجايىنى پۇل سالىدىغان غەللە قىلىۋاپتۇ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا، قۇتىغا لىق پۇل يىغىلىپتۇ. قۇتا خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يىتىپ: "پاھ! مەن ئەمدى دۇنيا بويىچە ساناقلىق مىليونىرلاردىن بولۇپ كەتتىم" دەپتۇ.

ئۇ شۇنىڭدىن كىيىن ھىچقانداق قۇتىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، دورا قۇتىسى، تۇز قۇتىسى ۋە باشقا قۇتىلار ئالدىدا ئۆزىنى

ئالاھىدە چاغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ سالپىيىپ يۈردىغان بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى خوجايىنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالغانىكەن.

3-ماي

## توخۇمەكنىڭ ئاستىدىكى كۆچەت

### جەي جىڭچاڭ

قېرى توخۇمەك دەرىخىنىڭ ئۇرۇقلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ، يىلتىز تارتىپ بىخ سۈرۈپتۇ. قېرى توخۇمەك دەرىخىنىڭ دالدىسىدا بۇ مايسىلار بوران-يامغۇردىن خالىي ھالدا ياپيېشىل كۆچەت بولۇپ يېتىلىپتۇ.

كۆچەت تىكىش مەۋسۇمى يېتىپ كەپتۇ. كىشىلەر بۇ يۇمران توخۇمەك كۆچەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى يېقىن ئەتراپتىكى كەڭ دالىغا كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. قېرى توخۇمەك دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى بىر تال كۆچەت كىشىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن كۆچۈرۈلمەي جايىدا قېپقاپتۇ. كۆچۈرۈلگەن كۆچەتلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ، لېكىن بۇ كۆچەت پەرۋاسىز ھالدا: "ئاشۇلار بوران-چاپقۇنغا تويسۇن، مەن چوڭ دەرەخنىڭ تېگىدە سال-

قىن ياشايمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تۇخۇمدىن چىققان باچكىلارمۇ ئۆسۈپتۇ. دالىغا كۆچۈرۈلگەن كۆچەتلەر قۇياش نۇرىدىن بەھرىلىنىپ، ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى بوك-باراقسان تۇخۇمەك ئورمىنىغا ئايلىنىپ، يارامىلىق ماتېرىيال بولۇپ يېتىلىپ قاپتۇ؛ قېرى تۇخۇمەك دەرەخنىڭ تۈۋىدە قېپقالغان ھېلىقى كۆچەت قۇياش نۇرى يېتىشمىگەچكە، ئۆزۈكسىز قىلىپ، ئەگرى-بۈگرى دەرەخ بولۇپ قاپتۇ.

قېرى تۇخۇمەك دەرىخى ئۆزىنىڭ تۈۋىدىكى ماتېرىيالغا يارىماس بۇ كۆچەتكە قاتتىق ئېچىنغان ھالدا:

— چوڭلارغىلا تايىنىپ ياشايمەن دېسەڭ، مۇشۇنداق ئۆزەڭنىڭ ئىستىقبالىغا ئولتۇرىسەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

4-ماي

## مايمۇن پادىشاھ

### ليۇ ۋېن

بىر مايمۇن ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرىشىنى خۇشاللىق ھېساپلايدىغان پەزىلىتى بىلەن پادىشاھ بولۇپ سايلىنىپتۇ.

پادىشاھ تەختكە چىقىپلا، ئوۋچىلارنىڭ ھايۋانلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈس- تىدە باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇ قوشۇمىسىنى بىر تۈرۈپلا ئەقىل تېپىپتۇ: "دۇرۇس، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بىز مايمۇنلارغا ئوخشاش دەرەختە ياماشسۇنى، سەكرەشنى ئۆگىنىۋالسىلا بولىدى ئەمەسمۇ؟"

مايمۇن پادىشاھ خۇشال ھالدا: "ھايۋانلارنىڭ ھەننىۋاسى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە دەرەختە چىقىشنى ئۆگىنىۋالسۇن" دېگەن 1 - نومۇرلۇق بۇيرۇقنى جاكارلاپتۇ. ئۆگىنىشنى خالى- مايدىغان ھۇرۇنلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يەنە: "ھەر- قانداق ھايۋاننىڭ بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويۇل- مايدۇ" دەپ تەكىتلەپتۇ.

مايمۇن پادىشاھ دەرەختە ياماشىش تېخنىكىسى ھەممىدىن ئۈستۈن مايمۇنچاقلارنى باشقا ھايۋانلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ، بىراق، بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بوپتۇ؟ نۇرغۇن ھايۋانلار بۇ ياخشى پادىشاھنىڭ يېنىدىن غېپىدە كېتىپ قاپتۇ.

مايمۇن پادىشاھ بۇنى زادىلا چۈشىنەلمەي، ئېڭىكىنى تۇت- قىنىچە قاتتىق خىيال سۈرۈپ: نېمە ئۈچۈن ئۇلار مېنى پادىشاھ- لىققا سايلايدۇيۇ، بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلمايدۇ؟ مەن پۈتۈن- لەي شۇلارنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەنغۇ!

www.uyghurkitap.com

5 ـ ماي

# كىچىك قارا ئېيىقنىڭ غېمى

## ۋاڭ يۇچۈەن

كىچىك قارا ئېيىق ئۆزىنى ئىسكىرىپكا چېلىشقا ئۇستا ھېسابلاپ، ئورمانلىققا كىرىپ باشقىلارغا ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرىپتۇ. بىراق، ئۇ بىرەر پەدە چالا ـ چالمايلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەتتىۋاسى كېتىپ قاپتۇ.

كىچىك قارا ئېيىق: "بۇ ئىسكىرىپكا بەك ناچار ئىكەن، ئۇن نەچچە يۈەنلىك ئىسكىرىپكا زادى قانچىلىك بولماقچى، ئەمدى مەن ئېسىل ئىسكىرىپكىدىن بىرنى سېتىۋالسام بولغۇدەك" دەپ ئويلاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ يۈز نەچچە يۈەنلىك ئىسكىرىپكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئورمانلىقتا كۆپچىلىككە چېلىپ بېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، تىڭشىغۇچىلار بېشىنى چايقىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن تارىلىپ كېتىپتۇ.

كىچىك قارا ئېيىق پەرىشان بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: "ئەجەبا مۇشۇ ئىسكىرىپكىدا چېلىپ بەرسەممۇ يارىمىغانمىدۇ" دەپتۇ.

دەرەخ ئۈستىدىكى تىيىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن

كېيىن، يۈز - خاتىر قىلماستىن:

— ئېيىق ئاكا، سىنىڭ چېلىش ماھارىتىڭ بەك ناچار ئىكەن، ئىسكىرىپكا ھەرقانچە ئېسىل بولغىنى بىلەن بىكار، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خىجىل بولغان كىچىك قارا ئېيىق: "قايتىپ بېرىپ بىرنەچچە يىل جاپالىق مەشىق قىلىپ ھەممىسىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك چېلىپ بەرمەيدىغان بولسام" دەپ ئىسكىرىپكىنى مۈرىسىگە ئارتىپ كېتىپ قاپتۇ.

6 - ماي

## شېغىل بىلەن قۇم

### ليۇ تەن

دەريا بويىدا بىر يىگىت بىر كۈرجەك شېغىل بىلەن قۇمنى غەلۋىرگە تۆكۈپتۇ.

غەلۋىر تاسقاشقا باشلاپتۇ.

شېغىل بىلەن قۇم بىرپەس مۇنازىرىگە چۈشۈپتۇ.

— بۇنىدىن ئىلگىرى ئىككىمىز بىرگە ياشايتتۇق، ئەمدى غەلۋىردە تاسقىلىدىغان بولدۇق، 'غەلۋىردىن ئۆتمىگىنى ماتېرىيالغا يارايدۇ دېگەن تەمسىل بار - دە، — دەپتۇ شېغىل.

— ئۇنىسى ناتايىن، — دەپتۇ قۇم غەلۋىرنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

كېتۋېتىپ.

غەلۋىرنىڭ ئۈستىدە شېغىل بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ، قۇم بارغانسېرى ئازىيىپتۇ.

"شار-شار" قىلىپ غەلۋىردىكى شېغىل دەريا بويىغا تۆكۈپ تاشلىنىپتۇ. غەلۋىردە تاسقالغان قۇم تىراكتوردا ئېلىپ كېتىلىپتۇ.

7-ماي

## ئېشەك پادىشاھنىڭ "سەۋرچانلىقى"

### شۈي رۇنچۈەن

ئېشەك ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، "سەۋرى-تاقەت" پەلسەپىسى توغرىسىدا كۆرگەنلا يەردە لېكسىيە سۆزلەپتۇ. ئۇ ئۇششاق ھايۋانلارغا، — بىرەر ئىشقا يولۇققاندا، سەۋرى-تاقەتلىك بولۇڭلار، مەسىلەن، مەن ئاچچىقلىنىپ سىلەرنى تىللىسامۇ، ھەتتا بىر-ئىككى تېپىۋەتسەممۇ "سەۋرى-تاقەت" قىلىپ جىم تۇرساڭلار، ھېچ ئىش چىقمايدۇ، — دەپتۇ.

بىر كۈنى مېكىيان كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلىپ:

— پادىشاھىم، تۈلكە مېنىڭ چۈجىلىرىمنى يەپ كېتىپتۇ، ماڭا

ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا، — دەپتۇ.

ئېشەك پادىشاھ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، "سەۋرى - تاقەت" قىلساڭلا بۇنداق ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، تۈلكىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويساڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

يەنە بىر كۈنى، ئۆچكە كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، — پادىشاھىم، بۆرىلەر بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتتى، بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا، — دەپ شىكايەت قىپتۇ.

ئېشەك پادىشاھ، — كۆڭلىڭنى يېرىم قىلما، "سەۋرى - تاقەت" قىل، بۇنداق ئىشلار بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۆرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويساڭ، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

يەنە بىر كۈنى، ئېشەك پادىشاھ ئورمانلىقتا ئايلىنىپ يۈرگەندە بىر يولۋاسنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، "ۋايجان! مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار" دەپ ۋاقىراپتۇ. دەرەختىكى بىر قۇشقاچ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سوغۇققىنا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئېشەك پادىشاھىم، ھولۇقمىسىلا، "سەۋرى - تاقەت" قىلسىلا، بۇ ئىش بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، يولۋاسنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپ قويسىلا ئىش چاتاق بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

8 ـ ماي

# ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئىنئام تالىشىشى

## شۇي رۇنچۇەن

مەلۇم بىر باي سودا ئىشى بىلەن قوشنا ناھىيىگە بارماقچى بوپتۇ. ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇن ئىككى ئوغلىغا:

ــ ئۆيگە ئوبدان قاراڭلار، ئەگەر بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، كىم بۇرۇن خەۋەر قىلسا، شۇنىڭغا 50 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىمەن، ــ دەپ تاپىلاپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى ئۆيگە ئوغرى چۈشۈپتۇ. باينىڭ چوڭ ئوغلى: ”باي بولۇش پۇرستى كەلدى، ئەگەر دادامغا بالدۇر خەۋەر قىلىۋالسام، 50 سەر كۈمۈش ئىنئام ئالالايمەن“ دەپ ئويلاپتۇ.

ئىككىنچى ئوغلى ئاكىسىنىڭ كېچىلەپ دادىسىنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچىدە: ”چوقۇم ئاكام دادامدىن كۈمۈش ئىنئام ئالىمەن دەپ كەتتى، مەن نېمىگە قاراپ تۇراتتىم“ دەپ ئويلاپ، ئوغرى بىلەن چاتىقى بولماي، ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوشنا ناھىيىگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن قوشنا ناھىيىدىن

شاپاشلاپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدىكى سەرەمجانلارنىڭ ھەممىسىنى ئوغرى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ كېتىپتۇ. ئىككى ئوغلى ئەكسىچە دادىسىدىن 50 سەر كۆمۈش ئىنئام بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

9 ـ ماي

# ئالتۇن بىلەن تۇچ

## ۋاڭ خەيۋېن

بىر پارچە تۇچ كۆمۈرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، يەنە بىر پەستىن كېيىن بىر پارچە ئالتۇنمۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆمۈر ئۇلارنى تونۇمىغاچقا، ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— سىلەر نېمە بولىسىلەر؟

— مەن ئالتۇن، ئۇ تۇچ، — دەپتۇ تۇچ ئىتتىكلا.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن ئالتۇن بولىمەن، ئۇ تۇچ، — دەپتۇ ئارقىدىنلا ئالتۇن.

— ياق، ئۇ تۇچ!

— مەن تۇچ ئەمەس، ئۇ تۇچ!

ئۇلارنىڭ رەڭگى ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، كۆمۈر ھەرقانچە قىلىپمۇ پەرقلەندۈرەلمەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، بىر ئىشچى كۆمۈرنى پار قازىنىغا سېلىپتۇ، ئالتۇن بىلەن تۇشمۇ كۆمۈرگە ئارىلىشىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئوتتا يالت ـ يۇلت پارقىراپ كېتىپتۇ؛ كېيىن، تۇش ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپتۇ، لېكىن ئالتۇن پارقىراق پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ.

بۇ چۆچەك تاشقى قىياپىتى ساختا، ماھىيىتى ناچار كىشىلەرگە قارىتىلىدىغان بوپتۇ.

**10 ـ ماي**

## تومۇزغا ۋە سېرىق قۇشقاچ

### ما يۈيمىن

بىر تومۇزغا دەرەختە سايراۋېتىپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۆتكۈر تۇمشۇقىنى دەرەخنىڭ غولىغا سانجىپ، دەرەخنىڭ شىرنىسىنى شوراپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، بىر سېرىق قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ، تومۇزغىغا:

— كىشىلەر سېنى كۈندە دەرەخ شىرنىسىنى شورايدىغان ئوسال ئەبلەخ دېيىشىدۇ، بۈگۈن مەن سېنى يەۋېتىمەن، — دەپتۇ.

تومۇزغا ئالدىراپ ـ تېنەپ، — ياق، سېرىق قۇشقاچ، سىز

ھەرگىز ئىغۋاغا ئىشەنمەڭ، بىز تومۇزغىلار كاتتا ناخشىچى تۇرساق، قانداقسىگە ئۇسال ئىش قىلىمىز؟ بىز دېگەن شەبنەم سۈيىدىن باشقا نەرسىنى ئىچمەيمىز، ــ دەپتۇ. سېرىق قۇشقاچ بۇنى ئاڭلاپ، باشقا بىرنەرسە دېمەي ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، تومۇزغا يەنە دەرەخ شىرنىسىنى شوراشقا باشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، دەرەخ كەينىدە مۆكۈنۈپ تۇرغان سېرىق قۇشقاچ پۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ، ــ ۋۇ، ھارامتاماق، ئەمدى قانداق قىلىسەن، ــ دەپتۇ. بۇ نۆۋەت تومۇزغا سېرىق قۇشقاچقا يەم بولۇشتىن باشقا ئامال تاپالماپتۇ.

بۇ چۆچەك ساختا سۆزلەر بىلەن تۈزىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى يېپىشقا ئۇرۇنغان ئادەملەرنىڭ ھامان خەلقى - ئالەم ئالدىدا چاۋىسى چىقا يېپىلدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

11 - ماي

## ئىككى تال موگۇ

### چۈجىنلىيەن

رەڭلىك موگۇ ئاق موگۇغا، ــ قارا، مەن نېمىدېگەن رەڭدار چىرايلىق، سەن رەڭسىز، سەت تۇرساڭمۇ كىشىلەر مەندىن قېچىپ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ــ دەپتۇ ۋە غوتۇلداپ گېپىنى

داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ــ كىشىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى نېمە-دېگەن قورقۇنچلۇق!

ــ كىم ساڭا بىر تەرەپلىمە قاراپتۇ؟ ــ دەپتۇ ئاق موكۇ، ــ سەن رەڭدار تۇرقۇڭ بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىسەن، ئىچىڭدە زەھەر بار، شۇڭا كىشىلەر سەندىن قاچىدۇ؛ مېنىڭ رەڭگىم سەت بولغىنى بىلەن، كۆڭلۈم ياخشى، كىشىلەرگە ئوزۇق بېرىمەن، شۇڭا كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرىدۇ ــ دەپ.

12 ـ ماي

# بۆرگە بىلەن پاقا

## شۈي رۇنچۈەن

بۆرگە بىلەن پاقا ئېگىزگە سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ، ماھارەتتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىكەن. بىركۈنى "بىسپايان زېمىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى"نىڭ مۇخبىرى ھەسەل ھەرىسى ئېگىزگە سەكرەش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى زىيارەت قىلىپ، پاقىنى سىنئالغۇغا ئاپتۇ.

بۆرگە ئېكراندا پاقىنى كۆرۈپ، "نېمىشقا مەن يوق" دەپ ئويلاپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ مۇخبىردىن، ــ نېمىشقا ئىككىمىزگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايسىلەر؟ پاقىنى سىنئالغۇغا

ئېلىپ، مېنى ئالمىغىنىڭلار نېمىسى، — دەپ سوراپتۇ.
ھەسەل ھەرىسى قاتتىق تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا، — پاقا زىيان-داش ھاشارەتلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن سەكرەيدۇ، سەنچۇ، كىشى-لەرنىڭ قېنىنى شوراپ قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن سەكرەيسەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

13 - ماي

## مۇنارنىڭ 13 - قەۋىتى

### شۆي رۇنچۇەن

13 قەۋەتلىك بىر مۇنار بار ئىكەن، ھەر كۈنى نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ئۇنىڭ 13 - قەۋىتىگە چىقىپ تاماشا قىلىدىكەن، ساياھەتچىلەر ھۇزۇرلىنىپ، خۇشاللىقىدىن: "بۇ يەرنىڭ مەنزى-رىسى نېمىدېگەن ياخشى - ھە" دېيىشىدىكەن.
13 - قەۋەت بۇنى ئاڭلاپ: "مەن ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرى-مەن" دەپ كۆرەڭلەپ، 11 -، 12 - قەۋەتلەرنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋاپتۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي 13 - قەۋەتكە ھېچكىم چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بېشى قېتىپ سۈرۈش-تۈرۈپ كۆرسە، ئەسلىدە 12 - قەۋەتنىڭ شوتىسى بۇزۇلۇپ قالغاچقا، ساياھەتچىلەر چىقىشقا ئامالسىز قالغانىكەن.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ، تۆۋەنكى قەۋەتلەرنىڭ شوتىسى بولمىسا، ئۆزىنىڭ ھەرقانچە ئېگىز بولغان بىلەنمۇ ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

14 - ماي

## ئالتۇن بېلىق ۋە سەدەپ قۇلۇلىسى

### چۈجىنلىيەن

ئالتۇن بېلىق سەدەپ قۇلۇلىسىنى كۆرۈپ، — دوستۇم، سېنىڭ مۇشۇ بىر ئۆيلۈك بىساتىڭدىن باشقا نەرسەڭ يوق، تازىمۇ بىچارىكەنسەن، — دەپتۇ مەنسىتمىگەن ئاھاڭدا.

سەدەپ قۇلۇلىسى ئۈندىمەي تۇرسا، ئالتۇن بېلىق تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، — قارىمامسەن، پۈتۈن تېنىم ئالتۇن، دۇنيادا كەم كۆرۈلىدىغان بايلاردىنمەن، — دەپتۇ.

— سېنى قانداقمۇ باي دېگىلى بولسۇن! — دەپتۇ سەدەپ قۇلۇلىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — مەن نامرات بولساممۇ، ئۆيۈمدە ئەتىۋارلىق ئۈنچە-مەرۋايىتلار بار؛ لېكىن سەن "پۈتۈن تېنىم ئالتۇن" دېگىنىڭ بىلەن، تېنىڭدىن بىر تال يارماقمۇ چىقىرالمايسەن!

# قۇشلارنىڭ جىنايەتچى بۆركۈتتىن ئەپۇ سورىشى

## شۆي رۇنچۇەن

بىركۈنى، سۇمرۇغ سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قېلىپ، ئورمانلىقنى بۆركۈتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپتۇ، بۆركۈت تەختكە چىقىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىپتۇ. كىچىك تورغايلىكى بەدىنىدىكى پەيلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپتۇ، كەپتەرنىڭ بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزىنى ئويۇۋېتىپتۇ، سويسوپيانىڭ سايرىشىغا يول قويماپتۇ، ئۇ يەنە پاختەكنىڭ نۇرغۇن تۇخۇملىرىنى يەۋېتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي سۇمرۇغ قايتىپ كەپتۇ، ئۇ، بۆركۈتنىڭ قۇشلارغا قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلىپ، جازالىماقچى بولۇپ قەپەزگە سولاپ قويۇپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ تورغاي بىرىنچى بولۇپ يىغلاپ، — بۆركۈتنىڭ تۇنجى قېتىم جىنايەت سادىر قىلىشى، ئۆتۈنۈپ قالساق، ئۇنى كەچۈرۈۋەتسىلە!

— پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان كەپتەر، — ئۆتۈنۈپ قالايلى، بۆركۈتنىڭ جىنايىتىنى

كەچۈردۈەتسلە.

سوپسوپىياك، پاختەك، بۇلبۇل، كاككۇك، سوپىتورغايلار،
ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشىپ بۆركۆت ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپتۇ.
سۇمرۇغ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، بۆركۆتنى كاللىسىنى
كېسىپ، قۇشلار ئارىسىدا سازايى قىپتۇ. بۇ خەۋەر تارالغان-
دىن كېيىن، قۇشلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ
كېتىپتۇ.

سۇمرۇغ ھەيران بولۇپ:

— تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ھەممىڭلار بۆركۆت
ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ يۈرمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىمىز يۈز - خاتىر قىلىپ ئۇنى قويۇۋېتىپ قالسا
تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن-
دۇق، — دەپتۇ قۇشلار.

16 - ماي

## بۇلبۇل

لەي تيەنشۇ

بۇلبۇل كىشىلەرنىڭ مۇشۈك ياپىلاقنى ماختىغانلىقىنى ئاڭ-
لاپ، مۇشۈك ياپىلاقتىن ھۈنەر ئۆگەنمەكچى بولۇپ، ئانىسى

بىلەن خوشلىشىپ، تاغ ئېتىكىدىكى ئورمانلىققا بېرىپتۇ.

ئۇ مۈشۈك ياپىلاقنىڭ كۆل رەڭ كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر سىقىم لاينى ئېلىپ بەدىنىگە سۈرتۈپ، ئۆزىنى ئۇستازى بىلەن ئوپئوخشاش قىلىپ پەردازلاپتۇ.

ئۇ مۈشۈك ياپىلاقنىڭ تۇمشۇقىنىڭ ئىلمەككە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇمشۇقىنى ئىلمەككە ئوخشاتماقچى بولۇپ، تاشقا قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

مۈشۈك ياپىلاقنىڭ سايرىشى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشىشىدىكەن دەپ ئويلاپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ سايرايدىغان بوپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئۆگىنىشنى تامامىلاپ قايتىپ كەپتۇ.

— ھەي بالامەي، سەن كىشىلەرنىڭ نېمىشقا مۈشۈك ياپىلاقنى ماختايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى يا يىغلىشىنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي، — ئۇ چاشقان تۇتۇشتا ماھىر بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ماختايدۇ. سەن ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزەڭنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ تۈگەشتۈرۈپسەن ئەمەسمۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

17 ـ ماي

# تومۇزغا

## لەي تيەنشۇ

يىقىنىدا، مەلۇم ئىدارە بىر دانىشمەن قوبۇل قىلماقچى بوپتۇ. كىمنىڭ تاللىنالىشى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار ئىكەن.

بەزىلەر قارلىغاچ بولسۇن، چۈنكى ئۇ زىيانداش ھاشاراتلەرنى يوقىتىش ماھىرى دەپتۇ.

بەزىلەر: تۆمۈر تۇمشۇق بولسۇن، چۈنكى ئۇ مەشھۇر دوختۇر، دەپتۇ.

بەزىلەر: مۈشۈك بولسۇن، چۈنكى ئۇ چاشقان تۇتۇش ماھىرى، دەپتۇ.

بەزىلەر: ئارغىماق بولسۇن، چۈنكى ئۇ كۈنىگە مىڭ چاقىرىم يول يۈرەلەيدۇ، دەپتۇ.

بەزىلەر: پىل بولسۇن، چۈنكى ئۇ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماھىرى، دەپتۇ.

بەزىلەر: سۇ كالىسى بەك ئىشچان، شۇنى سايلايلى، دېيىـشىپتۇ...

ئەمما، كۆتۈلمىگەن يەردىن تومۇزغا سايلىنىپ قاپتۇ.
سايلىنالمىغانلار بۇنىڭغا ھېچ ئەقلى يەتمەي، ئاخىر تومۇز-غىدىن سوراپتۇ:
— تومۇزغا ئەپەندىم، ماھارەت، بىلىم دېسە بىزدە بار، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا سەندەك نادانىنىڭ قولىدا يېڭىلىپ قالدۇق؟
تومۇزغا تەكەببۇرلۇق بىلەن:
— چۈنكى مېنىڭ مەخسۇس تاتلىق گەپ قىلىدىغان ئاغزىم بار - دە! — دەپتۇ جاۋاب بېرىپ.

18 - ماي

## ھەمراھلىرىغا تەنبىھ بېرىشكە خۇشتار ئېشەك

لەي تيەنشۇ

بۇرۇن بىر ئېشەك ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئەمەل تۇتقاندىن كېيىنلا ھەمراھلىرىغا تەنبىھ بېرىشنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: "مەن ئەڭ ئەقىللىقمەن. بولمىسا بۇ خان تاجى ماڭا كىيدۈرۈلمىگەن بولاتتى - دە" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئارغىماقنا "يۈگۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار" ئۈستىدە ئۈچ

سائەت سۆزلەپتۇ.

ئەتىسى سوسوپىياگىغا "ناخشا ئېيتىشنىڭ ئېپى" ھەققىدە ئالتە سائەت گەپ سېتىپتۇ.

بۈگۈن قۇندۇزغا "سۇغا شۇڭغۇش تەجرىبىلىرىم" دېگەن تېمىدا 12 سائەت ۋەز ئېيتىپتۇ.

قۇندۇز ئاڭلىغانسېرى گاڭگىراپ كېتىپ، يۈرەكلىك ھالدا:

— ئەپەندىم، ئۆزلىرى بىر كۆرسىتىپ بەرسىلە بولارمۇ؟" — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي بولمامدىغان!، — ئېشەك كۆرەڭلىگىنىچە چىچچاڭشىپ بىر سەكرەپلا سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بۈرۈقتۇرۇم بولۇپ، قورسىقى كۆپىتەك كۆپۈپ كېتىپتۇ. قالغانلار "ھە، ھۇ" بىلەن قۇتقۇزىۋالمىغان بولسا، جېنىدىن جۇدا بولار ئىكەن.

19 ـ ماي

## قىزىلگۈل بىلەن ياپراق

### شۈي رۇنچۈەن

باھارنىڭ يىللىق ئايتىپى گۈلزارلىقتىكى گۈللەرنى ھۆپپىدە قىزارتىۋېتىپتۇ، گۈلنىڭ ئەتراپىدا كېپىنەكلەر پەرۋانە قىپتۇ،

ھەسەل ھەرىسى غۇڭگۇلداپ ناخشىغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، گۈل ھاكاۋۇرلىشىپ، دۇنيادا مەندىن چىرايلىق نەرسە يوق دەپ قاراپ، ئەتراپىدىكى يېشىل ياپراقلارنى ھەم سەت، ھەم خۇش پۇراقسىز كالۋالار، دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

گۈل ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، يېشىل ياپراقتىن ئايرىلىش نىيىتىگە كەپتۇ، ئۇ، شامالنىڭ كۈچى بىلەن بىرلا سىلكىنىپ بوشلۇققا لەيلەپ چىقىپتۇ، ئۇ لەيلىگەنسېرى ئېگىزلەپ كېتىپتۇ. يەردىكى ياپراق ئۇنىڭغا:

— گۈل ھەدە، تېز قايتىپ كېلىڭ، بىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايسىز، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

گۈل ئۇنىڭغا پەسەنت قىلماي ئاسماندا لەيلەپ يۈرۈۋېرىپتۇ، ئەمما، شامالنىڭ توختىشى بىلەنلا يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھەسەل ھەرىسى ۋە كېپىنەكلەرمۇ كەلمەپتۇ، پەقەت چاڭ-توزانلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي قىزىق ئاپتاپتا قۇرۇپ قاپتۇ، ئاخىرى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىپتۇ...

www.uyghurkitap.com



# كېپىنەك بىلەن ھەسەل ھەرىسى

## شى فېي

بولۇشىغا پەردازلانغان ئەركە ـ نايناق كېپىنەك گۈللۈكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرۈيدىكەن. ئۇ بىر ئەتىرگۈلگە قونۇپ، چىرايلىق قاناتلىرىنى يېيىپ سىلكىپ تۇرۇپ، ئالدىدا تۇرغان ھەسەل ھەرىسىگە مىشچانلىق بىلەن:

— ھەي ھەرىچاق، نېمانچە ئاددىي ياسىنىۋالدىڭ، خىجىل ـ لىق ھېس قىلمامسەن؟ ماڭا قارىغىنا، كىيىملىرىم نېمىدېگەن مودا، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن... — دەپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بىر بالا يېنىك ئىز بېسىپ كېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ ـ دە، تور خالتىنى ئەپچىللىك بىلەن ئۇستىگە يېپىۋاپتۇ.

كېپىنەك توردا توختىماستىن تېپىرلىغىنىچە ۋارقىراپتۇ:

— مېنى قويۇۋەت! نېمدەپ مېنى تۇتىسەن؟......

ھەسەل ھەرىسى گۈلنىڭ ئەتراپىدا بىخىرامان ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ، ئۇ كېپىنەكنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ:

— كېپىنەك، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرمە ـ گەن بولساڭ بۇ كۈنگىمۇ قالماس ئىدىڭ، — دەپتۇ.

21 ـ ماي

# تۆت پەسىل قىزىنىڭ بەس مۇنازىرىسى

ۋاڭ يۇچۇەن

تەبىئەتنىڭ تۆھپىسىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلىپتۇ، يىغىنغا باھار، ياز، كۈز، قىش قاتارلىق تۆت قىز كەپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى ئەڭ كۆپ دەپ تۇرۇۋېلىپ، بىر-بىرىنى زادىلا قايىل قىلالماپتۇ.

باھار قىز، — كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەن كەڭ زېمىننى يېشىللىققا پۈركۈيمەن، ئۇرۇقلارنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، كائىناتنى جانلاندۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ.

ياز قىز، — كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن كەڭ زېمىنغا يېتەرلىك قۇياش نۇرى بەخش ئېتىمەن، مايسىلار شەبنەم ۋە يامغۇر سۈيىگە قېنىپ، قۇياش نۇرىدا ئېمەن ئۆسىدۇ، — دەپتۇ.

كۈز قىز، — كىشىلەر مېنى ياقتۇرىدۇ. مەن زىرائەتلەرگە ساپسېرىق ئالتۇن رەڭ بېرىمەن، ئاشلىق تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئالتۇن كۈز پەسلىنى كىممۇ ماختىمىسۇن؟ — دەپتۇ.

قىش قىز، — كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن زىرائەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق لىباس يېپىپ، بۇغداي مايسىلىرىنى

باغرىمدا يىلىلىقىنە ئۇخلىتىمەن، مول ھوسۇلىدىن بىشارەت بېرىدىغان خاسىيەتلىك قارنى كىممۇ ماختىمىسۇن؟ — دەپتۇ.

تۆت قىزنىڭ تالاش ـ تارتىشىنىڭ توختىمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قۇياش بوۋا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قىزلىرىم، ھەممىڭلارنىڭغۇ تۆھپىسى بار، لېكىن تۆھپەڭلارنى ئۆزەڭلارنىڭ ماختىغىنى ياخشى بولماي قالدى، — دەپتۇ.

22 ـ ماي

# تاش ۋە كۆمۈر

## ۋاڭ يۈچۈەن

تاش بىلەن كۆمۈر دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ، كۆمۈرگە تاش لاپپىدە بىر قارىۋېتىپ، مەنسىتمىگەن ئاھاڭدا:

— ھەي! سەن قاپقارا نېمىدېگەن سەت يارالغان بولغىنىڭ! — دەپتۇ.

كۆمۈر پەرۋا قىلماپتۇ، تاش بولسا ماختىنىپ:

— قارىمامسەن، مەن پارقىراق، ئاپئاق، سىمىزغىنە، نېمىدېگەن چىرايلىق، مېنى كىملا كۆرسە ياقتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا بىر ئىشچى كۆمۈرنى ۋاگونغا قاچىلاپ، تاشنى چۆرىۋېتىپتۇ. قاش ـ قاپىقى سوقۇلۇپ

ئىشىپ كەتكەن تاش، — نېمشقا مېنى تاشلىۋېتىسلەر؟ كۆزۈڭلار مال تونۇمدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھا، ھا، ھا... كىم مال تونۇمايدىكەن؟ — دەپتۇ ۋاگوندىكى كۆمۈر، — ھەقىقىي گۈزەللىك سىرتقى قىياپەتتە ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە ئەسقىتىش ـ ئەسقاتماسلىقتا!

23 ـ ماي

## لۇبەن ئۇستامنىڭ پالتىسى

### چيەن شىنباۋ

لۇبەن ئەل ئارىسىدا داڭقى بار ياغاچچى ئىكەن، ئۇ ئىشنى ھەم تېز ھەم سۈپەتلىك قىلىدىكەن.

لۇبەن ئۇستامنىڭ شاگىرتى دائىم قولىدىكى پالتىنىڭ دېگەن يەرگە چېپىلمايۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. ئۇ ئۇستىسىنىڭ قولىدىكى پالتىنىڭ ئەپچىل، جايىدا چېپىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى دومسايتقان ھالدا:

— ئۇستام، سىلىنىڭ پالتىلىرى ئەپچىل ھەم چاققان، مېنىڭ پالتام قوپال، ئەپسىز ئىكەن، ئىككىمىز ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسەك قانداق؟ — دەپتۇ.

لۇبەن كۈلۈپ قويۇپ پالتىسىنى شاگىرتىغا بېرىپتۇ. شاگىرتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇستىسىنىڭ پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ، پالتىنى بىردەم ئىشلىتىپ باققاندىن كېيىن، ئۇ پالتىغىمۇ ئەپلىشەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پالتىسىنى ئۇستىسىنىڭ شۇنچە يېنىك ھەم تەسىسىي ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا ئۇستىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

ئۇستىسى ئۇنىڭغا مەنىلىك قىلىپ، — سەن تېخى پالتا ئىشلىتىشنىڭ ئېپىنى ئىگەللىيەلمىدىڭ، شۇڭا پالتا ئەلۋەتتە دېگەن يېرىڭگە چېپىلمايدۇ ـ دە، — دەپتۇ.

24 ـ ماي

# مىكىجىننىڭ نەزىرىيىسى

## چيەن شىنباۋ

مىكىجىن ئەمگەك قىلماي، باشقىلارنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ ياشايدىكەن. بىركۈنى، مايمۇن ئازراق كۆممىقوناق ئېلىپ كېلىپ مىكىجىنغا:

—ئاپىرىپ ئۇرۇقلۇق قىل، كۆكلىگەندە قويۇپ تېرىساڭلا ھوسۇل بېرىدۇ، — دەپتۇ.

كۈز كەلگەندە، مىكىجىن مايمۇندىن يەنە سەدىقە تىلەپتۇ.

— سەن تېرىغان كۆممىقوناقچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مايمۇن.
— كۆممىقوناقنى تېرىپ ھوسۇل ئالغىچە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىكەن، بۇ جەرياندا قۇرغاقچىلىق ۋە سۇ ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى، ھاشاراتلەرنىڭ زىيان سېلىشى تۇرغانلا گەپ. تېرىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوغرىسى بار. ئۇرۇقنى چېچىپ قويغان بىلەن چوقۇم ھوسۇل بېرىدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ مەن كۆممىقوناقنى تېرىماي ئالدىن پىشۇرۇپ يەۋەتكەنىدىم، — دەپتۇ مىكىجىن ئەزۋەيلەپ.
— يەرگە ئۇرۇق چاچمىساڭ ھوسۇل دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن دانا نەزەرىيىچى، — دەپتۇ مايمۇن ئۇنىڭغا.

25 - ماي

# پەلەك

## چيۇ يۈنگۈڭ

بىرتۈپ ياپيېشىل پەلەك بىرتۈپ قارىغايغا جان-جەھلى بىلەن يۆگىشىۋاپتۇ.
— سۆيۈملۈك قارىغاي، مەن سېنى جامالىڭغا ھۆسن قوشۇپ بېزەۋاتىمەن، مەن دېگەن ياپيېشىل پەلەك، يۈزۈگدىكى ئۆمۈ-

چۇك توردەك قورۇقلارنى يېيىپ تۇرسەن؛ گۈزەللىككە گۈزەللىك قوشسەن، ــ دەپتۇ يېشىل پەلەك ئاغزىنى قارىغاينىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تەبەسسۇم بىلەن

پەلەكنىڭ شېرىن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قارىغاينىڭ خۇشاللىقىدىن بېشى كۆككە تاقاشقۇدەك بوپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا ھەدەپ كاللىسىنى ئىغاڭلىتىپ، قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن، قارىغاينىڭ ياپيېشىل شاخ ـ يوپۇرماقلىرىغا شۇم پەلەكلەر چىرمىشىپ كېتىپتۇ، قارىغاي ساماندەك سارغىيىپ ئازابلىنىپتۇ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىچارە قارىغاي پۈتۈن بەدىنىنى پەلەك چىرماپ كېتىپ قۇرۇپ قاپتۇ.

26 ـ ماي

## لۇغەتنىڭ نارازىلىقى

**جى شىلى**

شىنخۇا كىتابخانىسىدىكى جازىلارغا يېڭى نەشر قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەر تىزىپ قويۇلۇش بىلەنلا كىتابخانىلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ، تالىشىپ سېتىۋاپتۇ.

جازىدىكى سۆزلۈك لۇغىتى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىزلا ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ غوتۇلداپتۇ:

— ھىم! نېمىگە ئۇنچە كۆرەڭلەپ كېتىسەن، سەندىكى خەتلەرنى مەن تەمىنلىگەن ئەمەسمۇ؟ سەن يەنىلا ماڭا يېتەلمەيسەن - دە!

ئېروگلىن لۇغىتى بۇنى ئاڭلاپ دەسلەپتە سەل قاتتىق گەپ قىلىۋاتماقچى بوپتۇيۇ، كېيىن يەنە مۇلايىملىق بىلەن:

— كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ رولىنى يوققا چىقارساڭ بولمايدۇ، گەرچە ئۇلاردىكى خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىز تەمىنلىگەن بولساقمۇ، لېكىن كىشىلەر بىزدىكى خەتلەرنى ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرۈپ جايىدا بىرىكتۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئەسەرلەر جەمئىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قىبلىنامىگە ئايلانغان، ئۇنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز رولى بار، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەسەت قىلىش ۋە نارازى بولۇش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مەدەت بېرىش ۋە ياردەم بېرىش. ھېلىقىدەك قىلىشىڭ سېنىڭ ھەسەتخورلۇقىڭنىڭ ئىپادىسى! — دەپتۇ.

بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا، قابىلىيەتلىكلەرگە ھەسەت قىلىدىغانلار ئاز ئەمەسقۇ؟ بۇنداق ئادەملەر ئۆزى قابىلىيەتسىز بولغاچقا، باشقىلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش قابىلىيەتسىز بولۇپ قالسىكەن دەپلا يۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

27 ـ ماي

# بىلەيننىڭ ئېتىقادى

## جى شىلىڭ

بىر ھەيكەلتاراش تاغدىن بىر پارچە تاشنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تاش ئويمىغا ئىشلىتىپ، ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئويما پىچىقىنى بىلەيدىغان بىلەي قىپتۇ.

ھەيكەلتاراشنىڭ ئىخلاس بىلەن ئىشلىشى نەتىجىسىدە، تاش ئويما قىممەتلىك ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ پۈتۈپ، تاماشىـ چىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، تاش ئويما بىلەينى ئانچە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىركۈنى تاش ئويما ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا بىلەيگە:

ــ بىز ئىلگىرى ئوخشاشلا تاغدا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن نېرى ياشاپ كەلگەندۇق، يېقىندىن بېرى مېنىڭ ئورنۇم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، شۇنىسى سەن ئويما پىچىقىنىڭ ئۇپرىتىشى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتىسەن، مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەندەك جان ـ جىگەر دوستۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن، ــ دەپتۇ.

بىلەي، تاش ئويمىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قايغۇـ

رۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، تاش ئويمىغا:

— مېنىڭچە، ھەيكەلتاراشنىڭ مېنى بىلەي قىلىشى ئۇنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئېھتىياجى. ئەگەر ھېچكىم بىلەي بولۇشنى خالىمىسا، ھەيكەلتاراش قانداقمۇ ئۆتكۈر ئويما پىچىقى بىلەن كۆپلەپ نەپىس بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشىغا بېغىشلىيالايدۇ؟ ھەيكەلتاراشنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشى ئۈچۈن، مەن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشنى خالايمەن، — دەپتۇ.

سىز ئىشلىرىڭىزدا ئۇتۇق قازانغان ۋاقىتتا، نۇرغۇن يولداشلارنىڭ بىلەيگە ئوخشاش سىزگە مەدەت بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويماڭ!

28 - ماي

# ئىككى قىلىچ

## يۇي چىجۇن

بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قىلىچ سوقۇلۇپتۇ. بۇ ئىككى قىلىچ بىر خىل پولاتتىن ئوخشاشلا ئۆتكۈر قىلىپ ياسىلىپتۇ. بىرىنى بىر گېنېرال سېتىۋېلىپ يېنىغا

ئېسۋاپتۇ. يەنە بىرىنى بىر ئاقسۆڭەك سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېسىپ قويۇپتۇ.

ئۈچ يىلدىن كېيىن، تەسادىپىي پۇرسەت بىلەن بۇ ئىككى قىلىچ ئۇچرىشىپ قاپتۇ. گېنېرالنىڭ قولىدىكى قىلىچ ئۆز ھەمراھىنىڭ چاڭ-توزان بېسىپ، داتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— ئاللا قېرىندىشىم، كۆرۈشمىگىلى ئۈچ يىل بوپتۇ، ھالىڭ نېمانچە خارابلىشىپ كەتتى؟ — دەپتۇ.

— ساڭا نېمىمۇ دېسەم بولار؟ — دەپتۇ ئاقسۆڭەكنىڭ قولىدىكى قىلىچ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — سەن گېنېرالنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئۇ سېنى گۆھەرنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، رولۇڭنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپتۇ، ئەمما مېنى ئاقسۆڭەك زىننەت بۇيۇمى ئورنىدا تىزىپ قويغاچقا، داتلىشىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، بۇمۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ مېنى قەستەن قىيىنىشى بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# خوجايىن ئېيىق

## يۈي چىجۈن

باغۋەنچىلىكتىن خەۋىرى يوق ئېيىق مەلۇم مۇناسىۋەتلەر بىلەن باغنى باشقۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ.

ئۇ تەختكە چىقىش بىلەنلا كېلەڭسىز گەۋدىلىرىنى ئىغاڭلاتـقىنىچە باغقا كىرىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ــ مۇنۇ دەرەخ بۇ يەردە تۇرسا، بىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، كېسىۋېتىڭلار! ــ دەپتۇ ئۇ توشقان باغۋەنگە بىر تۈپ ئالمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ــ بۇنى قوي تېخنىك ئورۇنلاشتۇرغانىدى، ــ دەپتۇ توشقان باغۋەن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭغا ئىزاھلاپ.

ــ كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشى بىلەن چاتىقىم يوق، كېسىۋەت دېگەندىكىن كېسىۋەت!

توشقان باغۋەن ئېيىق خوجايىننىڭ ئاچچىقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئامالسىز غۇدۇراپ قويۇپ ئالمىنى كېسىۋېتىپتۇ.

ئېيىق خوجايىن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بىرتۈپ ئەتىرگۈلنىڭ قېشىغا كەپتۇ، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كېيىك باغۋەنگە:

www.uyghurkitap.com

— بۇ گۈل بۇ يەرگە ياراشماپتۇ، ئۇنىمۇ كېسىۋېتىڭلار، — دەپتۇ.

— بۇنى ئارغىماق ئىنژېنېر لايىھىلىگەن، — دەپتۇ كېپىنەك باغۋەن چۈشەندۈرۈپ.

— تولا كاپشىما، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلامسەن، مېنىڭكىنىمۇ!؟

كېپىنەك باغۋەن يەنە بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىپ تۇرۇشىغا، ئېيىق خوجايىن ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر ئالىيىۋېتىپ:

— بەس، بولدى ئېيتمايلا قوي! هازىرلا تۇتۇش قىل، — دەپتۇ.

كېپىنەك باغۋەن يەنە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش هاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئامالسىزلىقتىن ئەتىرگۈلنى كېسىۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇك ــ باراقسان باغ يېرىم يىلغا قالماي تۇپا ــ داڭگاللىققا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بىلمىگەننى بىلمەيمەن دېيىش كېرەك، بىلمىگەننى ئۆگەنمەكتە يوق، باشقىلارغا ھەيۋە قىلىپ بېسىم ئىشلىتىدىغان، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىدىغان كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

30 ـ ماي

# دىرېكتور ۋە نەنگو ئەپەندى

## يۈي چىجۈن

بىركۈنى، مەلۇم بىر دىرېكتور نەنگو ئەپەندىگە يولۇقۇپ قاپتۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز ھېلىقى ساندا بار، ساپادا يوق نەنگو ئەپەندىم ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭىزغا مەنمۇ خىجىل بولۇۋا-تىمەن، — دەپتۇ.

— توغرا دەيسىز، مەن سانى بار، ساپاسى يوق سەت ئىش-لارنى قىلىپ قويغانمەن، — دەپتۇ نەنگو ئەپەندى قىلچىمۇ يوشۇرماستىن جاۋاب بېرىپ، — لېكىن مەن ھەر ھالدا ئۆزەمنى سورىغان ئادەممەن، ئەمما، قورسىقىدا تۈزۈك ئومىچى يوق تۇرۇقلۇق، يۈزىنى داپتەك قىلىپ يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقى-ۋالغان جانابلار ماڭىمۇ يەتمەيدىغۇ دەيمەن!

بۇ گەپ بىلەن ئاغزى تۇۋاقلانغان دىرېكتور غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

31 ـ ماي

# خەت ساندۇقى

## شۈي رۇنچۈەن

كوچا دوقمۇشىدا تىك تۇرغان خەت ساندۇقى يىل بويى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلمايدىكەن. بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ:

ــ بۇرادەر، سەن كۈن بويى ھېچ ئىش قىلماي، كوچا دوقمۇشىدا بىكار تۇرىدىكەنسەن، شۇمۇ قىلىقمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ كىم ھېچ ئىش قىلمايدىكەن؟ ــ دەپتۇ خەت ساندۇقىنىڭ يېنىدىكى ستولبا، ــ ئۇ كوچا دوقمۇشىدا تۇرغان بىلەن، قەلبى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئائىلىلەر بىلەن تۇتاش، ئۇ بوران ـ چاپقۇن بولغان كۈنلەردىمۇ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلماي، خەت ـ پەتلەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىدۇ ئەمەسمۇ!؟

1 ـ ئىيۇن

# دېھقان بىلەن يىلان ھەققىدە يېڭى مەسەل

## ۋاڭ يىمىي

يولدا دېھقانغا بىر يىلان ئۇچراپ قاپتۇ.

يىلان: ”بۇ دۆرەم تۈگەشتىم، ھېلىقى يىلى توڭلاپ قالغان ۋاقتىمدا، بىر دېھقان مېنى قوينىغا سېلىپ قۇتقۇزۇپ قويسا، مەن تىرىلىپلا دېھقاننى چېقىۋالغانىدىم، بۇ قېتىم، ئۇ مېنى ئۇتىغۇچ بىلەن چانىۋېتىدىغان بولدى...“ دەپ ئويلاپتۇ.

دېھقان يىلاننى چانىۋەتمەستىن، خالتىغا سېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

دېھقان كەنتتىكى يىلان بېقىش كەسپىي ئائىلىسىدىن ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

2 ـ ئىيۇن

# سورتلۇق ئۆرۈق

## ۋاڭ خۇيجۇڭ

بىر تال كۆممۇناق ئۆرۈقى ھەمراھلىرى بىلەن ئامبارغا توشۇلۇپتۇ.

— يەرگە چېچىڭلار، مەن بىخلىنىمەن، — دەپتۇ ئۇ.

— كېلەر يىلمۇ بار يەنە، — دەپتۇ ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

— مەن دېگەن سورتلۇق ئۆرۈق، بىلەمسىلەر؟ — دېگىنىچە تەكەببۇرلۇق بىلەن تىككىدە سەكرەپ يەرگە چۈشۈۋاپتۇ.

ئۇ ئاپتاپسىنىپ يېتىپ قەۋەتلا راھەتلىنىپ كېتىپتۇ. بىخ سۈرۈپ مايسىلاپتۇ. قىش كەلگەندە بولسا، مايسا ھالىتىدىلا ئۈشۈپ قاپتۇ.

# ئىككى قۇشقاچ

## شۈي رۇنچۇەن

بىر قۇشقاچنىڭ قىلتاق ئىچىدىكى دانغا كۆزى چۈشۈپتۇ، ئۇ ئۇچۇپ كەلگەن پېتى دانىنى چوقۇغانىكەن، قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇ.

— ھەي ھاماقەت! — دەپتۇ يەنە بىر قۇشقاچ، — ئاچكۆز-لۈكىدىن قاراپ تۇرۇپ يەمچۈككە ئالدانىدى-دە، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام ھەرگىز ئالدانماستىم.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، قىلتاقنىڭ ئاستىدا يەنە دان تۇرغان-لىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، يېگىسى كېلىپ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە:

"بۇ قېتىمقىسى يەمچۈك ئەمەس، مېنىڭ بىرۋاخلىق كاتتا غىزايىمغۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پۇررىدە ئۇچۇپ بېرىپ دانىنى چوقۇپتۇ، "گۈپ" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىلتاققا سولىنىپ قاپتۇ.

ئۇ تىت-تىت بولۇپ، — ئالدىنىپتىمەن، بۇمۇ يەمچۈك-كەن! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

4 ـ ئىيۇن

# بىر جۈپ تاش شىر

## شۈي رۇنچۇەن

باغچىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر جۈپ تاش شىر بار ئىكەن.

بىركۈنى، بىر تاش شىر يەنە بىر تاش شىرغا:

— بۇرادەر، بىز قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرىدىمۇ، يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىمۇ ئورنىمىزدىن قوزغالماي باغچىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كېچە ـ كۈندۈزلەپ تۇردۇق، — دەپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ يەنە بىر تاش شىر، — خىزمەتكە سادىق بولۇش جەھەتتە ھېچكىم بىزگە يېتەلمەيدۇ.

— بولدى لاپ ئۇرماڭلار، — دەپتۇ دەرەختىكى قۇشقاچ ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — سىلەر جانسىز بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، دەرۋازىنى بىر قەدەممۇ قوزغالماي ئۆلۈك ھالەتتە باقسىلەر!

5 ـ ئىيۇن

# ئىككى قۇدۇق

## چۇ جىنلىيەن

سۈيى سۈزۈك قۇدۇقنىڭ بېشىدا كۆكتات گۈرۈچ يۇغىلى كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولغاچقا، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇدۇقنىڭ گىرۋىكى ئوگغۇل ـ دوگغۇل بولۇپ كېتىپتۇ.

لاي قۇدۇققا ھېچ كىم سۇ تارتقىلى كەلمەيدىكەن، شۇڭا قۇدۇقنىڭ گىرۋىكى بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قاپلىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچ نەرسە بولماپتۇ.

ـــ ئۆزەڭدىن كۆر! ـــ دەپتۇ لاي قۇدۇق سۈيى سۈزۈك قۇدۇقنى مازاق قىلىپ، ـــ قارا، ماڭا نېمىدېگەن راھەت، ھېچكىم مېنىڭ دەم ئېلىشىمغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.

سۈزۈك قۇدۇق بۇنى ئاڭلاپ، ـــ ماڭا قارىغاندا راھەت ياشاۋاتقىنىڭغو راست، ئەمما بۇ كۈنلۈك ئۈزاق داۋام قىلالارمۇ، ـــ دەپتۇ.

دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەيلا كىشىلەر لاي قۇدۇقنى تىندۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

6 ـ ئېيون

# لۇغەت ۋە ئوقۇشلۇق

## جاك يوي

ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەپ چارچىغان دەرسلىكلەرنى ئىگىسى رەتلەپ سومكىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار جەم بولغاندىن كېيىن شۇ هامان ئۇيقۇغا چۆشمەي، كۆس ـ كۆس پاراڭ سېلىشىپتۇ. ماتېماتىكا كىتابى خۇشال هالدا:

ـــ هەي، مېنىڭ ئىگەمنىڭ مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى جۇمۇ، مەندىكى ئەڭ تەس مەسىلىلەرنىمۇ بىردەمدىلا توغرا هەم تېز يېشىۋېتەلەيدىكەن، ـــ دەپتۇ.

ئەدەبىيات كىتابى روهسىز قىياپەتتە:

ـــ بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭلار مۇمكىن، بۈگۈن بىزنىڭ ئىگىمىزنىڭ تېكىست ئوقۇغان ۋاقتىدا چېكىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى دەڭلا، بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ، كۈلكىلىكمىكەن.

ـــ هەي! بولدى قىلىڭلارچۇ، ماڭا قارىغاندا سىلەر هەر هالدا تەلەيلىك ئىكەنسىلەر، ـــ دەپتۇ چەتتە تۇرغان لۇغەت

ئېغىز ئېچىپ، — مەن ئىككى ھەپتە بولدى سىنىپ دىدارىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئىگەم مېنى: "سېنى ئېلىپ يۈرسەم، ئەسقىتىش تۇگۇل، يۈك بولىدىكەنسەن" دەپ، بىر ياققا تاشلاپ قويىدۇ. دوستلار، ماڭا ئىگەم ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتىدۇ، مېنىڭ كۈنۈم نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە! — ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ.

— ئىگىمىز تولىمۇ ئادىلسىزلىق قىپتۇ، لۇغەتنىڭ بىزنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغۇ! — دەپتۇ ئەدەبىيات كىتابى.

لۇغەت يەنە بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قېپتۇ.

دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسى لۇغەتكە ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قارىشىپتۇ.

7 ـ ئىيۇن

## زىراپىنىڭ كاللا ئالماشتۇرۇشى

### ۋېي يۈيگۇاڭ

زىراپە غادايغىنىچە ئورمانلىقتا سەيلە قىلىپ يۈرۈۋاتقانىكەن. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە: "مېنىڭ ئۇزۇن بويىنۇم بار، ئەگەر يەنە پىلىنگكىدەك ئۇزۇن خارتۇمۇم بولىدىغان بولسا، ئورمان-

لىقتىكى شاخ-يوپۇرماق ۋە مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىگە بويۇم يېتىدۇ-دە، ئۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولىدۇ“ دېگەن غەلىتە خىيال كەپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە نېرىدىن بىر پىل كەپتۇ. زىراپە پىلغا كاللا ئالماشتۇرۇش تەلىپىنى قويۇپتۇ، پىل ماقۇل بوپتۇ.

زىراپە پىل بىلەن كاللا ئالماشتۇرۇپتۇ. پىلنىڭ كاللىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇنى زىراپىنىڭ ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن پاتىكى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇرۇن يېيەلەيدىغان يوپۇرماقلارنىمۇ پاتىكى يەتمىگەچكە يېيەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. زىراپە ئامالنىڭ يوقىدىن پىلغا يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كىچىك كاللىسىنى ياندۇرىۋاپتۇ.

ئاچكۆز كىشىلەر چوتنى كۆپ سوقىدۇ، ئەمما، ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ ئاخىر چاندۇرۇپ قويىدۇ.

8-ئىيۇن

## كاراپ بېلىقى ۋە پاقا

### چۆ فۇليەن

چەكسىز كەتكەن شاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك كۆلچەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كاراپ بېلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى

ياشايدىكەن.

بىركۈنى، ھاۋا ناھايىتى دىمىق بولۇپ كېتىپتۇ. سۇدا تولا شوخلۇپ چارچىغان كاراپ بېلىقى ھەمراھلىرى بىلەن سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. ئۇلار پاسكىنا ھەم سېسىق شالاڭلىقتا قۇرت تۇتۇش بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن پاقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئالدىغا بېرىپ دەپتۇ:

ــ پاقا ئۇكام، سەن تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، مۇشۇ تومۇز ئىسسىقتا قۇرت تۇتىمەن دەپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ باشقىلار بۇ ئىپلاس يەردە ئامالسىز ياشاۋاتىدۇ، تېز بول، بىزنىڭ كۆلچىكىمىزگە كېلىۋالغىن، كۆلچىكىمىزنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك ھەم يىللىق...

ــ بولمايدۇ! كاراپ بېلىقى ھەدە، ــ دەپتۇ پاقا، ــ شاللىق گەرچە پاسكىنا ھەم سېسىق بولسىمۇ، لېكىن مەن بىر تال شال كېپىنىكى ياكى بىر شال پىتى تۇتۇۋالغىنىمدا، شال باشاقلىرى دولقۇنلاپ تۇرغان، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان ئالتۇندەك گۈزەل مەنزىرىسى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

9 ـ ئېيۇن

# ئالتۇن بېلىق قىز

## جۇاڭ گۇ

ياز كەپتۇ. تاپان بېلىق ئالتۇن بېلىققا:

ــ ئالتۇن بېلىق قىزچاق، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، مېنىڭ بۇ سەيلىگاھىمغا كېلىپ سەگىدىۋالساڭچۇ، ــ دەپتۇ.

ــ تاپان بېلىق ئاكا، شۇنچە چىرايلىق كىيىملىرىم بىلەن سىزنىڭ ئۇ سەيلىگاھىڭىزغا كىرسەم، پاسكىنا بولۇپ كەتمەمدىمەن، ــ دەپتۇ ئالتۇن بېلىق جاۋاب بېرىپ.

پاقا ئالتۇن بېلىققا:

ــ ئالتۇن بېلىق قىزچاق، ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىلدام مېنىڭ سەيلىگاھىمغا كېلىپ سەگىدەڭ، ــ دەپتۇ.

ــ پاقا موما، شۇنچە ئېسىل كىيىملىرىم بىلەن سىزنىڭ سەيلىگاھىڭىزغا كىرسەم، ئۇستى ـ بېشىم ئوت ـ چۆپتە پاسكىنا بولۇپ كېتەرمىكىن... دەپتۇ ــ ئالتۇن بېلىق جاۋاب بېرىپ.

بىر كۈنى، قاتتىق بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىپ دەريادا دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ. تاپان بېلىق لايغا چۆكۈۋاپتۇ. پاقا ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇلار قەيسەر

ئىرادىسى بىلەن، دەھشەتلىك دولقۇن ۋە شىددەتلىك ئېقىن-لارنىڭ خەتىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ناچار شارائىت ئۈستىدىن غەلىبە قىپتۇ.

يامغۇر توختاپ ھاۋا سۈزۈلۈپتۇ. تاپان بېلىق پاقىدىن:

— پاقا موما، ئالتۇن بېلىق قىز كۆرۈنمەيدىغۇ، ئۇنىڭدىن ئەجەب ئەندىشە قىلىپ كېتىۋاتىمەن! — دەپ سوراپتۇ.

— ھە! ياسانچۇق ئالتۇن بېلىق قىزچاق، قانداقمۇ بوران-چاپقۇننىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلىسۇن! ئۇ ھاياتىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان بولسا كېرەك.

10 - ئېيۇن

# مەش ۋە مۈز

## شۈي داچېڭ

ياز كۈنى، توڭلىتىش ئامبىرىدىن چىققان مۈز مەشنى كۆرۈپ، مەسخىرە ئاھاڭدا:

— ھەي بىچارە، بۇ دۇنيادا ياشمايلا قېرىساڭ بولمىدىمۇ، شۇنچە ئىسسىق كۈندە كىممۇ سېنى كېرەك قىلار؟ — دەپتۇ.

مەش ئۈندىمەپتۇ، مۈز يەنىلا پو ئېتىپ ماختانغىلى تۇرۇپتۇ:

— قارىمامسەن، مەن دېگەن سالقىن، مېنى كىممۇ ياخشى

كۆرمىسۇن؟

قىش كەپتۇ، ئۆي ئىچىدىكى مەش تالادىكى مۇزنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىپ:

— ئادەمنىڭ غەدىغىسىنى كەلتۈرۈپ شۇنچە سوغۇق كۈندە نېمە بار بۇ يەردە ساڭا؟ تالا جاندىن ئۆتكىدەك سوغۇق تۇرسا، كىممۇ سېنى ياقتۇرار؟ — دەپتۇ.

مۇز بۇنىڭغا بىرنەرسە دېيەلمەي قاپتۇ.

ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزئارا شۇنداق مەسخىرە قىلىشىپتۇ.

11 - ئىيۇن

## ئېتىز ۋە سۇ چىقىرىش ئېرىقى

### شوي داچېڭ

ئېتىز دائىم ئۆزىنىڭ سۇ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن شولىسىنى كۆرۈپ: ”قارا، مېنىڭ ياپيېشىل كىيىمىم نېمىدېگەن كۆركەم - ھە!“ دەپ ئۆزىچە ماختىنىدىكەن ۋە يېنىدىكى سۇ چىقىرىش ئېرىقىنى ”ئىتنىڭ ئۈچىيىدەك ئۇزۇن پاتقاق ئېرىق خۇددى نېمىلەرگە ئوخشايدۇ؟“ دەپ كۆزگە ئىلمايدىكەن.

ئېتىز: ”سۇ چىقىرىش ئېرىقى سۆلتىمىگە تەسىر يەتكۈزۈپ

قويمسون" دەپ، ئۇنى تىندۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلغىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ، ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىش قىلدىم دەپ ھېس قىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، قارا يامغۇر يېغىپ، ئېتىزنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ، يامغۇر سۈيىنىڭ چىقىپ كېتىش يولى بولمىغانلىقتىن، زىرائەتلەر سودا قېلىپ نابۇت بوپتۇ. بۇ چاغدا ئېتىز: "سۇ چىقىرىش ئېرىقى بولمىسا، مېنىڭمۇ گۈزەللىكىم بولمايدىكەن، بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك داۋلى ئىكەن" دەپ ئويلاپتۇ.

12 - ئىيۇن

# جىگدىچىنىڭ تىلى

## شۈي داچېڭ

بىر ئادەم قەپەزدە بىر جىگدىچىنى بېقىپ، ئۇنى ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. جىگدىچى ئادەم تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان بولغاچقا، كۈندە توختىماي سايراپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئولاشتۇرۇۋالىدىكەن. دەسلەپكى بىرقانچە كۈندە، ھەركۈنى يۈزدىن ئوشۇق ئادەم كېلىپ كۆرۈپتۇ، جىگدىچى بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىنىپ، ئۆز ماھارىتىدىن خۇرسەن بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەر كۈنى كۆرەڭلەپ سايرايدىغان بوپتۇ.

يېرىم ئاي ئۆتۈپتۇ، تاماشا قىلغۇچى كىشىلەر بارا-بارا ئازلاپ
كېتىپتۇ، كېيىن كۈنگە ئۇن نەچچە ئادەملا كېلىدىغان بوپتۇ.
بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇنى تاماشا قىلغۇچىلار ئاساسەن
يوق دېيەرلىك بولۇپ قاپتۇ.
بۇ قانداق بولغىنى؟ جىگدىچى ھېچ بۇنىڭ تېگىگە
يېتەلمەپتۇ.

13 - ئويۇن

## كىچىك تاك-تاك بىلەن دۇمباق

### چۇ يۈەندا

كىچىك تاك-تاك چېكىلسە، "تاك-تاك-تاك" ئاۋاز چىقى-
رىدىكەن. دۇمباق چېلىنسا "دۇڭ-دۇڭ-دۇڭ" ئاۋاز
چىقىرىدىكەن. شۇڭلاشقا، دۇمباق تەكەببۇرلۇق بىلەن:
— سەندەك كىچىك تاك-تاكتىن ئۇن نەچچىسى بىرلەش-
سەڭمۇ مەندەك ئاۋاز چىقىرالمايسەن، — دەپتۇ.
"تاك-تاك-تاك" كىچىك تاك-تاك ئۈمىدسىزلەنمەي
ئاۋاز چىقىرىۋېرىپتۇ. دۇمباق كىچىك تاك-تاكنىڭ ئاۋازىنى
بېسىۋالماقچى بولۇپ، كۈچەپ چېلىنىپتۇ.
بىرپەستىن كېيىن، دۇمباقنىڭ ئاۋازى توختاپ قاپتۇ.

دۇمباقتىن نېمىشقا سادا چىقمايدىغاندۇ؟ كىچىك تاك ـ تاك كۆرۈپلا چۈشىنىپتۇ: ئەسلىدە دۇمباقنىڭ ئىچى بوش بولغانلىقى ئۈچۈن، قولاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرالايدىكەن، بىراق، يېرىلىپلا كەتسە، ھېچقانداق سادا چىقمايدىكەن

14 ـ ئىيۇن

# كىم ئەڭ چىرايلىق

## يۇي باۋ

گۈلزارلىقتا قىپقىزىل ئېچىلغان نامازشام گۈلى: "گۈلزارلىقتا خىلىنىڭ خىلىمەن!" دەپ غادىيىپ باشقىلارغا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىپتۇ. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ ئۇن ـ تىنىسىز تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، گۈزەللىكتە ھېچكىم ماڭا يېتەلمەيدىكەن دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. ئۇ جۇخارگۈلگە:

— رەڭگىڭ نېمىدېگەن سۇس، سارغۇچ... پەقەتلا ھۆسنىڭ يوق جۇمۇ سېنىڭ، — دەپتۇ.

جۇخارگۈلى ئۇنىڭ گېپىنى كۆڭلىگە ئالمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىمۇ، ئىش قىلىپ يالت قىلىپ قاراپ قويۇپلا، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. نامازشام گۈلى جۇخارگۈلى ماڭا قول قويدى دەپ ئويلاپ، ھە دەپ ماختىنىپتۇ:

www.uyghurkitap.com

— شائىر ـ ئەدىبلەر ھۆسنىمنى لاۋۇلداپ تۇرغان چوغقا ئوخشىتىدۇ، مېنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، گۈزەللىكنىڭ نامايەندىسى، دەپ تەرىپلىشىدۇ، — نامازشام گۈلى بىراقلا بىر توقاي ئوخشىتىشلارنى "ئىسپات" تارتىپتۇ.

جوخارگۈلى ئۇندىمەستىن پەرۋايى پەلەك تۇرىۋېرىپتۇ.

كۈزمۇ بولۇپ قاپتۇ. ھۇشقۇيتقان كۈز شامىلىدا نامازشام گۈلى شۈمشىيىپ، قورۇپ كېتىپتۇ، جوخارگۈلى بولسا ھۆسنىنى يوقاتماي پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ.

نامازشام گۈلى ئۆز باھارىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالماستىن، كۆركەم جوخارگۈلىنى تاماشا قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نامازشام گۈلىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، تەكەببۇرلۇقمۇ قىلمايدىغان بوپتۇ.

— جوخارگۈلى ھەدە، مەن خاتا قىپتىمەن، ئەسلى سىز ئەڭ گۈزەل ئىكەنسىز، — دەپتۇ نامازشام گۈلى.

— نامازشام گۈلى سىڭلىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئەمەلىيەتتە، ھەممىيلەن ئۆز ـ ئۆزىمىزگە لايىق ۋاقىتتا ئېچىلىمىز، ھېچقايسىمىز ئۆزىمىزنى ئەڭ گۈزەل دېيەلمەيمىز، بەزىلىرىمىز بۇرۇنراق، بەزىلىرىمىز كېيىنرەك ئېچىلىمىز، بەزىلىرىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاقراق، بەزىلىرىمىزنىڭ قىسقىراق بولىدۇ، مەندىن كېيىن يەنە مېيىخۇاگۈلى، قارلەيلىسى ئېچىلىدۇ. بىزنىڭ ئارزۇيىمىز گۈلزارلىقنى بىرلىكتە زىننەتلەپ، كىشىلەرنىڭ

تۇرمۇشغا گۈزەللىك بەخش ئېتىشتۇر، ــ دەپتۇ جۇخارگۈلى.

نامازشام گۈلنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ، گۈلزارلىقنى تېخىمۇ ئوبدان بېزەش ئىرادىسىگە كەپتۇ.

15 ـ ئىيۇن

## پېتەكگۈل بىلەن پانۇسگۈل

### چۇ گۇاڭخۇي

باش باھاردا پانۇسگۈللىرى ئېچىلىپتۇ، ئۇ، پېتەكگۈلگە ئۇلانغان بولۇپ چىرايلىق بەرگىلىرى قىزغۇچ شاپتۇل چېچەكدىن قېنىق، نىلۇپەر گۈلىدىن يۇمران ئىكەن.

سەھەر چىققان كېپىنەك گۈللۈكتە پەرۋاز قىلىۋېتىپ، پېتەكگۈل قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرغان پانۇسگۈلنىڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئاستاغىنە پېتەكگۈلگە:

ــ قارىماسەن، پانۇسگۈل ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئەجەب خۇشتار ئىكەن، سېنىڭ شۇنچە ئېسىل نامىڭ بار تۇرسا، ئۇنىڭ بېشىڭغا چىقىۋېلىپ كۆز ـ كۆز قىلىشىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايسەن. ئۇنى "ئىشىڭنى قىل!" دەپ چۈرۈۋەتكىنە دەپتۇ.

ــ ھۆرمەتلىك كېپىنەك ئەپەندىم، سىز مېنى تېنىڭدە مەڭگۈ

تىكەندىن باشقا نەرسە ئۆسمىسۇن دىمەكچىكەنسىزدە! ــ دەپتۇ
پىتەكگۈل كەسكىن قىلىپ.

16 ـ ئىيۇن

## بىر بىمارنىڭ دوختۇرنى تەنقىدلىشى

### خەيدەيچۇەن

بىر كىشى ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قىلىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ، دوختۇر كۆكسىنى قويۇپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن كېسەلگە:

ــ ئۆپكىڭىزدە ئېغىر كېسەل بار ئىكەن، جىددىي داۋالىنىڭ، ــ دەپتۇ. كېسەل كىشى:

ــ قانداق دوختۇرسىز، نېمىشقا مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىمايسىز! مېنىڭ كاللام، يۈرىكىم، جىگىرىم، ئاشقازان ـ ئۈچەيلىرىم، پۇت ـ قولۇم ۋە تېرەمدە ھېچقانداق كېسەل بولمىسا، نېمىشقا مېنىڭ ئۆپكەمگىلا ئاساسلىنىپ خۇلاسە چىقىرىسىز؟ بۇ، ئادەم قورقاتقانلىق ئەمەسمۇ، ــ دەپتۇ دوختۇرنى ئەيىبلەپ.

دوختۇرنىڭ بۇ كېسەل كىشىگە قايتا بىرنەرسە دېگىلى تىلى بارماپتۇ.

17 ـ ئىيۇن

# داۋالىنىش

## لۇجىچېلىق

دوختۇر كېسەل كىشىگە:

— يىلان ئۆتى كېسەللىكىڭىزگە شىپا قىلىدۇ، — دەپتۇ.

— يىلان ئۆتى زەھەرلىك ئەمەسمۇ؟

— بۇ زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

”يىلان ئۆتى يەپ، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن، يىلان تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆتىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىق! ئۇنىڭدىن كۆرە يىلاننى تۇتۇپ كېلىپ ئۆزەمنى چاقتۇرسام بولمامدىمۇ“ دەپ ئويلاپتۇ كېسەل كىشى كۆڭلىدە.

كېسەل كىشى ئۆزىنى زەھەرلىك يىلانغا چاقتۇرۇپتۇ. ئۇ: ئەمدى كېسىلىم سەللىمازا ساقىيىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتۇ.

كېسەل كىشى خاتا ئويلىغانىكەن، ئۇ ئۆزىنى زەھەرلىك يىلانغا چاقتۇرغاندىن كېيىن، كېسەل ئازابى يېنىكلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پۈتۈن بەدىنى قاتتىق تارتىشىپ

قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

18 ـ ئىيۇن

# دۇمباقچى

## جۇ رېن

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، بالدۇر دۇنياغا كەلگەن قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۇسۇملۇك پادىشاھلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قۇدرەتلىك مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرماقچى بوپتۇ.

ئۇلار كېلىشىۋالغاندەكلا بىر يەرگە جەم بولۇپ يىغىن ئېچىپ، مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىكەن. دەسلەپتە، قۇرت ـ قوڭغۇزلار دۇمباقچىنى تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن، يۈرۈش ـ تۇرۇشلاردا خېلى سالاپىتى بار دەپ، بىرنەچچە قېتىم يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىكىگە كۆرسىتىشىپتۇ، ئەمما بىرمەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار دۇمباقچىنىڭ سۆلىتىدىن باشقا جەلپ قىلغۇدەك ئالاھىدىلىكى يوقلۇقىنى بىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم يىغىن ئاچقاندا ”شۇنداق، شۇنداق......“ دەپلا باشقىلارغا ماسلىشىدىكەن، مۇستەقىل كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدىكەن، بىر قېتىم يىغناغۇچ پىكىر بايان قىلىپ، ھاشارات ئەزىمەتلەر ھاۋا بوشلۇقىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرسەك

دەپ ئوتتۇرىغا قويىغان ۋاقتىدا، ئۇ باش لىڭشىتىپ: "شۇن-داق، شۇنداق، جەزمەن ھاۋا بوشلۇقى ئۇستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك" دەپتۇ. كېيىن ھەسەل ھەرىسى ئۈسۈملۈكلەر پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇ يەنە"شۇنداق، شۇنداق" دەپتۇ. چۈمۈلە يەر ئاستىدىن گۆھەر ئىزدەش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدىمۇ يەنىلا "شۇنداق، شۇنداق" دېگەن سۆزنى تەكرارلاپتۇ.

ئاخىرى، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ ھەممىسى دۇمباقچىنىڭ "گەپ ماقۇلدىن ئاشماس، تام ساخالدىن" دېگەندەك باشقىلارغا ماسلىشىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشەنمەس بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن ھەر قېتىم يىغىن ئېچىلغاندا، ئۇ ئامالسىز ھەممىدىن كېيىن غىپپىدە مەيدانغا كىرىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتى چۈشمەيدىغان بىر بۇلۇڭغا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ، "شۇنداق، شۇنداق" دەپ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

19 ـ ئىيۇن

# بىر ئالقىنى بىلەن ئاسماننى توسۇش

## گۇ بودا

شىپ دەيزى ئىسملىك بىر ئەخمەق ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئالقىنى باشقىلارنىڭ ئالقىنىدىن چوڭراق ئىكەن. بىركۈنى ئۇ: "مېنىڭ ئالقىنىم شۇنچە چوڭ تۇرسا، ئالقىنىم بىلەن ئاسماننى توسۇۋالالايمەن" دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئاسماننى توسۇپ كۆرۈپ، ئاخىرى بىر ياخشى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپتۇ. ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا تازا قايناق بازار بولۇۋاتقان يەرگە بېرىپ:

— ھەي خالايىق! مېنىڭ ئالقىنىم ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالقىنىدىن يوغان بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئاسماننى توسۇۋالالايمەن! — دەپ توۋلاپتۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئورىۋاپتۇ. ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا ئوڭ قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋېلىپ، كانىيى يىرتىلغىدەك ۋارقىراپتۇ:

— جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدىمۇ؟ ئاسماننى راست توسۇۋالالامدىكەنمەن، ھا، ھا، ھا...

كىشىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە ھەش-پەش دېگۈچە تاراپ كېتىپتۇ. بۇ ئەخمەق تولا ۋارقىراپ ئۈنى پۈتۈپ قالغاندا ئاندىن ئالقىنىنى چۈشۈرۈپتۇ. بايا ئولىشىپ كەتكەن شۇنچە كۆپ ئادەم بىردەمدە نېمىشقا كېتىپ قالغاندۇ؟ ئۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ.

20-ئىيۇن

## بىر توپ قارىغاي بىخى

### نىڭ شى

بىر توپ قارىغاي بىخ سۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئالەمگە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن:

— پاھ، مەن ئاخىرى بىخ سۈرۈپ چىقتىم! ئاھ دۇنيا، ماڭا نېمە نەزەر سالساڭچۇ، ھاياتلىق يولىدىكى كۈچلۈك لەردىن-مەن! — دەپتۇ.

بىر قېرى قارىغاي بۇ بىخنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بالام، تۇپراقتىن بىخ سۈرۈپ چىقىپ قالتىس ئىش قىلدىم دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ

دېگەن ئەمدى ھاياتنىڭ باشلىنىشى، كېرەكلىك ماتېرىيال بولۇپ يېتىلىش ئۈچۈن، سان-ساناقسىز بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈشىڭ كېرەك. بولمىسا، بىر تۈپ گىياھچىلىكمۇ ياشاپ تۇرالمايسەن، — دەپتۇ بىخقا.

21- ئىيۇن

## كاۋا بارىڭى

نىلىق شى

كاۋىلار پىشىپتۇ. كاۋا پىلىكى ئېغىر كاۋىلارنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ، شۇڭا چوڭ-چوڭ كاۋىلار يەردە بىخىرامان يېتىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، بىر سازاڭ كېلىپ كاۋا بارىڭىغا:

— قارىغىنە كاۋىلارنى بېقىپ سەمرىتىۋەتكىنىڭنى، لېكىن ئۆزەڭ ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ يىپتەك بولۇپ قاپسەن، نېمە قىلاتتىڭ ئۇنداق پايدىسىز ئىشنى قىلىپ، — دەپتۇ.

— بۇنى قانداقمۇ پايدىسىز ئىش دېگىلى بولسۇن؟، — دەپتۇ كاۋا بارىڭى، — ئوخشىغان مېۋىلىرىمنى ئىنسانلارغا تەقدىم قىلالىسام، مەن ئورۇقلاپ تۈگىشىپ كەتسەممۇ چىن كۆڭلۈمدىن رازىمەن، كاۋا پىلىكى ھەرقانچە توم بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ مېۋىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ نېمە

ئەھمىيەتى بولسۇن!

22 ـ ئىيۇن

## ئۈچىنچى چاشقان

### سۈك سۈك

بىر بىسپەرۋا ئادەم تاختىمۇشۇكتىن ئۈچنى قۇرۇپ قويۇپتۇ.
بىرىنچى چاشقان بىر تاختىمۇشۇككە چۈشۈپ قاپتۇ؛
ئىككىنچى چاشقان يەنە بىر تاختىمۇشۇككە چۈشۈپ قاپتۇ؛
ئۈچىنچى چاشقانچۇ؟ ئۇ يەمچۈكنى يەۋېلىپ بىمالال تىكىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرەڭلەپ: "ۋاھ! تاختىمۇشۇك دېگەن نەرسە مېنىڭ مويۇمنى تەۋرىتەلمەيدۇ! تاختىمۇشۇككە چۈشۈش، ئۆلۈش دېگەن ماڭا يات!" دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئىش يۈزىدە، ئۇنىڭ ئامان ـ ئېسەن قېلىشى قانداقتۇر ئۇنىڭ ماھارەتلىكلىكىدىن بولماستىن، بەلكى بىپەرۋا ئادەمنىڭ سەۋەنلىكىدىن — تاختىمۇشۇكنىڭ ئوبدان قۇرۇلمىغانلىقىدىن بولغان. ئىشەنمىسىڭىز قاراڭ —

ئۇزاق ئۆتمەي، دېگەندەك ئۇ ئالدىنقى ئىككى چاشقاننىڭ ئىزىنى بېسىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



# شۆجۈگىنىڭ ئوتۇن ئاپىرىپ بېرىشى

## يې شۇ

ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، لەيلىدەپ قار چۈشۈشكە باشلاپتۇ. شۆجۈك تازا ئوبدان بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ، ھاسىراپ ـ ھۆمىدىگىنىچە بوتخانىغا كېلىپ، راھىب كالانغا سالام قىلىۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— تەقسىر، بولتۇر سىلى شاگىرتلىرىغا ۋەكالىتەن ئوتۇن سوراپ بارغاندا ئىللا ـ بىللا ئوتۇن يوق ئىدى. بۇ يىل قار بەك يېغىپ كەتكەچكە، ئۆزەم بىر باغلام ئوتۇن ئېلىپ كەلدىم، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، مالال كۆرمەي يول كۆرسىتىپ تۇرۇشلىرىنى سورايمەن....

راھىب كۈلۈپ قويۇپ دەپتۇ:

— دۇرۇس، بولتۇرمۇ قار بۇ يىلقىدەك قاتتىق ياغقانىدى، بولتۇر ئالدىڭىزغا ئادەم ئەۋەتسەم، "ئوتۇن يوق" دەپ بەرمىگەنىدىڭىز، بۇ يىل ئۆزىڭىز ئەكەپسىز، راستىنى ئېيتسام، يېقىندىن جۇرىنلىك ئىمتىھانىغا كەلگەنلەرنىڭ ياتقىدىكى ئوتۇننى ئون يىلدىمۇ قالاپ بولالماسمەنمىكىن، نېمىشقىمۇ

ئاۋارە بولغانسىز، ئەگەر خالىسىڭىز بۇتخانىسىدىكى كەمبەغەل تالىپلارغا قويۇپ كېتىڭ، قانداق؟
شۈجۈڭ بۇنى ئاڭلاپ چىرايى ئۆڭگۈپ كەتكەن ھالدا، — قېنى ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگىنىنى كۆرەيچۇ! — دەپتۇ-دە، ئوتۇننى يۈدۈپ كېتىپ قاپتۇ.

24- ئىيۇن

# باھاردىكى ياۋا غازلار

## سۇي باۋجۇ

باھار كەپتۇ، ياۋا غازلار ئىزغىرىن سوغۇق شامالغا قارشى قاتار-قاتار سەپ بولۇپ شىمالغا قاراپ پەرۋاز قىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن قۇشقاچ ھەيران بولۇپ ۋىچىرلاپ سايراپلا كېتىپتۇ:
— دوستلار، سىلەر تازا ئەخمەق ئىكەنسىلەر! يەر-جاھان گۈزەل باھار تۈسىگە كىرگەن پەيتتە، باھار پەيزىنى سۈرمەي، جۇدۇن-چاپقۇننىڭ جەبىر-جاپاسىغا قارىماي كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ نېمە ئاۋارىچىلىق سىلەرگە؟
باھار شامىلى ياۋا غازلارنىڭ جاۋابىنى يەتكۈزۈپتۇ:
— ئىنىم، بىز ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا توختاپ قالساق

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆزلىگەن مەنزىلگە قاراپ ئۇچۇشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇنداق ياشاپ ئادەتلىنىپ قالغان، جاپالىق شارائىتتا تاۋلىنىپ چىقىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىمىز.

— ۋاي-ۋاي، بۇ نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىق! دوستلار، مۇشۇ يەردە نېپ قىلىڭلارچۇ، بىز جەنۇبتا بىرگە باھار پەيزىنى سۈرەيلى!

— بولمايدۇ، ئىنىم، ئەگەر بىز باھارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇپ كەتسەك، ئىنسانلار بىزنى ياۋا غاز دەپ ئاتىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ! ئۆزىمىزنىڭ ياۋا غازلارغا خاس خىسلىتىمىزنى ۋە تەبىئىيتىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز! خەير ئىنىم، كۆرۈشەرمىز!

قۇشقاچ يەنە نەسىھەت قىلماقچى بوپتۇ، ئەمما ياۋا غازلار يىراقلاپ كېتىپ قاپتۇ. بىپايان بۇلۇتسىز ئاسماندا قاتار-قاتار رەتلىك قوشۇن ھاسىل بوپتۇ.

# قۇلۇلە

## شېن خۇي

قۇلۇلە: "تاشپاقا بىلەن توشقان يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىپ، تاشپاقا يېڭىۋاپتۇ" دەپ ئاڭلاپ، "تاشپاقا توشقاننى يېڭىۋالغان بولسا، مېنىڭ تاشپاقىنى يېڭىۋېلىشىم ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس!" دەپ ئويلاپتۇ. قۇلۇلە تاشپاقا بىلەن مۇسابىقىلىشىپ باقماقچى بولۇپ، ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىغان هالدا يېنىدىكى بالا قۇلۇلىگە:

— بالام، مېنى "يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلاشماقچىكەن" دەپ تاشپاقىنى چاپسان چاقىرىپ كەل، — دەپتۇ.

بالا قۇلۇلە ئۆمىلىگىنىچە تاشپاقىنى چاقىرغىلى كېتىپتۇ، قېرى قۇلۇلە ئۆيىدە شۇنچە ساقلىغان بولسىمۇ، تاشپاقا ھېچ كەلمەپتۇ. "بۇ ئويۇن قېپى يولدا ئويۇن بىلەن بولۇپ بارمىدىمۇ-نېمە" دەپ ئويلاپتۇ ئۇ كۆڭلىدە. يەنە بىردەم ساقلاپ بېقىپتۇ، ئاخىر سەۋرى قاچىسى تېشىپ:

— ھۇ ھارامتاماق، — دەۋېتىپتۇ.

ئىشىك سىرتىدا زورۇقۇپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان بالا قۇلۇلە

بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كېلىپ:
— دادا، مەن يۈگۈرۈپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم، ھارام تاماق دېگىنىڭىز نېمىسى، ئۆزىڭىز بارسىڭىزمۇ يۈگۈرۈشىڭىز تايىنلىققۇ دەيمەن، — دەپتۇ جاۋاب بېرىپ.

26 - ئويۇن

## چاشقان ۋە كالا

بەي لاڭ

كەچلىكى ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن ئۆكۈز قوتاندا يانپاشلانغىنىچە كۆزلىرىنى خىرە يۇمۇپ كۆشەۋاتقانىكەن. ئاغزىدا بىرپارچە گۆش چىشلىۋالغان چاشقان كالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زور ئىشتىھا بىلەن مەززە قىلىپ يېگەچ سۆزلەپتۇ:
— ھەي كالا، بىر كۈن ھېرىپ - چارچاپ كېلىپ قۇرۇق ئوت يەۋاتامسەن، مەنچۇ، كۈندۈزى ئېزىلىپ ئۇخلايمەن، ئاخشىمى چىقىپ ئازراق ھەرىكەت قىلىپ قويسامىلا، يەيدىغىنىم مۇشۇنداق گۆش دېگىنە! — دەپتۇ كالىغا.
كالا بۇنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئېچىپ:
— قۇرۇق ئوت يېسەم نېمە بوپتۇ. لېكىن شۇنى ئېيتىپ قوياي، بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتمە. مەن قۇرۇق ئوت

يېسەممۇ كۆڭلۈم تىنىچ، سەن گۆش يېگەن بىلەن يۈرىكىڭ پوك - پوك ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

چاشقان بېشىنى چايقاپ:

— ھازىر كىمنىڭ "قابىلىيىتى" بولسا، شۇ ياخشى يەيدۇ! ساڭا ئوخشاش ھاماقەتلەر قۇرۇق ئوتتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيسەن! مەندەك سەدگەك، چاققان جانىۋار كۈندۈزى ئۇۋامدىن چىقمايمەن، كېچىسى قاراڭغۇدا ھۈنىرىمنى ئاز - تولا ئىشقا سالسام، خالىغاننى تېپىپ يېيەلەيمەن، ھى، ھى، ھى...

— ۋۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان ھارامتاماق، سېنىڭ ئىنسانلارغا ۋە جەمئىيەتكە نېمە پايداڭ بولسۇن! — دەپتۇ دەرغەزەپلەنگەن كالا.

— پايدا دېگەن نېمىكەن ئۇ، مەن تۆرلىشىمدىنلا ياخشى يەپ - ئىچىشتىن باشقىنى ئويلاپ باققان ئەمەسمەن، ھا، ھا، ھا... — كۈلۈپ كېتىپتۇ چاشقان كۆزلىرىنى ئويناتقىچە پىلدىرلىتىپ.

كۈلكە ئاۋازى تۇيۇقسىزلا ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، كالا قارىغۇدەك بولسا، كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقاتقان چاشقان سېرىق مۈشۈككە ئولجىغا چۈشكەنىكەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



# لامپۇچكا بىلەن كۆمۈر دۆۋىسى

## ۋاڭ شاۋمېي

كۆمۈرخانىدىكى ستولىغا ئورنىتىلغان لامپۇچكا كەچقۇرۇن- لۇقى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يورۇقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىپ تۇرىدىكەن، ئۇن - تىنسىز يەردە ياتقان قاپقارا كۆمۈر دۆۋىسى بولسا كىشىلەرنىڭ دىققەت - نەزىرىنى ئانچە تارتمايدىكەن.

شۇڭا لامپۇچكا نەزىرىنى كۆمۈر دۆۋىسىگە ئاغدۇرۇپ:

ـــ قارا، مەن نېمىدېگەن چىرايلىق، سەن تەبىئىتىڭدىنلا زەڭگى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، سەندە نە نۇر، نە ئىسسىقلىقتىن ئەسەر يوق، ـــ دەپتۇ كۆزلىرىنى لىپىلدىتىپ تۇرۇپ تەكەببۇرلۇق بىلەن.

ـــ مېنىڭ رەڭگىم بىلەن قالما، مەن نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى ئىچىمدە ساقلايمەن، ـــ دەپتۇ ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان كۆمۈر كەڭ قورساقلىق بىلەن.

ـــ ھەي ئەخمەق، نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى ئىچىڭدە ساقلىساڭ كىم كۆرەلىسۇن! ـــ دەپتۇ لامپۇچكا مەنسىتمىگەن ھالدا.

— مەن باشقىلارغا تۆھپە كۆرسەتتىم دەپ، ھەرگىز ئۆزەمنى كۆز - كۆز قىلمايمەن، — دەپتۇ كۆمۈر دۆۋىسى سالماق ئاھاڭدا.

— بەللى، چۈشەندىم! — دەپتۇ تەكەببۇر لامپۇچكا بىردىنلا كۆمۈر دۆۋىسىنى ئەيىبلەپ، — ئەسلىدە سەن يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنى ئىچىڭدە ساقلاپ ئۆزەڭنىڭ قىلغۇالدىغان ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچى ئىكەنسەن - دە!

— ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالدى! — دەپتۇ كۆمۈر دۆۋىسى كەمتەرلىك بىلەن، — مەن ئوچاققا كىرگەندە جىمى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقىمنى سېخىيلىق بىلەن كىشىلەرگە ئاتا قىلىمەن، سەندىكى يورۇقلۇقمۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ نۇرى ئەمەسمۇ؟

ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى ئۇزاق ئاتقۇچە داۋاملىشىپتۇ. ستولبىدىكى لامپۇچكا بۇ ۋاقىتتا ئاندىن بىردىنلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ خىجىللىقتىن يۈزى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

28 - ئىيۇن

## يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى

### گاۋ شىرۇڭ

توشقان، ئوغلاق ۋە تاشپاقا يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلاشماقچى بولۇپ، مايمۇننى رېپىرلىققا چاقىرتىپتۇ.

— بىز بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە چوڭ يولدا يۈگۈرەيلى، — دەپتۇ توشقان.

— ياق، تاغ يولىدا يۈگۈرەيلى، مەنزىرىسى ياخشى، — دەپتۇ ئۇغلاق.

— سۇ يولى ئەڭ يېقىن، سۇ يولى بىلەن يۈگۈرەيلى، — دەپتۇ تاشپاقا.

ئۇلار يولنى بەلگىلىيەلمەي دەتالاشقا چۈشۈپتۇ.

ئاخىرى مايمۇن:

— بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە، يولنى بەلگىلەپ قويماي، ھەممىڭلار ئۆزەڭلارغا ئەپلىك يولدا يۈگۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

مۇسابىقە باشلىنىپتۇ، توشقان چوڭ يولدا، ئۇغلاق تاغ يولىدا يۈگۈرۈپتۇ، تاشپاقا سۇ يولىدا ئۈزۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ.

29 ـ ئىيۇن

## كىچىكىنىڭ بويىدىكى ئوردېن

### گاۋ شىرۇڭ

بىر كۈنى، كىچىك بويىنىغا بىر مۇنچە ئوردېننى ئېسىپ،

پوچى قىياپەتتە دوستلىرى ئارىسىغا كەپتۇ.

— بۇ ئوردېن قانداق كەلگەن؟ — دەپ سوراپتۇ مايمۇنچاق.

— بۇ ئوردېننى بوۋام بۆرىگە قارشى ئۇرۇشتا تۆھپە يارىتىپ ئالغان، بۇنى دادام جەڭدە قۇربان بولۇشتىن قورقماي قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئالغان؛ بۇ ئوردېن جاپالىق ئىشلەپ، خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئانامغا بېرىلگەن، — دەپتۇ كۈچۈك ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي.

— قايسىنى ئۆزەڭ ئالغان؟ — دەپ سوراپتۇ مايمۇنچاق يەنە.

كۈچۈك جاۋاب بېرەلمەپتۇ. چۈنكى بۇ ئوردېنلاردىن بىرەرسىمۇ ئۆزى ئالغان ئەمەس ئىكەن.

30 - ئىيۇن

## زىراپە نېمىشقا گاچا بولۇپ قالغان

**فاڭ ساۋ**

ئىنسانلارمۇ، ھايۋانلارمۇ ئۆزىگە خاس تىل بىلەن سۆزلىيەلەيدۇ، ئەمما زىراپە گەپ قىلالمايدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ھايۋاننىڭ قورقۇپ چۆچۈپ كەتسە ۋارقىرىيالماسلىقى، كېسەل ئازابى تارتىپ قالسا ئىڭرىيالماسلىقى نېمىدېگەن ئازابلىق

www.uyghurkitap.com

ئىش ـ ھە!

ئەمما، زىراپە كىچىك ۋاقتىدا گاچا ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقى ئېچىپ قالسا "مۆ، مۆ" قىلىپ ئانىسىنى ئېمىشكە چاقىرىدىكەن؛ ئاغرىپ قالسىمۇ مۆرەيدىكەن؛ خۇشال بولغاندا "مۆ، مۆ" قىلىپ مۆرەپ كۈلۈپ كېتىدىكەن! كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ چوڭ بوپتۇ، بويىنى ناھايىتى ئۇزىراپ، يىراق ـ يىراقلارنى كۆرىدىغان بوپتۇ.

زىراپە ئاغمىخاننىڭ توخۇ كاتىكىگە كىرىۋالغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ گەپ قىلالماپتۇ.

بۆرىنىڭ ئوغلاقنى چىشلەپ ئېلىپ قاچقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئاۋاز چىقىرالماپتۇ.

ئېتىز چاشقىنىنىڭ ئېتىزدىكى دانلىق زىرائەتنى نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، ئەمما ئۈنىدىمۇ ئۈندىمەپتۇ.

پاقىنىڭ ئېتىزلىقتا زىياندىش ھاشاراتلەرنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپمۇ گەپ قىلماپتۇ.

ئۇ تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ كېسەل دەرەخلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىغانلىقىنى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ يىراق ـ يىراقلاردىن ھەسەل يىغىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئۈنىدىمۇ بىر ئېغىز ئۈندەپ قويماپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، زىراپە بىر بىچارە گاچا بولۇپ قاپتۇ.

# غاز بىلەن كەپتەر

## چۇ چۇنلىن

بىر غاز كۆلنىڭ زۇمرەتتەك سۇ يۈزىدە ئاپئاق قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ، تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قارىتىپ، بار ئاۋازى بىلەن غاقىلداپ بىمالال ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ.

تۇساتتىنلا، غاز بىر كەپتەرنىڭ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قېلىپ:

— كەپتەر قېرىندىشىم، سېنىڭ مېنىڭكىگە ئوخشاش ئاپئاق پەيلىرىڭ بار تۇرۇپ، نېمىشقا سۇ ئۈزەلمەيسەن؟ — دەپتۇ.

كەپتەر پىسەنت قىلماي: — كىم مېنى سۇ ئۈزەلمەيدۇ؟ دەيدۇ؟ — دەپتۇ ۋە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ...

بىراق، ئۇ سۇغا چۇشۇش بىلەنلا، قوناق ناندەك چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بىرھازا تىرمىشىپ ـ تىركىشىپ يۈرۈپ سۇ يۈزىگە چىقىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

كەپتەر سۇدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلگىلى تاس قاپتۇ، ئۇ، غازدىن خاپا بولۇپ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن غازغا:

— غاز ئاكا، سىزنىڭمۇ مېنىڭكىدەك ئاپئاق پەيلىرىڭىز بار

تۇرۇپ، ئەمىشقا ئۇچالمايسىز؟ — دەپتۇ.
غاز ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماستىن:
— كىم مېنى ئۇچالمايدۇ دەيدۇ؟ — دەپتۇ ۋە كۈچىنىڭ بارىچە قانات قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ...
بىراق، ئۇ ئۇچالماي كۆلنىڭ بويىدىكى تاشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ. سىز غازنىڭ بېشىدا بىر يوغان ئۆسمىنىڭ بارلىقىنى، ماڭغاندا ئېغاڭلاپ قالىدىغانلىقىنى كۆرگەن بولغىتىڭىز؟ مانا شۇ ھېلىقى پېشكەللىكنىڭ قالدۇرغان ئىزى.
كەپتەر غازنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتۇ، غازمۇ كەپتەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتۇ، بۇ ھال ئۇلارنى مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندۇرۇپتۇ: ئىككىلىمىز قانىتىمىز بار قۇش تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بىرىمىز سۇدا ئۈزەلمەيمىز، بىرىمىز ئاسماندا ئۇچالمايمىز؟
ئۇلار بۇ مەسىلىنى تولا ئويلاپ كۆزىمۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ، بىراق ھازىرغىچە بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

2 ـ ئىيۇل

# شار بىلەن يۇيخۇا تېشى

## چيەن شىنباۋ

شار شىرە ئۈستىدىكى يۇيخۇا تېشىغا:

— مەن يوغان ھەم چىرايلىقكەنمەن، سەن بولساڭ كىچىك ھەم ئاددىي ئىكەنسەن، — دەپتۇ.

يۇيخۇا تېشى شارغا بىر قاراپ قويۇپ:

— مەن شىددەتلىك ئېقىندا چېنىقىپ چىققانمەن، سېنى كىشىلەر پۈۋلەپ يوغىناتقان، — دەپتۇ.

— ھىم، سەن قانداقمۇ ماڭا يېتەلەيسەن، — دەپتۇ شار.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شارنى كىچىك خوجايىنى پۈۋلەپ يېرىۋېتىپتۇ، يۇيخۇا تېشى گەرچە بىرقانچە قېتىم يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قىلچە زەخىملەنمەپتۇ.

پۈۋلەپ ئۇچۇرۇلغان نەرسە گەرچە كىشىلەرنى بىرمەھەل ئۆزىگە جەلپ قىلالىسىمۇ، ھامان ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ؛ چېنىقىپ چىققان نەرسىلەر ئۇزاق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تور ئادرېسى



# يىلان بىلەن تاشپاقا

## ياۋ فۇچۇ

كىشىلەر يىلاننى كۆرسىلا ئۈرۈپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىدىكەن.

يىلان ئالمان ـ تالمان بېرىپ تاشپاقىدىن تەلىم سوراپتۇ.

تاشپاقا:

ــ سېنىڭ نامىڭ بەك سېسىپ كەتكەن، ئىسمىڭنى ئۆزگەرتىۋالساڭلا بولدى، ــ دەپتۇ.

يىلان دەرھال چوڭ بالىسىنىڭ ئىسمىنى ”سېرىق ھالقا“، ئىككىنچى بالىسىنىڭ ئىسمىنى ”ئاق ھالقا“، ئۈچىنچى بالىسىنىڭ ئىسمىنى ”كۆرەيەك“، تۆتىنچى بالىسىنىڭ ئىسمىنى ”بوغما“، بەشىنچى بالىسىنىڭ ئىسمىنى ”بەش گەزلىك“... دەپ ئۆزگەرتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىشىلەر يىلاننى كۆرسىلا ئۇرۇۋېرىپتۇ، چۈنكى كىشىلەر يىلاننىڭ ئىسمى ئۆزگەرگىنى بىلەن، ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ يىلاننىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ”يىلان“ دېگەن سۆزنى قوشۇپ، ”سېرىق ھالقا يىلان“،

ئاق ھالقا يىلان، كۆزەينەك يىلان، بوغما يىلان، بەش گەزلىك يىلان... دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.
يىلان ھېچ ئامال تاپالماي، يەنە تاشپاقىدىن تەلىم سوراپتۇ.
تاشپاقا:
ــ سىنىڭ تۇرقۇڭ تولىمۇ يىرگىنىشلىك ئىكەن، تېرەڭنى تاشلىۋەتسەڭلا بولىدۇ، ــ دەپتۇ.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يىلان ھەر يىلى بىر - ئىككى قېتىم تېرە تاشلايدىغان بوپتۇ. كىشىلەر ئۇنى كۆرسە يەنىلا ئۇرۇۋېرىپتۇ، ھەتتا ئۇنى تۇتۇۋالسا، تېرىسىنى سويۇپ، خۇرۇم ئىشلەيدىغان، غىجەك ۋە داپلارنى ياسايدىغان بوپتۇ.

4 - ئىيۇل

## قارا چوشقىنىڭ مۇكاپات تارقىتىشى

### شۇي رۇنچۈەن

قارا چوشقا باش تۆرە بوپتۇ.
بىركۈنى ئۇ باشقىلارغا ئىلھام بەرمەك بولۇپ كاللىغا:
ــ سەن يەر ھەيدەپ جاپا چەكتىڭ، شۇڭا ساڭا ئىككى جىڭ گۆش مۇكاپات بېرىمەن، ــ دەپتۇ. كاللا بېشىنى چايقاپ:
ــ مەن ئالمايمەن، ئوت - چۆپ يېيىشنى ياخشى

www.uyghurkitap.com

كۆرىمەن، — دەپتۇ.

چوشقا مۈشۈككە:

— سىنىڭ چاشقان تۇتۇشتا تۆھپەڭ بار، شۇڭا ساڭا ئىككى سېۋەت ئوت - چۆپ مۈكاپات بېرىمەن، — دەپتۇ. مۈشۈك بېشىنى چايقاپ:

— مەن ئالمايمەن، بېلىق يېيىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ.

چوشقا ئىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن ئىشىكنى ئوبدان ساقلىدىڭ، ساڭا ئىككى شىڭ گۆرۈچ كېپەكى مۈكاپات بېرىمەن، — دەپتۇ. ئىت بېشىنى چايقاپ:

— مەن ئالمايمەن... — دەپتۇ.

ئۇ توخۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن ھەر كۈنى تاڭدىن خەۋەر بېرىپ كەلدىڭ، ساڭا ئىككى بېلىق مۈكاپات بولسۇن، — دەپتۇ.

توخۇ بېشىنى چايقاپ:

— مەن يېمەيمەن... — دەپتۇ.

قارا چوشقا تەختكە ئولتۇرغىنىغا ئۇزاق بولمايلا، خىزمەتلەرنى ئېلەشتۈرۈۋېتىپتۇ، قۇش - ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى كۆچەپ ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئاچچىقىدا قوتانغا كىرىۋېلىپ كەچكىچە خورتىلدايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# تام

## ۋالى خېكفېلى

ئاي تۇغۇپ، يەر ـ زېمىننى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. دېرىزە ئالدىدىكى مەيىن شامالدا يېنىك سىلكىنىپ تۇرغان بىر تۈپ سۆگەتـگۈل ئاينىڭ يورۇقىدا ئۆي ئىچىدىكى تامغا شولا تاشلاپ تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا تام گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، باشقا تاملارغا قاراپ تازا ماختىنىپتۇ:

ـــ مەن كۈندۈزىلا ئاپئاق بولۇپ قالماستىن، كېچىسىمۇ ئاپئاقمەن. ئۆزەمنى پاكىز تۇتۇش مېنىڭ ئىزچىل ئەنئەنەم.

ـــ مەندە يەنە شامنىڭكىدەك ئېسىل خىسلەتمۇ بار، مەن ئۆزەمنىلا يورۇتۇپ قالماستىن، باشقىلارنىمۇ يورۇتىمەن.

ـــ رەسساملارنىڭ نەزىرىدە، بىر پارچە چىرايلىق رەسىمەن؛ شائىرلارنىڭ نەزىرىدە بىر كۈبلېت ئېسىل شېئىرمەن؛ ناخشىچىلارنىڭ نەزىرىدە مۇڭلۇق ناخشىمەن...

تام ئۆزىنى ماختايدىغان گەپلىرىنى تېخى تۈگەتمەيلا، تۇساتتىن جىمىقىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئاي شولىسى ئۆزگىرىپ كۆچۈپ

كەتكەنىكەن.

ئۆزەڭگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسە قانچە تېز قولۇڭغا كەلگەن بولسا، شۇنچە تېز قولۇڭدىن كېتىدۇ.

6 ـ ئىيۇل

## نەي سېتىش

### ۋاڭ خەيجۈن

نەي ساتقۇچى بىر ئادەم ئۇچرىغانلا كىشىگە:

ـــ مېنىڭ نېيىم دۇنيادا بىرلا نەي، بۇنىڭ ئاۋازى دۇنيادىكى ھەرقانداق نەيىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ـــ دەپتۇ.

نېيىڭ شۇنداق ياخشى نەي بولسا، بىزگە بىر چېلىپ بەرمەمسەن قېنى؟ ـــ دەپتۇ بىراۋ.

شۇنىڭ بىلەن، نەي ساتقۇچى نەيىنى تەتۈر تۇتۇپ چېلىشقا باشلاپتۇ. بىر ئادەم ئۇنى كۆرۈپ:

ـــ بولمىدى، سۇناي ئەمەس ئۇ بۇنداق چالىدىغان، ـــ دەپتۇ.

نەي ساتقۇچى نەيىنى توغرىسىغا تۇتۇپ چېلىشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى ئادەم يەنە:

ـــ بۇمۇ بولمىدى، بەرباپ ئەمەس ئۇ بۇنداق چالىدىغان، ـــ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپتۇ.

نەي ساتقۇچى ئەمدى قانداق چېلىشنى بىلەلمەي نېيىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئىپپىدە كېتىپ قاپتۇ.

ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزگىنى ئېشەندۇرگىلى بولمايدۇ-دە.

7- ئېيۇل

## ئۇپا بىلەن ئەينەك

### جۇ جياڭ

"جاراڭ!" قىلىپ يەرگە تاشلىۋېتىلگەن ئەينەك سۇنۇپ پارە-پارە بولۇپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپتۇ پەدەز تەكچىسىدىكى ئۇپا دەرھال ئۇنىڭدىن سوراپ.

— هەي! — دەپ نالە ئوقۇپتۇ يەردىكى ئەينەك پارچىلىرى، — مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى داغلارنى كۆرسىتىپ بەرسەم، ئۇ ئاچچىقلىنىپ مېنى تاشلىۋەتتى

— سەنمۇ تازا... — دەپتۇ ئۇپا كۈرەڭلەپ، — قارىغىنا، مەن كۈندە ئۇنى پەدەزلەپ تۇرىمەن، شۇڭا ئۇ مېنى پەدەز تەكچىسىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەرگە قويۇپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

8 ـ ئىيۇل

## باغۋەننىڭ مېۋە دەرىخىنى كېسىشى

### شى فاتيەن

بىركۈنى سەھەردە، باغدا ياغاچ كېسىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ-تۇ. كىشىلەر قىزىقىپ باغقا يۈگۈرۈپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، باغۋەن سانجاق ـ سانجاق مېۋە چۈشكەن دەرەخلەرنى پالتا بىلەن ھە دەپ كېسىۋاتقۇدەك.

بىر بوۋاي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توسۇپ:

ــ ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ شۇنداق ياخشى مېۋىلىك دەرەخنى كەسكىنىڭ نېمىسى؟ بۇ دەرەخلەرنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يېتىشتۇرمىگەنمۇ؟ ــ دەپتۇ.

باغۋەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ــ مەن بۇ دەرەخلەرنى تاتلىق مېۋىسىنى يېيىش ئۈچۈن يېتىشتۈرگەنىدىم، بىراق ھازىر ئۇنىڭ ھەممىسى ئاچچىق چىقىپ قالدى! قاراڭلار، بايا مەن بىر تال مېۋىسىنى تېتىپ بېقىۋىدىم، ئاچچىقلىقىدىن كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇنداق مېۋىسى ئاچچىق دەرەخنى كېسىۋەتسەم نېمە بوپتۇ؟ ــ دەپتۇ.

بوۋاي قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئاكا، مېۋە توك ۋاقتىدا ئاچچىق، پىشقاندا تاتلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ پىشىپ مەي باغلىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدىغان بولساڭ، ئۆمۈرۋايەت مېۋىنىڭ خولۇقىنى كۆرەلمەي ئۆتۈپ كېتىسەن، — دەپتۇ.

9 - ئىيول

## نىلۇپەر گۈلى بىلەن نىلۇپەر يوپۇرمىقى

### مادا

يورەكلەپ ئېچىلغان بىر نىلۇپەر گۈلى قېشىدىكى نىلۇپەر يوپۇرمىقىغا:

— ھۆسنىگە تولۇپ، ئەترابقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بەرگىلىرىمگە قارىغىنا، ھەممە ئادەم مېنى ئاغىرى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدۇ! سەنچۇ، مەن بىلەن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بولساڭمۇ، تەلەيىڭ شۇنداق سەت، شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئوزۇقۇمدىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتىسەن، ئىككىمىزنىڭ قېرىنداش بولۇپ قالغىنى ئېسىت! — دەپتۇ.

— راست، مەن ئانامدىن ئوزۇق ئالىمەن، لېكىن مەن بۇ ئوزۇقنى ساڭمۇ بېرىپ كېلىۋاتىمەن، شۇڭا سەن مۇشۇنداق چىرايلىق ئۆسۈۋاتىسەن! — دەپتۇ نىلۇپەر يوپۇرمىقى.

www.uyghurkitap.com

نىلۇپەر گۈلى قاتتىق خاپا بولۇپ:

— نېمە، سەن تېخى مېنى بېقىۋاتامسەن! ما گەپنى كۆرۈڭ! ماڭا سېنىڭ كېرىكىڭ يوق، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپتۇ. نىلۇپەر يوپۇرمىقى قورسىقى كۆپۈپ بىر كېچە يىغلاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بارا-بارا سولىشىپ قۇرۇپ قاپتۇ. بۇ يوپۇرماق بىلەن يىلتىزداش بولغان نىلۇپەر گۈلىمۇ ئۇزاققا قال-ماي تۇزۇپ كېتىپتۇ، نىلۇپەرنىڭ تۈۋىدە تېخى ئېچىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر تال غۇنچا يېتىمسىرەپ تۇرۇپ قاپتۇ.

10 - ئىيۇل

## ئىككى تومۇزغا

### گۇ شېڭشەن

بىر تومۇزغا ئاۋاز ئىلمىنىڭ چىن مەنىسىگە يېتىش ئۈچۈن، كېچە-كېچىلەپ چىرىلداپ ئاۋاز مەشقى قىپتۇ. "تومۇزغا چىرىلدىسا، باشلىنار ئورما" دېگەندەك، ھېلىقى تومۇزغىنىڭ چىرىلدىشى كىشىلەرگە مول ھوسۇل شادلىقى ئېلىپ كەپتۇ.

يەنە بىر تومۇزغا "بىردىنلا كارامىتىنى كۆرسەتمەك" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە ئېپىشىۋېلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇساتتىن كارامىتىنى كۆرسىتىپ ھەممىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرسامەن دەپ،

تاكى ئۆلگىچە بىرەر قېتىممۇ چىرىلداپ قويماي، ئۆمۈر بويى گاچىدەك ياشاپتۇ.

"بىردىنلا كارامىتىنى كۆرسىتىش" ئۇچۇن جاپالىق ئەمگەك قىلماي بولمايدۇ، باش چۆككۈرۈپ جاپالىق ئىشلىمىگەندە، مەڭگۇ "كارامىتىنى كۆرسىتىش" مۇمكىن ئەمەس.

11 ـ ئىيۇل

## چىپار چۈجىنىڭ ئۇچۇشنى ئۆگىنىشى

### گاۋ شىرۇڭ

چىپار چۈجە قارلىغاچ، كەپتەر ۋە باشقا ھەمراھلىرىنىڭ ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىشقا بەل باغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى تىرىشىپ ئۇچۇشنى مەشق قىپتۇ.

چۈجىنىڭ ئانىسى بۇنى كۆرۈپ:

ــ بالام، سېنىڭ ۋەزىپەڭ كەلگۈسىدە كۆپرەك تۇخۇم تۇغۇش، بولمىغۇر خىياللارنى قىلما، ــ دەپتۇ.

ئاق چۈجە ئۇنى كۆرۈپ:

ــ بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ يەردە ياشاپ كەلگەن، سەن قانداقمۇ ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقالايسەن! ــ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

پەقەت تۆردەكلا ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ:

— بالام، مەشق قىلىۋەرگىن، مەشقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋەرسەڭلا جەزمەن مەقسىتىڭگە يېتىپ، ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقالايسەن، — دەپتۇ.

چىپار چۈجە تىرىشىپ مەشق قىلىپ ئاخىر مۆجىزە يارىتىپ ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپتۇ، ھازىرقى قىرغاۋۇللار ئەنە شۇ چۈجىكەن.

12-ئىيۇل

## چوسىنىڭ نەزەرىيىسى

جۇ بىڭبىڭ

كەچ كىرىپ ئەل جىمىققاندا، بىر چوسا ئاستاغىنە تامنىڭ يوچۇقىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، بىر ئادەمنىڭ ئېتىگە يېپىشىپتۇ-دە، ھە دەپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراپتۇ، ئۇ قورسىقىنى دومباقتەك كۆپتۈرۈپ، ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلگەندە چاتاق چىقىپتۇ. ئۇ شۇنچە تىرىشىپ باقسىمۇ تامنىڭ يوچۇقىغا پاتماپتۇ. ئۇ، تامنىڭ يوچۇقىغا ئالدىچىلاپمۇ، كەينىچىلاپمۇ قىسىلىپ بېقىپتۇ، ھەرقانچە قىلسىمۇ پاتماپتۇ. تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ، چوسا ئالدىرىغىنىدىن ئۇيان-بۇيان دوقۇرۇشقا باشلاپتۇ.

تام يوچۇقى چوسغا:

— ئۆلگۈدەك يەپ قورسۇقۇڭ دۇمباقتەك كۆپۈپ كېتىپتۇ، قورسىقىڭنى ئازراق بوشاتمىساڭ پاتمايسەن، — دەپتۇ.

چوسا غەزەپلەنگەن هالدا:

— سەن مېنى ئالدايمەن دېمە، مەن هاياتىمنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئاران بىر تويغۇدەك تاماق يەۋالسام، شۇنىڭغىمۇ هەسەت قىلىۋاتامسەن؟ مېنىڭ قورسىقىم يوغىناپ كەتمىدى، سەن ئەتەي يوچۇقۇڭنى تارايتىپ ماڭا كاشىلا قىلىۋاتىسەن! مەندىن بىرنەرسە ئۇندۇرۇۋالىمەن دېمەكچى بولساڭ، خام خىيال ئەيلىمە! — دەپتۇ.

تاڭ يورۇشى بىلەن، تام يوچۇقى سەل نېرىدا قېنى چىقىپ كەتكەن كىچىك قىزىل نەرسىنىڭ تامغا چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بۇنىڭ بايا هە دەپ نەزەرىسىگە ساتقان چوسا جامالى ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

13 - ئېيۇل

## پەرۋانىنىڭ هەسرىتى

### جۇ خۇيجاڭ

پەرۋانە بىر تۈپ مايسىنىڭ ئۈستىدە ئارام ئېلىۋېتىپ: "مەن يورۇقلۇقنى ئىزدەيمەن، يورۇقلۇققا ئىنتىلىمەن، هەتتا يورۇقلۇق ئۈچۈن ئۆزەمنى بېغىشلايمەن، بىراق كىشىلەر ماڭا

يورۇقلۇققا ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ ئۈلگىسى دەپ قاراپ، ئېتىراپ
بىلدۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە 'پەرۋانىنىڭ ئۆزىنى
ئوتقا ئۇرۇشى — ئۆز بېشىنى ئۆزى يېگەنلىكى' دەپ تەنە قىلىشىدۇ.
ھەي، كىشىلەر مېنى پەقەت چۈشەنمەيدۇ جۇمۇ" دەپ
ھەسرەتلىنىپتۇ.

مايسا: مېنىڭچە بۇ كىشىلەرنىڭ سېنى تازا چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

14 - ئىيۇل

## توخۇ پۇتى بىلەن ئۆردەك پەنجىسى

### لى يەنچاڭ

خوراز ئۆردەكنىڭ سۇدا پەنجىسى بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەۋەس قىلىپ ئۇنىڭغا:

— ئۆردەك بۇرادىرىم، سېنىڭ پەنجەڭ ئەجەب ئوبدان ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن سۇدا ئەركىن ئۈزەلەيدىكەنسەن، مېنىڭمۇ سېنىڭكىدەك پەنجەم بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، — دەپتۇ.

— خورازكا، سىز مېنى راستلا زاڭلىق قىلىۋاتىسىز. مېنىڭچە، سىزنىڭ پۇتىڭىز مېنىڭكىدىن ياخشى. سىز يەردە

شۇنداق ئىتتىك يۈگۈرىدىغان تۇرسىڭىز، مەن سۇدا ھەرقانچە ئۈزسەممۇ سىزگە يېتەلمەيمەن، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە، — دەپتۇ ئۆردەك.

— ئۇنداق بولسا، مەن پۇتۇمنى ساڭا بېرەي، سەن پەنجەڭنى ماڭا بەر، ئىككىلىمىز خۇشال ئۆتەيلى، قانداق، — دەپتۇ خوراز.

ئۆردەك ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى پۇتىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپتۇ.

خوراز خۇشال ھالدا ئىغاڭلاپ كېلىپ ئۆستەڭگە سەكرەپتۇ. بىراق سۇغا چۈشۈش بىلەنلا پەيلىرى ھۆل بولۇپ، بەدىنى تاش ئاسقاندەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. خوراز ئىككى پەنجىسىنى جېنىنىڭ بارىچە ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرگەچكە سۇغا چۆكۈپ كەتمەپتۇ. ئۇ سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقچانلارنى ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ ئالماقچى بولۇپ، بېشىنى سۇغا تىققاندەكەن، بۇرۇقتۇرۇم بولۇپ ئۆلگىلى تاس قاپتۇ، ئۇ بېشىنى سۇغا تىققىلى قايتا پېتىنالماپتۇ.

ئۆردەكچۇ، بەدىنى كېلەڭسىز بولغانلىقتىن، توخۇنىڭ پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇشمۇ خېلى تەسكە توختاپتۇ، يۈگۈرگەندە ئىغاڭلاپ ئىككى - ئۈچ قەدەمدە بىر يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

مانا شۇ چاغدىلا، ئۇلار باشقىلارغا ئەسقاتقان نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئەسقىتىشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

15 ـ ئېيۇل

# بىلىقچىنىڭ تور توقۇشى

## رېن داۋىي

بىر بېلىقچى كىچىككىنە بىر بېلىق كۆلچىكىگە ئۈچ ـ تۆت قېتىملا تور سېلىپ كۆلچەكتىكى بېلىقنىڭ ھەممىسىنى دېڭىزدەك سۈزۈۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ”ئەگەر چوڭلۇقى دېڭىزدەك يوغان تور توقۇسام، ئۇ چاغدا دېڭىزدىكى بېلىقلارنى بىراقلا سۈزۈۋالمايمەنمۇ؟“ دەپ ئويلاپتۇ.

بېلىقچى ئۇزۇن يىپ سېتىۋېلىپ، دېڭىزدەك يوغان تور توقۇماقچى بوپتۇ.

ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ:

— تورنىڭغۇ يوغان توقۇپ چىقارسىز، ئەمما ئۇنى دېڭىزغا قانداق سالىسىز؟ — دەپتۇ.

بېلىقچى تور توقۇغاچ:

— ھازىر تورمۇ پۈتمەيۋاتسا، ئۇنى دېڭىزغا قانداق سېلىش توغرىسىدا ئويلىغىلى كىمنىڭ چولىسى، — دەپتۇ ۋە تور توقۇشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئاخىر قانداق بوپتۇ؟... ئۇ ھەممىگە ئۆزىدىن ئايان.

# پوچتا ساندۇقى بىلەن ئەخلەت ساندۇقى

## ۋاڭ زىيۇي

كوچا دوقمۇشىدا بىر يېشىل پوچتا ساندۇقى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بىر كۆل رەڭ ئەخلەت ساندۇقى قويۇلغانىكەن. بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا ئۇلار پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ...

— پوچتا ساندۇقى ئاكا، ئىككىلىمىز جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق كۈنلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈپ كەلدۇق، بىراق سەن ھەر كۈنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلىدىغان خەت ـ چەكلەرنى قورسىقىڭغا قاچىلاپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتىسەن. مەنچۇ، ھەي! ھەر كۈنى قورسىقىم شۆپۈك، ئەسكى قەغەزلەر بىلەن تولىدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن نېمىدېگەن ئاھانەت...، — دەپتۇ ئەخلەت ساندۇقى.

پوچتا ساندۇقى ئەخلەت ساندۇقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەخلەت ساندۇقى ئۇكام، بۇ قارىشىڭ توغرا ئەمەس. ئىككىمىزنىڭ خىزمىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئىككىلىمىز كىشىلەرگە پايدىلىق خىزمەتنى ئۈستىمىزگە ئالغان. ئەگەر

ئەخلەت ساندۇقى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى كىشىلەر شۆپۈك ۋە ئەسكى قەغەزلەرنى خالىغان يەرگە تاشلاۋېرىسە بۇ تۈپتۈز كوچىنىڭ پاكىز تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپتۇ.

ئەخلەت ساندۇقى پوچتا ساندۇق ئاكىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا كوچىغا سەپسېلىپ قاراپتۇ، كوچا راستىلا پاك-پاكىز ئىكەن، مانا شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، پوچتا ساندۇقىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپتۇ، بۇ ئىككى سەپداش قىزغىن كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

17-ئىيۇل

## نام-ئاتاق

### ما چاڭشياۋ

مۇشۇك دەرەخقە يامىشىشنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچماق بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئېلان چىقىرىپتۇ، ئېلاندا دەرەخقە يامىشىش ماھىرى مايمۇن لېكسىيە سۆزلەيدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپتۇ. لېكىن بىرەرمۇ ھايۋان ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا كەلمەپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپتۇ، ئۇ دەرھال شاگىرتى يولۋاسنىڭكىگە بېرىپ، بۇ ئىشنى ئېيتىپ

ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ، يولۋاس بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

مۇشۇك يەنە: كۆرسىمىزنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يولۋاس ئەپەندىمنى دەرس بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدۇق... دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ. ھايۋانلار بۇ ئېلاننى كۆرۈپ روھلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، دەرەخقە يامىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لايىق ئۇستاز تاپالماي كەلگەنىكەن، شۇڭا ئۇلار ئېلاننى كۆرۈش بىلەنلا، يولۋاس ئەپەندىمنىڭ ئۆزى دەرس بەرمەكچى بولغانلىقىنى، بۇنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بەس ـ بەس بىلەن ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ.

يولۋاسنىڭ دەرەخقە يامىشىشنى بىلىش ـ بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، يولۋاسنىڭ قولدا ئوقۇش مايمۇننىڭ قولدا ئوقۇشتىن كۆپ شەرەپلىكتە.

18 ـ ئىيۇل

# پاقا ۋە بۇلاق سۈيى

## شياۋ گوسۇڭ

قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغان كۈنلەردە بىر قۇدۇقنىڭ سۈيى قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پاقا پاتقاقتا يېتىپ قاپتۇ،

سەكرەپ چىقىۋالاي دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، قۇرغاقچىلىقنىڭ دەستىدىن پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەچكە، چوڭقۇر قۇدۇق ئىچىدىن چىقالماپتۇ. ئۇ قۇدۇقتىن ئانچە يىراق بولمىغان تاشلارنىڭ يوچۇقىدىن شىرقىراپ ئېقىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپتۇ:

— بۇلاق ئاكا، ماڭا ئازراق سۇ بېرىپ قۇتۇلدۇرۇۋالساڭچۇ!

بۇلاق ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ چاتىقى بولماپتۇ. پاقا كەينى-كەينىدىن يېلىنىپ باققان بولسىمۇ، بۇلاق پىسەنت قىلماپتۇ.

بىركۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىپ، هاۋا گۈلدۈرلەپتۇ. ئاخىر قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. يامغۇر سۈيى تەرەپ-تەرەپتىن قۇدۇققا قۇيۇلۇپتۇ، سۇ قۇدۇققا تولۇپ تېشىپ كېتىپتۇ. پاقىغا جان كىرىپتۇ. ئۇ راھەتلىنىپ ”كۇر، كۇر، كۇر“ قىلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ ۋە قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزغا كىرىپ زىيانداش هاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەپتۇ.

بۇ چاغدا، بۇلاق سۈيى هە دەپ شارقىراپ قۇدۇققا كىرىپتۇ، بۇلاق پاقىغا:

— پاقا سىڭلىم، مەن خېلى كۈنلەردىن بېرى ساڭا سۇ جۇغلاپ كەلگەنىدىم، مانا بۈگۈن ساڭا بېرىمەن! — دەپتۇ.

— ئەگەر سەن يامغۇردىن بۇرۇن ئازراق سۇ بەرگەن

بولساڭمۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇماس ئىدىم! لېكىن ساڭا ھاجىتىم چۈشكەندە كارىڭ بولمىدى، ئەمدى سۇ لازىم بولمىغاندا، "مەردلىك" قىلىپ كېتىۋاتىسەن! سېنىڭ پەزىلىتىڭنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم، — دەپتۇ پاقا.

19 - ئىيۇل

## ئانا بۈركۈتنىڭ بالىسىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىشى

### چېن جاڭگو

بالا بۈركۈت قانات چىقىرىشقا باشلاش بىلەنلا ئانا بۈركۈت ئۇنىڭغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىشكە ئالدىراپتۇ. بالا بۈركۈت كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئانىسىنىڭ ئۇچۇشىنىڭ قائىدىلىرى توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپتۇ. "ئېسىڭدە تۇتتۇڭمۇ؟" بالا بۈركۈت ئانىسىنىڭ قاتتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھامان ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش شەرت ئىدى. بالا بۈركۈت شۇنچە قورقۇپ تۇرسىمۇ، ئاجىز قاناتلىرىنى كېرىپ دادىللىق بىلەن تىركىشىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ، لېكىن، تۇزۇك قانات قاقماستىنلا، "پالاققىدە" قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئانا بۇركۇت ناھايىتى خاپا بولۇپ:

— يەردە پالاقلاپ ياتـماي، مەن دېـگەن قائىـدە بويىـچە ئۇچمامسەن! — دەپ كايىپتۇ.

بالا بۇركۇت نېمە قىلارىنى بىلەلـمەي، تىت-تىـت بولۇپ ھەم قورقۇپ، يەردە جېنىـنىڭ بارىـچە تىپىـرلاپ بېقىپـتۇ. ئۇ "دەرھال كۆككە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ پەرۋاز قىلالىغان بولـسام، ئانام قانچە خۇشال بولۇپ كېتـەر-ھە" دەپ ئويلاپـتۇ. بىراق ئامالى قانچە!

ئانا بۇركۇت قاتتىـق غەزەپكە كېلـىپ:

— سېـنىڭ نەرىڭ بۇركۇت بولسۇن! ھەي ھارامتاماق! — دېـگىنىـچە بالـىسـىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنى ئامبۇردەك تىرناقلىرى بىلەن قاماپ، ئاسماننىڭ قەرىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىپـتۇ. بالا بۇركۇت قورقىنىدىن جان-پېنى چىقىپ، غال-غال تىتـرەپ كېتىپتۇ، ئانا بۇركۇت غەزەپ بىلەن:

— مەن دېگەن قائىدە بويىچە ئۇچىسەن! مۇشۇنداق ئاسان بېمىنىمۇ ئۆگىنەلمىسەڭ، كەلگۈسىدە قانداقـمۇ ئەنقا قۇشلىرىنى بېسىپ چۈشەلەيسەن! ئەمدى ئوبدان ئۇچـماي باقە قېنى! — دەپتۇ ۋە تۇيۇقسىزلا بالىسـىنى قويۇۋېتىپـتۇ. بىراق، ئاسـمان ئېگىز، بوران كۈچـلۈك بولغاچـقا، بالا بۇركـۇت قانات يېيـىپ بولغۇچە يەرگە پاققىدە چۈشۈپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئانا بۇركۇتنىڭ بالىسىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىشىدىن ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە چىقىپتۇ.

# سادىلىق تاش

## ياۋ جېڭجۇڭ

بىر يىگىت كىچىك تاشنى يەنداڭشەندىكى سادىلىق تاشقا ئۇرغانىكەن، سادىلىق تاش ”گوم، گوم“ قىلىپ قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپتۇ. بۇ ئاۋاز جىلغىلارنى زىلزىلىگە سېلىپ، يىراق - يىراقلارغا ياڭراپتۇ، تاغ ئورمانلىقىدىكى قۇشلارنىمۇ ئۈركىتىۋېتىپتۇ.

سادىلىق تاش كۆرەڭلەپ، شۇ باھانىدا يېنىدىكى ۋوسەنفېڭ چوققىسىغا:

— ئاڭلىدىڭمۇ، مېنىڭ ئاۋازىم نېمىدېگەن جاراڭلىق، نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك! پۈتۈن يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ، ھەيۋەتلىك تاغلارمۇ مېنىڭ ئاۋازىم بىلەن پەخىرلىنىدۇ! — دەپتۇ.

ۋوسەنفېڭ چوققىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— تاغ چوققىلىرى ئاۋازىڭنى چوڭايتىپ زىلزىلە پەيدا قىلىپ بەرمەيدىغان بولسا، سەن قانداقمۇ ”سادىلىق تاش“ بولۇپ تۇرالايسەن؟! — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

21 ـ ئېيۇل

# ئاسلاننىڭ يىگنە ئىزدىشى

## ليۇ تەن

بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ئاسلان ئېھتىياتسىزلىقتىن تامدىكى يىگنىگە تېگىپ كېتىپ، يىگنىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

يىگنە ــ بۇ بىر تال ئىنتايىن ئاددىي، ئىنتايىن ئەرزان يىگنە، بىر فۇڭغا ئۈنىڭدىن ئىككى تال سېتىۋالغىلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇگۈن ئاخشام ئاسلان بۇ يىگنىدە بىر كىچىك بايراق تىكمەكچى ئىدى. شۇڭا بۇ يىگنە بولمىسا بولمايتتى.

ئاسلان دەرھال شام ياندۇرۇپتۇ، شامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپتۇ، ئاسلان ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى يورۇتۇپ ئىزدەپتۇ. بىراق، ئۇن فۇڭلۇق بۇ شام كۆيۈپ تۈگىگەن بولسىمۇ، بۇ ئاددىي يىگنە يەنىلا تېپىلماپتۇ.

ئاسلان يەنە بىر تال شامنى يېقىپ، بۇ يىگنىنى داۋاملىق ئىزدەپتۇ...

22 ـ ئسيۇل

# ياۋا توڭگۇزنى قوغلاش

## جۇرېن

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا، بىر ئوتۇنچى تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپتۇ. ئوتۇن كېسىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئوت ـ چۆپنىڭ ئارىسىدىن ئىككى ياۋا توڭگۇز چىقىپتۇ. ئوتۇنچى ئۇنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويۇپ، پالتىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئىككى ياۋا توڭگۇزنى قوغلاپتۇ.

ئوتۇنچى تىنماي قوغلاپ كېتىۋاتقاندا، ھېلىگەر ئىككى ياۋا توڭگۇز ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ قېچىپتۇ. ئوتۇنچى A توڭگۇزنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا B توڭگۇزنىمۇ يادىدىن چىقارماپتۇ، شۇڭا ئۇ ئازراق قوغلىغاندىن كېيىن، ئارقىغا قايتىپ B توڭگۇزنىمۇ قوغلاپتۇ؛ ئوتۇنچى B توڭگۇزنى قوغلاۋېتىپ، A توڭگۇزدىن ئەنسىرەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئارقىسىغا قايرىلىپ A توڭگۇزنى قوغلاپتۇ. ئۇ ئىككى توڭگۇزنى بىراقلا قولغا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ.

نەتىجىدە، ئۇ A توڭگۇزنى تاشلاپ، B توڭگۇزنى قوغلىغىلى بارغاندا، B توڭگۇز ئاللىبۇرۇن كۆزدىن غايىب بولغانىكەن؛ ئۇ

www.uyghurkitap.com

كەينىگە بۇرۇلۇپ A توخۇگۆزنى قوغلىماق بولغاندا، A توخۇگۆزنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

بۇ چاغدا ئوتتۇنچىنىڭ ھېرىپ ھالى قالماپتۇ، پېشانىسىدىن مونچاقتەك تەرلەر تۆكۈلۈپتۇ، ئۇ نائىلاج ھالدا: "ھەي! بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇمەن دەپ، ئاخىر ئىككىلىسىدىن قۇرۇق قالدىم" دەپ ھەسرەتلىنىپتۇ.

23 - ئىيۇل

# گۈل ۋە تۇپراق

## لى شۇسېن

بىر تال گۈل تۇپراقتا كۆچۈرۈلۈپتۇ، دەسلەپتە، ئۇ ئۇسساپ، قورسىقى ئېچىپ، ناھايىتى بىئارام بولۇپ سالپىيىپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، تۇپراق بەرگەن ئوزۇقنى دەسلەپتە ئاز - ئازدىن، كېيىن كۆپلەپ قوبۇل قىپتۇ، يىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپتۇ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئاپتۇ... ئۇنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى يېشىل تۇسكە كىرىپتۇ، كۆپىيىپتۇ، ھۆسنى تېخىمۇ تولۇپ، چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

پورەكلەپ ئېچلغان گۈلنڭ خۇش پۇراقلرى ھەسەل ھەرىلرنى ۋە كېپنەكلەرنى ئۆزگە جەلب قپتۇ. ئۇلار گۈلنڭ ئەتراپغا ئولشپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتشپ، ئۇنڭ ھەممدن ياخشى دوستى بولۇپ قاپتۇ.

گۈل ئۆزنى دۇنيا بويچە ھەممدن چرايلق، ھەممدن ئۇلۇغ دەپ ھېس قلشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاسمانغا قاراپ، قۇياشنى، سەن مەندەك چرايلق ئەمەس، دەپ زاڭلق قپتۇ؛ يەرگە قاراپ، كەڭ زېمننى، سەن مەندەك ئۇلۇغ ئەمەس، دەپ زاڭلق قپتۇ؛ ئۇ بېشنى چايقاپ، سالقن شامالنى خۇش پۇرقى يوق دەپ كەمسۇندۇرۇپتۇ؛ ئۇ تەكەببۇرلۇق بلەن: ھەسەل ھەرسى، كېپنەكلەر سلەر مەندن ئايرلساڭلار ياشيالمايسلەر...، پەقەت مېنڭلا ھېچقانداق نەرسگە ھاجتم چۈشمەيدۇ، دەپ ماختنپتۇ.

قۇياش ئاچچقى كېلپ، ئۇنڭغا يللق نۇرنى بەرمەپتۇ؛ يەر خاپا بولۇپ، ئۇنڭغا ئوزۇق بەرمەپتۇ؛ سالقن شامال غەزپى كېلپ، ئۇنڭغا قارماپتۇ؛ ھەسەل ھەرسى بلەن كېپنەكلەرمۇ جۇدۇنى تۇتۇپ، ئۇنى چاڭلاشتۇرمايدغان بوپتۇ.

شۇنڭ بلەن گۈل توزۇپ قۇرۇپ كېتپتۇ ۋە ئاخر پۇشايمان يەپ قاپتۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئاغرىقنى يوشۇرۇش

## شاۋ خۋا

ئىككىگە چاقا چىقىپ قالغان بىر ئادەم چىرايىنىڭ تولىمۇ سەت بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ، ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇراي دېسە ئاغرىشتىن، دورا يەي دېسە دورىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقىدىكەن. شۇ مەزگىلدە، بىر پېرىخۇن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپتۇ، ئۇ ئادەم پېرىخۇننىڭ كۆرسەتمىسىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پېرىخۇن بىر قىزىل لاتىنى ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە مەھكەم ئوراپ، قەسىدە ئوقۇشقا باشلاپتۇ، پېرىخۇن قايتىدىغان چاغدا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىككىدىكى جاراھەتنىڭ 49 كۈندە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

49 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئادەم لاتىنى ئېلىۋېتىپ قارىسا، ئىككىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك شالۋەرەپ سىسىپ كېتىپتۇ.

# كاراپ بېلىقنىڭ ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەپ ئۆتۈشى

## جىن جياڭ

قەدىمدىن تارتىپ: كاراپ بېلىقى ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەپ ئۆتەلىسە، ئەجدىھاغا ئايلىنىدۇ، دېگەن رىۋايەت تارقىلىپ كەلگەنىكەن.

كاراپ بېلىقىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەپ ئۆتۈش توغرىسىدىكى ئىشنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە ئېيتىپ، ئۇلارنى ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەپ ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىشتا ئۆز بالىسىنىڭ ئەجدىھا بولۇپ چىقىشىنىلا كۆزدە تۇتۇپ قالماي، كاراپ بېلىقى جەمەتىدىن بىرەر بېلىقنىڭ ئەجدىھا بولۇپ چىقىپ، پۈتۈن جەمەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشىنىمۇ كۆزدە تۇتىدىكەن.

شۇ سەۋەبتىن، كاراپ بېلىقلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد، يىلمۇيىل ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ سەكرەپ ئۆتەلمەپتۇ.

دەريادىكى تاشپاقا كاراپ بېلىقىغا نەسىھەت قىلىپ:

— سىلەرنىڭ ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەپ ئۆتمەكچى بولغىنىڭلار ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان ئەخمىقانە ئىش. سىلەر ئۆزەڭلارنى چاغلاپ ئىش قىلماي، نېمىشقا بىھۇدە ئاۋارە بولۇسىلەر، — دەپتۇ.

كاراپ بېلىقلىرى جاۋاب بېرىپ:

— دۇرۇس، بىز بۈگۈنگە قەدەر ئەجدىھا دەرۋازىسىدىن سەكرەپ ئۆتەلمىدۇق. لېكىن بىز ئۆزىمىزگە مۇشۇنداق يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇپ، سەكرەش ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھەممە سۇ ھايۋانلىرىنى يېڭىپ، ئېگىزگە سەكرەش چېمپىيونى بولۇپ كېلىۋاتىمىز، — دەپتۇ.

26 - ئىيۇل

## مەرۋايىتنىڭ مۇكاپات ئېلىشى

### سەي جېنشىڭ

سۇ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى كاراپ بېلىقى بىر دانە ئالتۇن مېدال ياسىتىپتۇ، ئۇ سۇ پادىشاھلىقىدىكى ئاھالىلەر تۆھپىسى ھەممىدىن زور جانىۋارنى سايلاپ چىققاندىن كېيىن، بۇ مېدالنى

شۇنىڭغا بەرمەكچى بوپتۇ. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز باھالاش ئارقىلىق، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئېغىرلىقى 100 گرام كېلىدىغان بىر مەرۋايىتنىڭ تۆھپىسى ھەممىدىن زور دەپ قارىلىپتۇ. ئۇنىڭ دۇنياغا شانلىق نۇر چاچقانلىقىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن كاراپ پادىشاھ ئالتۇن مېدالنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

مەرۋايىت ئالتۇن مېدالنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى تەنتەنىلىك ھالدا بەدەنلىرى لايغا مىلىنىپ كەتكەن قېرى قۇلۇلىگە ئېسىپ قويۇپتۇ. سۇ پادىشاھلىقىدىكى ئاھالىلەر مەرۋايىتنىڭ بۇنداق قىلىشىنى چۈشىنەلمەپتۇ، مەرۋايىت سەلتەنەتلىك بىلەن:

— مەن ئەسلىدە ئۇۋىسىدىن بۇيانغا ئېقىپ يۈرگەن قۇم ئىدىم، قۇلۇلە ئانام مېنى يېقىپ، لايىنىڭ ئىچىدىن ئېسىل ئوزۇق، قۇياشتىن نۇر ئېلىپ بەردى، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە توپتوغرا 10 يىل تەربىيىلەپ، مېنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈردى. ئەگەر مەن سۇ پادىشاھلىقىنىڭ نۇرى ھېسابلىنىدىغان بولسام، ئۇنداقتا قۇلۇلە ئانام نۇرنىڭ ئانىسى بولىدۇ، دېمەك شان ـ شەرەپ ئانامغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك! — دەپتۇ.

سۇ پادىشاھلىقىدىكى ئاھالىلەر قۇلۇلىنى قىزغىن ئالقىشلار بىلەن تەبرىكلەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

27 ـ ئىيۇل

# مېلىيا بىلەن ۋاجرا

## چېن بىجىڭ

مېلىيا كۈپتەك يوغان قورسىقىنى سىلاپ كۈن بويى بۇددا ئىبادەتخانىسىدا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ياتىدىكەن.

تۆت ۋاجرا كۈن بويى ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تىك تۇرىدىكەن.

مېلىيا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇددا تەقۋادارلىرى رەھىم-شەپقەتلىكنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ماھىيىتى قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ، سىلەر نېمە ئۈچۈن ھەر كۈنى قەھرى غەزەپ بىلەن تۇرۇسىلەر؟ — دەپتۇ.

ۋاجرالار جاۋاب بېرىپ:

— بىز سىلىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلىمىز غەش بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

مېلىيا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— كۈلگەنىنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئاچچىق يۇتۇپ خاپا يۈرۈش تەنگە زىيانلىق دېگەن گەپ بار، ئاچچىقلىنىپ يۈرۈش چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئازابلىغانلىقى بولىدۇ، — دەپتۇ.

— بىراق دۇنيادا هامان كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، سىلىنىڭ ھەمىشە كۈلۈپلا تۇرۇشلىرى كۆزىمىزگە سىغمايۋا-تىدۇ، — دەپتۇ ۋاجرالار.

مېلىيا كۈپتەك قورساقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ سىلەرنىڭ ئىچ-قارنىڭلارنىڭ تولىمۇ تارلىقى. بۇددا تەقۋادارلىرىنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭ بولۇشى كېرەك، كۈن بويى ئاچچىقلىنىپ يۈرگەن بارمۇ؟ مانا مەن كەڭ قورساق-مەن، ھېچقانداق ئىش بىلەن كارىم يوق، كۆڭۈللۈك ئىشنىمۇ، كۆڭۈلسىز ئىشنىمۇ كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— سىلى مۇشۇنداق بىخىرامان ياشىسىلا، بۇددا بوۋىلىرىمىز غەزىپى تۇتۇپ، سىلىنى ئورنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشىدىن قورقمامىلا؟ — دەپتۇ ۋاجرالار تەڭلا.

— بۇنىڭدىن سىلەر غەم يېمەڭلار، — دەپتۇ مېلىيا قورسىقىنى سىلىغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن بۇددا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئارزۇلۇق شاگىرتىمەن، مەندىن ھەرقانچە زېرىكسىمۇ بۇ يەردىن قوغلىۋەتمەيدۇ، ھا-ھا-ھا...

ۋاجرالار جىم بولۇپ قاپتۇ. لېكىن ئۇلار ئاۋۋەلقىدەكلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇشۇپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

28 ـ ئىيۇل

## چوشقىنىڭ ھەسرىتى

### جى گۈەن

چوشقا ئۆزى بىلەن بىللە ياشايدىغان ئاتىنىڭ جەڭدە تۆھپە يارىتالىغىنىنى ئاڭلاپ، ھەسرەت چېكىپ قويىغا:

بۇرادەر، ئالدىنقى ئىككى يىلدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالمىغان بولسا، بىزمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان بولاتتۇق ـ تە! ـــ دەپ دەرد تۆكۈپتۇ.

بۇنى ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر مۈشۈك ئاڭلاپ:

ـــ چوشقا ئەپەندىم، سىلى كېسەل تارقالغان چاغلاردا نەچچە ياشتا ئىدىلە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ئىككى ياشتا ئىدىم.

ـــ دېمەك، ئات سىلى بىلەن تەڭ قۇرامدا ئىكەن. كېسەل تارقالغاندا، ئاتمۇ بىزگە ئوخشاش ئاپەتكە ئۇچرىغان، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇنىڭ تۆھپە يارىتالىشى ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيانقى تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ! سىلىچۇ؟ بۇ ئىككى يىلدىن بېرى نېمە قىلدىلا؟ ـــ دەپتۇ مۈشۈك.

# ئاغمىخاننىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى

## شۈي رۇنچۇەن

ئاغمىخان ئارقا ـ ئارقىدىن چۇجە ئوغرىلاپ يەپتۇ، چۇجىلەر ـ نىڭ ئىگىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، تېرىسىنى سويماقچى بولۇپ، چەللىگە باغلاپ قويۇپتۇ.

— ۋاي ئاللا، نېمىدېگەن ئادىلسىز جاھان بۇ! — دەپ ھەسرەت بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپتۇ ئاغمىخان، — سىز مېنى بوغۇز ـ لىسىڭىز بولمايدۇ، ئىلگىرى مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇپ بىر مۇنچە چاشقانلارنى تۇتقان، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزگە قاراپ بەرگەن، نى ـ نى تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەنمەن!

— دۇرۇس، — دەپتو چۇجىنىڭ ئىگىسى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — ئىلگىرى چاشقان تۇتۇپ كۆپ تۆھپە قوشقانىدىڭ، بىراق، سەن مېنىڭ شۇنچە كۆپ چۇجىلىرىمنى يەپ كەتتىڭ، قانداقمۇ ئىلگىرىكى تۆھپەڭ ئارقىلىق بۈگۈنكى جىنايىتىڭنى كەچۈرگىلى بولسۇن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

30 ـ ئېيول

# ھۆرۈن قۇلۇلە

## چۇ جىنلىيەن

زۇمرەتتەك دېڭىزدا دولقۇنلار ئاپئاق بۆژغۇن چىقىرىپ شاۋقۇنلاۋېتىپتۇ، دولقۇن قايتقاندىن كېيىن، دېڭىز ساھىلىدا بىر قۇلۇلە قېپقاپتۇ، ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىغاڭشىپ تۇرۇپ: "مەن مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىمەن" دەپتۇ.

ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇمىلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دېڭىز تاشپاقىسى:

— دوستۇم، يۈرگىن بىرگە دېڭىزغا كىرىپ كېتەيلى، دېڭىز ھاياتىنىڭ لەززىتى باشقىچە بولىدۇ، — دەپتۇ.

قۇلۇلە بېشىنى چايقاپ، — كۆڭلۈڭگە مىڭ رەھمەت، مەن بىپايان دېڭىزدا تولىمۇ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم! دېڭىز ساھىلىدا ئۇخلىۋالاي، ماڭا دەخلە قىلمىساڭ، — دەپتۇ.

دېڭىز چايكىسى قۇلۇلىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— دوستۇم، يۈرە بىللە دېڭىزغا كىرىپ كېتەيلى، دېڭىز ئاراللىرىنىڭ مەنزىرىسى سۈرەتتەك چىرايلىق، — دەپتۇ.

قۇلۇلە بېشىنى چايقاپ، — كەچۈرگىن، دېڭىزدىكى بوران ـ

دولقۇنلاردىن قورقىمەن، مەن مۇشۇ يەردە ئارام خۇدا ئۆتەي، ماڭا يېپىشۋالمىغىن! ــ دەپتۇ. چايكا يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپتۇ، ئەمما قۇلۇلە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ پەرۋا قىلماپتۇ.

قۇلۇلە ھۇزۇرلۇق قىلىپ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ، بىخىرامان ياشاپتۇ. بىراق، ئۇ ئاپتاپتا قاقلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاستا ـ ئاستا قورۇلۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

31 ـ ئىيۇل

## قارا چېكەتكىنىڭ ئىرادىسى

### ماچاڭشياۋ

بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىدىكى تامنىڭ يوچۇقىدا نۇرغۇن چېكەتكە ياشايدىكەن. بۇ چېكەتكىلەر ھەر يىلى بىر قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ يىللىق تەنھەرىكەت يىغىنىدا، بىر چېكەتكە نەچچە مەرتىۋە ئېلىشىش ئارقىلىق ھەممە رەقىبلىرىنى يېڭىپ، چېلىشىش چېمپىيونى بوپتۇ. ئۇ مۇكاپات ئېلىش مۇنبىرىگە چىققاندا، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ، ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك ھېسابلاپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماپتۇ.... ئۇ ھەتتا، كەلگۈسىدە چېكەتكىلەر ئائىلىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئالدى

www.uyghurkitap.com

بىلەن سوقۇشقاق خورازنى، ئاندىن كېيىن بولۋاس ۋە شىرنى يېڭىپ، دۇنيا بويىچە چېمپىيون بولۇپ، ئالتۇن مېدالنى ئالسام دەپ خىيال سۈرۈپتۇ... ئۇ بۇ خىياللىرى بىلەن خۇشال كېتىۋاتقاندا، خورازغا ئۇچراپ قاپتۇ. قارا چېكەتكە راسا بىر كۆچەپ، ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرقەپەز ئېلىشىپ باقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، خوراز ئۇنى توككىدە قىلىپ چوقۇلاپ يەۋېتىپتۇ.

1 ـ ئاۋغۇست

## كىچىك قوڭۇز ئېيىقنىڭ رېزىنكە ئايىغى

فۇ جياخۇاڭ

كىچىك قوڭۇز ئېيىقنىڭ بىر جۈپ چىرايلىق رېزىنكە ئايىغى بار ئىكەن، يامغۇر ـ يېشىن تۆگەپ، ھاۋا ئېچىلىسىمۇ، كىچىك ئېيىق رېزىنكە ئايىغىنى سالماي كېيىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ پۇتلىرى رېزىنكە ئاياغنىڭ ئىچىدە بىخسىپ ناھايىتى بىئارام بوپتۇ، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كىرپىگە دەپ بېرىپتۇ.

ــ سەن تازا دۆت ئىكەنسەن، ــ دەپتۇ كىرپە، ــ رېزىنكە ئاياغقا ھاۋا ئۆتمىشىدىغان تۆشۈكتىن بىرنەچچىنى ئېچىپ قويساڭلا بولمىدىمۇ!

كىچىك قوڭۇر ئېيىق كىرپىنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلىپ، دەرھال ئۆيىگە پايپاسلاپ بېرىپ، يېڭى رېزىنكە ئايىغى-نىڭ ئۈستىدىن پىچاق بىلەن بىرنەچچە تۆشۈك ئېچىۋېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن كىچىك ئېيىق ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ رېزىنكە ئاياغنى يەنە كىيىپتۇ، ئۇنىڭ پۇتىمۇ ئارام تېپىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كىرپىنىڭ ئەقلىگە باركاللا ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى يەنە يامغۇر يېغىپتۇ، كىچىك قوڭۇر ئېيىقنىڭ رېزىنكە ئايىغىنىڭ تۆت تەرىپىدىن سۇ كىرىپ، ئاياغنىڭ ئىچىنى سۇغا توشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئەمدى ئۇ تازا پۇشايمان قىپتۇ.

خەقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ بېقىش لازىم، قارىغۇلارچە خەقنىڭ گېپى بويىچە ئىش قىلغاندا زىيان تارتىدىغان گەپ.

2 ـ ئاۋغۇست

## شاد-خۇرام پاقا بىلەن مىسكىن چاشقان

جاڭ چيۇشېڭ

بىر پاقا كۆلنىڭ بويىدا قورسىقىنى پەپىلەپ، خۇشال ھالدا ناخشا ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر مىسكىن چاشقان تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— يايراپ كېتىپسەنغۇ، ھەمراھلىرىڭنى ئىنسانلار تۇتۇپ كېتىپ، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، قورۇپ يەپكەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن! — دەپتۇ

— ئۇ ئاز ساندىكى نادانلارنىڭ قىلغان ئىشى، كۆپ ساندىكى ئادەملەر بىزنى ئاسرايدۇ، شۇڭا ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن-دە! — دەپتۇ پاقا.

چاشقان ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ:

— راست، بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ سىلەرنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، بەزى ئىنسانلار بىزنى كۆرسە ئۇر-ئۇر قىلىپ، كۆڭلىمىزگە زادىلا ئارام بەرمەيدۇ...

پاقا بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈركىراپ كېتىپتۇ:

— ياق، ياق، ئوخشاش ئەمەس. مەن سىلەرگە زادى ئوخشىمايمەن، ئىنسانلار سىلەرنى يوقىتىشنىڭلا كويىدا بولىدۇ، سېنىڭ كۆڭلۈڭ مەڭگۈ ئارام تاپالمايدۇ.

پاقا يەنە خۇشال ھالدا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ، مىسكىن چاشقان غىپپىدە تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ.

# مېدالىيون

## لۇ خۇگېن

ئالتۇن رەڭلىك مېدالىيون قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا قۇياشقا قاراپ:

— قۇياش بوۋا، مېنىڭ بۇ كىيىمىم چىرايلىقمىكەن؟ گۈزەللىكتە سىزمۇ ماڭا يېتەلمەيسىزغۇ دەيمەن، — دەپتۇ.

قۇياش تازا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، گۇمانلىنىپ:

— مېدالىيون سىڭلىم، بۇ كىيىمىڭىز كۆزنى بەكمۇ قاماشتۇرىدىكەن. قەيەردىن ئالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قەيەردىن دەمسىز؟ — دەپتۇ مېدالىيون تېخىمۇ ھال تارتىپ، — بۇ مېنىڭ تەبىئىي كىيىمىم.

قۇياش قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئويلىغاندەك كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— ياخشى بوپتۇ، تەبىئىي بولسىلا ياخشى، — دەپتۇ.

مېدالىيون ئۆتتۇر كەلگەن يەردە ئۆزىنىڭ كىيىمىنى كۆز ـ كۆز قىپتۇ، كۈندۈزى قۇياشقا، ئاخشىمى ئايغا ئۆزىنى سىلىشتۇرۇپتۇ.

شۇنىسى ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، مېداليوننىڭ كىيىمنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ سەتلىشىپ كېتىپتۇ.

قۇياش مېداليوننىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، سەممىيەتلىك بىلەن:

— مېداليون سىڭلىم، كىيىمىڭىز نېمانچە كونىراپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى سىرتقى كىيىمىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ بولمىسا كېرەك، يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ ئىچ كىيىمى چىرايلىق! — دەپتۇ.

مېداليون خىجىلچىلىقتا قىزىرىپ، دودۇقلىغان ھالدا:

— مەن تۇش مېداليون ئىدىم، سىرتقى كىيىمنى ئارىيەت ئالغانىدىم، مەن... — دەپتۇ.

— مەن بۇرۇنلا بىلگەنىدىم — دەپتۇ قۇياش ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، — ئارىيەتكە ئالغان كىيىم چىرايلىق بولغىنى بىلەن، ئۇزاق تۇرالمايدۇ، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ كىيىملا ھەقىقىي چىرايلىق بولىدۇ!

4 ـ ئاۋغۇست

## شاتۇتى بىلەن كالا

### بەي لاڭ

بىركۈنى سەھەردە، قېرى ئۆكۈز ئېتىزدىن ئىشنى تۈگىتىپ

ئەتىگەنلىك تاماق يېيىشكە كەپتۇ، ئۆينىڭ پېشايۋىنىگە ئېسىقلىق قەپەزدىكى شاتۇتى خوجايىنىنىڭ كالىنى ھەيدەپ كەلگەنىنى كۆرۈپ دەرھال:

— سالام خوجام! روناق تېپىپ بېيىغايسىز! — دەپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئالمان-تالمان كالىنى باغلاپ بىر باغ قۇرۇق ئوت سېلىپ بەرگەندىن كېيىن، دەرھال ئىسكىلاتتىن ساپسېرىق سۆكنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تۇخۇم سېرىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ قەپەزنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ:

— شاتۇتى سەن نېمىدېگەن ياخشى، — دەپ ماختاپ شاتۇتىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. شاتۇتى خوجايىنىنىڭ ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئامىتىڭىز ئوڭدىن كەلسۇن! ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولسۇن! — دەپتۇ. خوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا شېكەر سۈيى ئىچكۈزۈپتۇ.

خوجايىن شاتۇتىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، خۇشال ھالدا ئىشقا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، شاتۇتى تويغۇدەك يەپ-ئىچىپ تولىمۇ ھوزۇرلىنىپتۇ، ئۇ توساتتىنلا پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلگەن كالىنىڭ قۇرۇق ئوت يەۋاتقىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ:

— كالىلىسى ئىشلىمەيدىغان كالا ئاكا، ئەتىدىن كەچكىچە باش كۆتۈرمەي ئىشلىگىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى. ئاخىرى يەيدىغىنىڭ

قۇرۇق ئوت ئىكەنغۇ! مەن ئەتىدىن كەچكىچە ھېچ ئىش قىلمايمەن، خوجايىنىمنىڭ ئالدىدا بىرتەچچە ئېغىز ياقىدىغان سۆزنى قىلىپ قويساملا، ئېسىل نازۇنېمەتلەر ئالدىمدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. قارىغاندا سەندەك ئىشچان بولغاندىن، مەندەك سۆزمەن بولغان تۈزۈك ئىكەن! — دەپتۇ.

كالا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خاپا بولۇپ:

— بولدى چوڭ سۆزلىمە، سىلەردەك قولىدىن تۈزۈك ئىش كەلمەيدىغان، گەپلا ساتىدىغان ياغلىما ئېغىزلار ئىشنى بۇزۇۋاتىدۇ. شۇنى بىلىپ قويغىنكى، دۇنيادىكى ئىشلارنى قۇرۇق گەپ سېتىپ ئەمەس، قول سېلىپ ئىشلەپ ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان گەپ.

5 ـ ئاۋغۇست

## چاڭ ـ توزان بىلەن سۈرتكۈچ

### چۇ جىنلىيەن

چاڭ ـ توزان سۈرتكۈچ لاتىغا ھۇجۇم قىلىپ:

— ۋايجان! ئەجەب نەپسىڭ يامان نېمىكەنسەن، شىرەدىكى ماي يۇقىنى يالىغىلى تۇردۇڭغۇ، — دەپتۇ.

سۈرتكۈچ ئۈن چىقارماي، شىرەنى ئەستايىدىللىق بىلەن

سۈرتۈۋېرىپتۇ. جوزا چىداپ تۇرالماي:

— بۇرادەر، سەن نېمىشقا ھەزەر قىلماي تۇرىسەن؟ — دەپتۇ.

سۈرتكۈچ جاۋاب بېرىپ:

— مېنىڭ ۋەزىپەم شىرەدىكى چاڭ-توزانلارنى سۈرتۈش، بىرنەچچە ئېغىز تاپا-تەنىنى ئاڭلاپ يالتايسام، سېنىڭ قىلتىقىڭغا چۈشكەن بولمايمەنمۇ، — دەپتۇ.

6 - ئاۋغۇست

## ئۆزۈك بىلەن سائەت

چۇجېنلىيەن

بىركۈنى نامسىز بارماقتىكى ئۆزۈك قولنىڭ بېغىشىدىكى سائەتكە قاراپ:

— ئۇبدان قوشنام، ئورۇن جەھەتتە سەندىن قېلىشمايمەن، ئىككىمىزنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرغاندىمۇ مېنىڭ خېلى قىممىتىم بار. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇ كىشىلەر ساڭا كۈندە دېگۈدەك پات-پاتلا قاراپ قويىدۇ، ماڭا كۆز قىرىنى سالمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار، — دەپتۇ سائەت، — مەن زىننەت بۇيۇمى ئەمەس، كۆڭلۈمدىكىنى قىلچە ئايىماي كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

7 ـ ئاۋغۇست

# قارغىنىڭ ئۆز پېيىنى يۇلۇشى

## شىي يۇدىڭ

بىركۈنى، بىر قارغا قېرى تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ ئۇچىغا قونۇپتۇ.

"قاق، قاق، نېمىشقا تۇزنىڭ پەيلىرى شۇنچە گۈزەل، مېنىڭ پەيلىرىم سەت. قاق، قاق، زادى نېمىشقا؟" دەپ قاقىلداپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىدىكى قاپقارا پەيلەرگە قاراپ جۇدۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بىر تالنى يۇلۇپ تاشلاپتۇ.

ئەتىسى، ئۇ يەنە ھېلىقى تۇخۇمەك دەرىخىغە كېلىپ قونۇپتۇ.

"قاق، قاق، نېمىشقا شاتۇتىنىڭ پەيلىرى شۇنچە چىرايلىق، مېنىڭ پەيلىرىم قاپقارا، قاق، قاق، زادى نېمىشقا؟!" دەپ قاقىلدىغىنىچە يەنە بىر تۇتام پېيىنى يۇلۇپ تاشلاپتۇ.

ئۇزاققا قالماي، قارغا يەدىنىدىكى پەيلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇپ بوپتۇ. ئۇ چىرايلىق پەيلەرنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى كۈتۈپتۇ.

قىش كېپتۇ، قارغا سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

8 ـ ئاۋغۇستى

# سېغىزخان

## شىپ پۇدىلىك

بىر ئائىلىدە توي بوپتۇ. سېغىزخان توي بولغان ئۆينىڭ ئالدىدىكى دەرەخقە كېلىپ قونۇپ:

— ۋىچ، ۋىچ، ۋىچ، ئائىلەڭلەرگە يېڭى كېلىن كىرگىنىگە مۇبارەك بولسۇن! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي خۇشال بولۇپ: "سېغىزخاننىڭ سايرىشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى" دەپتۇ.

مومايمۇ خۇشال بولۇپ: "پاھ، سېغىزخان بىزگە خۇش خەۋەر ئەكەپتۇ ئەمەسمۇ" دەپ، سېغىزخانغا بىر چاڭگال گۆش تاشلاپ بېرىپتۇ.

سېغىزخان قورسىقىنى تازا تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇشال ھالدا ۋىچىرلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر ئائىلىدە نەزىر بوپتۇ. سېغىزخان نەزىر بولغان ئۆينىڭ ئالدىدىكى دەرەخقە كېلىپ قونۇپ:

— ۋىچ، ۋىچ، ۋىچ، تەبرىكلەيمەن..." — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى قولىغا تاياقنى ئېلىپ:

”تفى، ئۆيۈمدە هازا بولۇۋاتسا، سەن نېمە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىسەن؟ هۇ دەيۈز! — دېگىنىچە ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ.
سېغىزخان تازا تىل ئىشتىپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سېغىزخان ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ: ”مەن ئوخشاش ناخشا ئېيتقان تۇرسام، نېمە ئۇچۇن ئوخشاش بولمىغان ئاقىۋەتكە قالىمەن“ دەپ ئويلاپتۇ.

9 ـ ئاۋغۇست

## قارا ئېيىقنىڭ دۇكان ئېچىشى

### شيې پۇدىلىڭ

قارا ئېيىق پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇدا بىرنەچچە كۈن تاش توشۇپ، ئورمانلىقتا ئىككى ئېغىز تاش ئۆي سېلىپ، بىر سودا دۇكىنى ئېچىپتۇ.
تىجارەت باشلىغان كۈنى ئىشىك ئالدىغا رەڭگارەڭ لېنتە ۋە پانۇسلارنى ئېسىپتۇ. تەكلىپكە بىنائەت شىر، يولۋاس، مايمۇن، بۆغا ۋە تورغايلار مۇراسىمغا قاتنىشىپتۇ ۋە سۆز قىپتۇ. بۇ خەۋەر تارىلىشى بىلەنلا، شۇ كۈنى ئورمانلىقتىكى خېرىدارلار بەس-بەستە كەپتۇ، دۇكان ئىنتايىن ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ.
ئۆچكە مەرگىنىچە كىتاب سېتىش بۆلۈمگە كېلىپ ھەمرا- هىغا، — بۇ يېشىل مۇقاۋىلىق كىتابتا نېمە سۆزلەنگەنكىن؟ —

دەپتۇ ۋە كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلاپتۇ.

— چىر، چىر، بۇ رەخت ئەجەب چىرايلىقكەن، چىدامىلىقمىدۇ؟ — دەپتۇ مايمۇنچاق پاختا رەخت بۆلۈمىدە رەختنى تۇتۇپ بېقىپ.

قارا ئېيىق كاتتا ياسىنىپ تاش ئۆيىنىڭ ئىچىدە گىدىيىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن شوخشىپ تۇرۇپ، كىتابنى شارتتىدىلا تارتىۋېلىپ، ئاندىن مايمۇنچاقنىڭ قولىدىكى چىتنىمۇ ئېلىۋېلىپ، ئەسلى ئورنىغا تاشلاپ قويۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ئالىدىغان بولساڭ ئال، ئالمايدىغان بولساڭ، تولا مىجىغلىما!

ھەممەيلەن قارا ئېيىقنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، تىرناقلىرى ئۇچلۇق قولىنى ئۇيان-بۇيان شىلتىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇنچىلىقىدا قاچقىنى قېچىپتۇ، خاپا بولغانلىرى خاپا بولۇپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، خەۋەر بىردىن ئونغا، ئوندىن يۈزگە دېگەندەك تارىلىپ، پۈتۈن ئورمانلىققا يېتىپتۇ.

ئەتىسى، ئۆچكە، مايمۇنچاق، توشقان دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دۇكانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بۇ ئىككى ئېغىز تاش دۇكان ئورمانلىقتا خېرىدارسىز قېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تاقىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# شېكەر قاچىسى بىلەن دورا قاچىسى

## سۇن چۇەنزې

قاچا ـ قۇمۇچ ئىشكاپىدا بىر شېكەر قاچىسى بىلەن بىر دورا قاچىسى قوشنا بوپتۇ.

شېكەر قاچىسىنى ئىگىسى ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئۇ بەكمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىكەن؛ بىراق ئۇ بۇنىڭدىن خۇشال ئىكەن. بالىلارمۇ، چوڭ ئادەملەرمۇ ئۇنى ياقتۇرىدىكەن، شۇڭا ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە خۇش چىراي يۈرىدىكەن، بۇنداق ئۆتكەن كۈنلەر لەززەتلىك بولماي قالامدۇ؟

لېكىن دورا قاچىسىنىڭ كۈنى ئۇنداق ئۆتمەيدىكەن، ئۇنى ئىگىسى ئايلاپ ـ يىللاپ قولىغا ئېلىپمۇ قويمايدىكەن، بىرەرسى ئاغرىپ قالسا، ئىگىسى دورا قايناتماق بولۇپ، ئۇنى ئوچاققا قويۇپ، ئىسقا دۇتلەپ، ئازابلايدىكەن، بۇنى ئاز دەپ، ئىگىسى ھەر نۆۋەت ئاچچىق دورىنى ئىچكەندە، ئۇنىڭغا چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قوشمىسىنى تۈرۈپ، دورىنى يۇتۇۋېتىشنى خالىمايدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ ئازابلىنىدىكەن.

بىر كۈنى، شېكەر قاچىسى دورا قاچىسىغا:

— سەن تازا شۇم پېشانە ئوخشايسەن! مەن ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراش بولسامۇ، كۆڭلۈم خۇشال؛ سەنچۇ، سەن شۇنچە ئازاب چېكىپ، جاپا تارتساڭمۇ ئاخىر يەنە ياخشى بولالمايسەن!... — دەپتۇ.

دورا قاچىسى سەممىيەتلىك بىلەن:

— لېكىن مەن بۇنداق ئويلىغىنىم يوق. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى سەندەك تاتلىق شېكەرگىمۇ، مەندەك ئاچچىق دورىغىمۇ موھتاج. كىشىلەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا، بىر بولاق ئاچچىق دورىنى قاينىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلسام، مېنىڭ خۇشاللىقىم .شۇ! — دەپتۇ.

11- ئاۋغۇست

# كىرپىك بىلەن كۆز

## بەي لاڭ

كىرپىك بىلەن كۆز يېقىن دوست ئىكەن، يورۇقلۇق ئۈچۈن، ئۇلار ئورتاق ھەمكارلىشىپ، توختىماستىن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىكەن. قۇم-بورانلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، كىرپىك دەرھال يۇمۇلۇپ، كۆزنىڭ گۆھىرىنى ئاسراپ قالىدى-

www.uyghurkitap.com

كەن، خېيىم ـ خەتەرگە يولۇققاندا، كىرپىك ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قارىماستىن، كۆزنىڭ بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدىكەن، ئۇلار ئورتاق كۈرەش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق مۇستەھكەم دوستلۇق ئورناتقانىكەن.

لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بەزى كىرپىكلەر تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر كۆز تازىلىقىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، تراخوما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، كىرپىكمۇ پەيدىنپەي تەتۈر ئۆسۈپ قاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن، كۆزنى ئاسرىيالمايلا قالماي، ئەكسىچە كۆز ئالمىسىغا سانجىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، نەتىجىدە كىرپىكنىڭ كۆزنى ئاسراش يولىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى زىيانغا ئۇچراپتۇ، شۇڭا كىرپىكنىڭ تولىمۇ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ، نۇرلۇق ئىشلىرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، كىرپىك ئۆزىنىڭ تەتۈر ئۆسۈپ قالغان قىسمىنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىۋېتىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن، بىرنەچچە تال كىرپىك ئازلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆز يەنە يورۇقلۇققا ئېرىشىپتۇ.

# ئاسلان نېمە ئۈچۈن باتقانسېرى ئازىيىپ كەتتى

## جاڭ رۇگيۇ

ئاسلان شەھەرنىڭ يېرىمىدىن جىقىنى ئارىلاپ چىققان بولسىمۇ، بىرەر مۈشۈك ئەۋلادىغا ئۇچرىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مياڭلاپ يىغلاپتۇ.

مېكىيان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭدىن نېمىشقا كۆڭلى يېرىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

ئاسلان تېخىمۇ بىچارە قىياپەتتە يىغلاپ كېتىپتۇ:

— پۈتۈن شەھەر بويىچە... مەندىن باشقا مۈشۈك يوق ئىكەن، غېرىب - مۇساپىر بولۇپ قاپتىمەن... مياڭ، مياڭ...

مېكىيان ئۇنىڭدىن يەنە:

— خوجايىنىڭ سېنى نېمە ئۈچۈن باققان؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاسلان ئويلانماستىنلا جاۋاب بېرىپ:

— چاشقان تۇتۇش ئۈچۈن بولمامدۇ! — دەپتۇ.

— يېقىندىن بېرى چاشقاندىن نەچچىنى تۇتتۇڭ؟ — دەپتۇ مېكىيان سوئالنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ئاسلان يەنە بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— بىر نى، — دەپتۇ.

مېكمىيان چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ:

— تولىمۇ ئاز بولۇپ قاپتۇ. ھازىر كىشلەر چاشقان تۇتۇشتا ئىلمىيلىكنى تولىمۇ تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. باشقىسىنى دېمەي قويايلى، مەن تۇنۇگۈن خوجايىنىمنىڭ چاشقان تۇتىدىغان ئېلېكترلىك ئەسۋاب بىلەن 50 ـ 60 چاشقاننى تۇتۇۋالغىنىنى كۆردۈم. چاشقاننى كۆپ تۇتالمىساڭ، خوجايىنىڭ سېنى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن؟ سىلەرنىڭ ئەۋلادىڭلارنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقىنىدىن ئەجەبلىنىشكە بولمايدىكەن، — دەپتۇ.

ئاسلان خىجىل بولۇپ، بىرنەرسە ئويلىغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

13 ـ ئاۋغۇست

# ئېشەك بىلەن تۇلپار

## پىلىڭ يولەنجىن

كۆزىگە كۆنىقاپ تېڭىپ تۈگمەنگە قوشۇلغان بىر ئېشەك ئەزمىلىك بىلەن تۈگمەن تېشىنى ئايلاندۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا بولې دېگەن كىشى بىر تۇلپارنى يېتىلەپ كېلىپ،

ھاردۇق ئېلىش ئۇچۇن تۇگمەننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

تۇلپار تۇگمەننىڭ ئەتراپىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ھە دەپ ئۆت يېيىشكە چۇشۇپتۇ.

ئېشەك تۇلپارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ تەمكىنلىك بىلەن:

— سەن كىم بولىسەن؟ مېنىڭ تۇگمىنىمگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بولي ئەپەندىم يېكىدىن تاللىغان تۇلپار بولىمەن، شەھەرگە ماڭغان، بۇ يەردە ئارام ئېلىۋاتىمىز، — دەپتۇ تۇلپار.

ئېشەك بۇرنىنى بىر پۇرقىتىپ قويۇپ:

— مېنىڭچە سەندىن بۇ بوۋايغا بىرەر نەپ تەگكەن بولسا كېرەك! — دەپتۇ.

تۇلپار ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سېنىڭ...، سېنىڭ بۇ گەپىنى قىلىشتا نېمە ئاساسىڭ بار؟ — دەپتۇ.

— تۇلپار دېگەن مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق يول باسالايدىغۇ، مەن بولسام، — دەپتۇ ئېشەك بىرنەچچىنى قاتتىق تېپە-چەكلەپ قويۇپ، — مۇشۇ تۇگمەندە بىرقانچە يىل ماڭدىم، يىغىپ كەلسەم نەچچە مىڭ چاقىرىم چىقىدۇ، دېمەك مەنمۇ بىر تۇلپار ئېشەك بولۇمەندە. بىراق ئۇ قېرى ماڭا قاراپمۇ قويماي دېمەيدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ سىلەردىن ئۇنىڭغا نەپ تېگىۋاتقانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەمدۇ؟

تۇلپار بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەۋرچانلىق بىلەن

چۇشەندۈرۈپ:

— بوۋايدىن ئاغرىنغىنىڭ بولمىدى. تۇلپار كۈنىگە مىڭ چاقىرىم يول باسىدۇ، سەن بولساڭ بىرنەچچە يىلدا ئاران مىڭ چاقىرىم يول باسىسەن، شۇڭا ئەلۋەتتە سېنى تۇلپار ئېشەك دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ-دە... — دەپتۇ.

ئېشەك چىچاڭشىپ كايىشقا باشلاپتۇ:

— تولا كاپشىما! ئاكاڭ مۇشۇ يەردە ئۆمۈر بويى جاپا چەكتى، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول دېگەن نېمە ئۇ! تۆھپەم بولمىسمۇ، چەككەن جاپايىم بار! سەن ماڭا تەنبىھ بەرگىدەك قانچىلىك نېمە ئىدىڭ!

بولپى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەستايىدىللىق بىلەن ئېشەككە سەپسېلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن تۇلپارنى شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— ئۇنىڭ كۆزىگە كۆنقاپ تارتىلغان، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاغزىڭنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسەن؟ ئىلدام بول، پاتراق يولغا چىقايلى، — دەپتۇ.

# نېفىت ۋە كۆمۈر

## شاۋ جۈن

بىر تەسادىپىي پۇرسەتتە نېفىت بىلەن كۆمۈر ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— نېفىت بۇرادىرىم، سەنمۇ بەك ھاكاۋۇرلىشىپ مەنمەنچى بولۇپ قالدىڭ، كىشىلەر ساڭا تېگىپلا قويسا، خۇددى دۇنيادا سەنلا ھەممىگە قادىردەك سەۋر ـ تاقەت قىلالماي ئېتىلىپ چىقىسەن، مەن بولسام، داۋراڭ سالماي يەر ئاستىدا جىمجىت ياتىمەن، ئېھتىياجغا قاراپ كىشىلەرگە تۆھپە يارىتىمەن، — دەپتۇ كۆمۈر نېفىتكە.

— كۆمۈر ئىنىم، كەمتەرلىك — ئەلۋەتتە گۈزەل ئەخلاق، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىچ باغرىنى دادىللىق بىلەن كۆرسەتكەنلەر كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا تېخىمۇ سازاۋەر بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ نېفىت كۈلۈپ تۇرۇپ كۆمۈرگە.

# دەرەخ ئۆرۈكى ۋە مەرۋايىت

## لىيۇمىن

بىرتال دەرەخ ئۆرۈكى بىلەن بىر مەرۋايىت لاي توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ، ئۆرۈك ئۈن-تىنسىز ئۆتلۈپتۇ، مەرۋايىت ئاھ ئۇرۇپ پىغان چېكىپتۇ.

— ھەي ئۆرۈك ئىنىم، ئىككىمىز مۇشۇ كۈنگە قالساقمۇ بىزنى بىرەر ئىنسان بايقىمايۋاتقىنىنى كۆرمەمسەن، بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان بىر ئىش بولدى! — دەپتۇ مەرۋايىت قاتتىق ئۇھ تارتىپ ئاچچىقىدا.

— مېنىڭچە ئۈمىدنى ئىنسانلارغا باغلىمايلى، بىز ئەستايىدىل كۈچ توپلاپ تۇرساقلا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەر يۈزىگە چىقالايمىز، — دەپتۇ دەرەخ ئۆرۈكى تەمكىن ھالدا.

— ئۆزىمىزگە تايىنىمىز؟ — دەپتۇ مەرۋايىت تەكەببۇرلۇق بىلەن، — مەن ئۆز قىممىتىمگە ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئورنۇمغا قاراپ ئۈزۈپ ئېيتالايمەنكى، كىشىلەر گەپ يوق تاقەتسىزلىك بىلەن مېنى ئىزدەۋاتىدۇ.

ئۇلار گەپ باشلىنا-باشلانمايلا بىر-بىرى بىلەن چىقىشالماي قاپتۇ. دەرەخ ئۆرۈكى ياندۇرۇقى ئېغىز ئاچماپتۇ. ئۇ

ئۈن-تىنسىز ھالدا يەردىن ئوزۇق ئېلىپ كۈچ توپلاپتۇ، يىلتىز تارتىپتۇ، بىخ سۈرۈپتۇ. راست دېگەندەك بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ توپىنى يېرىپ يەر يۈزىگە چىقىپتۇ. ھېلىقى مەرۋايىت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپلا ھەيران قاپتۇ، ئەمما تېزلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: ”دېمىسىمۇ راست، بىر تال ئەرزىمەس ئۇرۇق كىمنىڭمۇ يادىغا كېلەتتى! ئۆزىگە تايانماي ئامالى نەچچە“ دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

دەرەخ ئۇرۇقى توپىدىن چىققاندىن كېيىن، قۇياش نۇرىدىن ۋە يامغۇر سۈيىدىن ئوزۇق ئېلىپ بىر-ئىككى يىل ئۆتۈپ شاخلىنىپ ئوبدانلا كۆچەت بولۇپ يېتىلىپتۇ؛ ھېلىقى مەرۋا-يىتچۇ؟ ئۇ يەنىلا توپا ئاستىدا باشقىلارنىڭ بايقىۋېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ!

16-ئاۋغۇست

## يىڭناغۇچ ۋە سۇ چوشقىسى

### شۈي داچېڭ

بىر يىڭناغۇچ ئېرىق بويىنى بويلاپ ئۇچۇپ دەريا بويىغا كېلىپ ئويناپتۇ، ئۇ قۇيرۇقى بىلەن پات-پات سۇ يۈزىنى چېكىپ قويۇپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۇيان-بۇيان ئۇچۇشقا

باشلاپتۇ. سۇ چوشقىسى ئۇنى كۆرۈپ قىلىپ ھاپىلا ـ شاپىلا ۋارقىراپتۇ:

ــ ھەي بۇرادەر! دەرياغا چۈشۈپ ئۈزگىنىڭچۇ، سۇيى قالتىس چوڭقۇر، تازا پەيزى بولىدۇ.

ــ چوڭقۇر دەۋاتامسەن؟ نېمىسى چوڭقۇر؟ ــ دەپتۇ يىڭناغۇچ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن، ــ ئېھتىمال سەن مېنىڭ سان ـ ساناقسىز دەريا ـ كۆللەرنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلىكىمنى بىلمىسەڭ كېرەك، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن چوڭ ـ قۇرلۇقى ئوخشاش.

ــ سېنىڭ تەكشۈرۈشۈڭ پۈتۈنلەي يۈزەكى ئىكەن، شۇڭلاشقا سېنىڭ دەريا ـ كۆللەرگە بولغان تونۇشۇڭمۇ يۈزەكى، ــ دەپتۇ سۇ چوشقىسى سۇدا موللاق ئېتىپ قويغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

17 ـ ئاۋغۇست

## كوتمەك قۇيرۇقلۇق قۇش ۋە ئاق توشقان

### شۈي داچىڭ

دەرەخ ئۈستىدە سايراۋاتقان كوتمەك قۇيرۇقلۇق قۇش ئاق توشقاننى كۆرۈپ مازاق قىلىپ:

— ھا، ھا، چىراي - تۇرقۇڭغۇ خېلى جايىدا تۇرىدۇ، شۇنىسى قۇيرۇقۇڭ قىسقىراق ئىكەن، — دەپتۇ.

ئاق توشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ كوتمەك قۇيرۇقلۇق قۇشنى كۆرۈپ:

— كىمكىن دېسەم كوتمەك قۇيرۇقلۇق قۇش ئىكەن-سەنغۇ، — دەپتۇ ئاق توشقان دەرەخ ئاستىدا تۇرۇپ، — سېنىڭ ناخشاڭ يېقىملىق بولغىنى بىلەن، كاساڭ تاقىر ئىكەن.

ئۇ ئىككىسى ئۆزئارا مازاق قىلىشىپ، بىر-بىرىگە تەن بەرمەپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى يوقلۇ-قىنى بايقىشىپتۇ بۇ چاغدا، كوتمەك قۇيرۇقلۇق قۇش گەپنى ئۆزگەرتىپ:

— قۇيرۇق بولمىسا نېمە بوپتۇ، قارا، مەن قانداق يېنىك ئۇچىدىكەنمەن! — دەپتۇ.

— ماڭا قارا، قۇيرۇقۇمنىڭ بولماسلىقىمۇ بىر ياخشى ئىش، يۈگۈرگەندە ئاجايىپ چاققان بولۇپ كېتىمەن! — دەپتۇ ئاق توشقان يېرىق ئاغزىنى ماكىلدىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## مۇشۇك ياپىلاق ۋە ئېتىز چاشقىنى

### دو يىن

تەبىئەت دۇنياسىدا، مۇشۇك ياپىلاق يامانغا مىختەك قادىلىدىغان پالۋان، ئېتىز چاشقىنى ئاچكۆز هارامتاماق ئىكەن.

بىر كۈنى كېچىدە، مۇشۇك ياپىلاق چوڭ بىر ئېتىز چاشقىنىنى تۇتىۋاپتۇ، بۇ چاشقان مۇشۇك ياپىلاقنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئاستىدا تىركىشىپ تۇرۇپ ئىڭراپتۇ:

ــ مۇشۇك ياپىلاق ئاكا، بۇ دۆرەم بەكلا ئاشۇرىۋەتتىڭغۇ دەيمەن! بۇگۈن بىر كېچىدىلا يەتتە بىر تۇغقىنىمنى تۇتۇپ يەۋەتتىڭ......ئەمدى قورسىقىڭنىڭ پاتقىدەك يېرى قالمىغاندۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا مېنى يېمەكچى بولىسەن؟

مۇشۇك ياپىلاق چاشقاننىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، زەردە بىلەن:

ــ ئازدىڭ، چاشقان، مېنىڭ سىلەرنى تۇتۇشۇم قورساق توقلاش ئۈچۈنلا ئەمەس، ــ دەپتۇ ـ دە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن چاشقاننىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېپ تاشلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، يېشىل تاغلار، شاللىقلار، مېۋىزارلىقلار، گۈل ـ

گىياھلار...خۇشاللىقىدىن كۈلۈشۈپتۇ.

19 ـ ئاۋغۇست

## چوشقىنىڭ پەلسەپىسى

### تۇ يىچىن

چوشقا ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپىسىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەن: "مېنىڭ ئۆمرۈم بەك چەكلىك، شۇڭا بىر مىنۇت، بىر سېكۇنت ۋاقتىنىمۇ ھەسسىلەپ قەدىرلىشىم كېرەك. مەن ھېچنېمە ئويلىماي، ھېچقانداق ئىش قىلماي، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ، ئۇخلاپ، دۇنيانىڭ لەززىتىنى كۆرۈشۈم كېرەك... پاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ھايات ـ ھە!"

چوشقا ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپىسىگە قاتتىق ئەمەل قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ سەمرىپ يوغىناپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۈنى ھەقىقەتەن شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ تازا كۆرەڭلەپ يۈرگەن كۈنلەردە قارنىغا پىچاق يەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# شامال ۋە دەرەخ

## شەن يۈنيەن

مەيىن باھار شامىلى چىققاندا قارىغاي كۆچىتى مەيدىسىنى كېرىپ، خىرىس قىلغان قىياپەتتە تۇرۇپتۇ.

ـــ ماڭا نېمە ئۈچۈن يامان كۆزۈڭ بىلەن قارايسەن؟ ـــ دەپتۇ باھار شامىلى قارىغاي كۆچىتىگە.

ـــ بۇلتۇر قىشتا سەن ئىنىمنىڭ بېلىنى سۇندۇرۋەتمەمدىڭمۇ، ـــ دەپتۇ قارىغاي كۆچىتى ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلىپ.

بۇ ۋاقىتتا قېرى قارىغاي:

ـــ ئۇبدان قوزام، سەن شامالنى خاتا تونۇپ قالدىڭ، يىرگىنىشلىك جۇت شامال سېنىڭ ھەمراھىڭنى نابۇت قىلدى؛ ئەمما باھار شامىلى يىلىلىق بولىدۇ، ئۇ سېنى تېمەن قىلىپ ئۆستۈرىدۇ. شامال دېگەننىڭ ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ بولىدۇ، ـــ دەپتۇ قارىغاي كۆچىتىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن.

# ھاكاۋۇر سازلا

## شەن يۈنيەن

بىر توپ سازلىق شاد ـ خۇرام ھالدا يەرنى كولاۋاتقانىكەن. تۇساتتىن بىر سازلىق:

ــ كىشىلەر بىزنى كىچىك يەر بوشىتىش ماشىنىسى دەپ ماختىشىدۇ، قەدىمكىلەرمۇ بىزنى "ئۆتكۈر چىش ـ تىرناقلىرى، قاتتىق سۆڭەكلىرى يوق، يەيدىغان ـ ئىچىدىغىنى توپا بىلەن سۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىجتىھات بىلەن توپا بوشىتىدۇ" دەپ تەرىپلىگەنىكەن، بىز نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە، مەن قېتىپ كەتكەن تاشيولنى يۇمشىتىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش قىلىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ــ دەپتۇ بىر ھەمراھى، ــ بىز بۇ يەردە توپا يۇمشاتساق، كىشىلەر بىزنى ماختايدۇ، ئەمما خام خىيالغا بېرىلىپ، كىشىلەر قوللىمايدىغان ئىشنى قىلىپ قويساق، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

ھېلىقى سازلىق قۇلاق سالماستىن، مەيدىسىنى كېرىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇ سازلىق تاشيولدا خۇشاللىقىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا

كېتىۋاتقاندا ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاستىدا يەنجىلىپ كېتىپتۇ.

22 ـ ئاۋغۇست

## ئاق غازنىڭ ساۋاق ئېلىشى

### سۇلڭ پىلىك

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كەچقۇرۇنلۇقى ئاق غاز چېتىلاقنىڭ يېنىغا كەپتۇ، ئۇ، چېتىلاقنىڭ نېرى تەرىپىدىكى قۇلۇلىنى كۆرۈپ، بويىنىنى سوزۇپتۇ. ئۇنىڭ بويىنى چېتىلاقتىن ئۆتمەيلا دېھقانىنىڭ كالتىكى تېگىپتۇ، ئاغرىقنىڭ دەستىدە ئۇ جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ، شۇنىڭدىن بېرى، ئاق غازنىڭ بۇرنىنىڭ تۆپىسىدە بىر قىزىل ھۆررەك پەيدا بولۇپ قاپتۇ. چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىدا، غاز مۇنداق ئىككى "ساۋاق"قا، بىرى، قۇلۇلە يەيمەن دەپ تاياق ياۋالدىم، قۇلۇلە دېگەن گۆشلۈك غىزا ھېسابلىنىدۇ، ئەمدى مەڭگۈگە گۆشسىز غىزا يەيمەن، يەنە بىرى، مېنى ئادەملەر ئۇردى، ئادەملەر مېنى يامان كۆرىدىكەن، شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرنى چىشلەيمەن، دېگەن "ساۋاق"قا ئىگە بوپتۇ.

# ئېشەكنى كۆتۈرۈپ مېڭىش

سۇڭ پىڭ

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئېشەكنى يېتىلەپ بازارغا مېڭىپتۇ. بەزىلەر ئۇلارنى، ئېشىكى تۇرۇپ مىنمىگىنىنى بۇ ئەخمەقلارنىڭ، دەپ مازاق قىپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، ئاتىسى ئېشەككە مىنىپ، ئوغلى پىيادە مېڭىپتۇ، بەزىلەر بۇنى كۆرۈپ، ئاتىسى بەك تاش يۈرەك ئىكەن، دەپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، ئوغلى ئېشەككە مىنىپ، ئاتىسى پىيادە مېڭىپتۇ؛ ئەمدى بەزىلەر ئوغلى ئەدەبسىز ئىكەن، دېيىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىر ئېشەككە مىنىپ مېڭىپتۇ، بۇ چاغدا بەزىلەر، ئېشەككە ئىچى ئاغرىمايدىغان ئىنساپسىزلار ئىكەن، دېيىشىپتۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ گېپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مانا ئەمسە دەپ ئېشەكنى تۆت پۇتىنى چۈشەپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

24 ـ ئاۋغۇست

# يەردىكى ھەسەن ـ ھۈسەن

## سەي شيەنگاڭ

بىرپەس ياغقان يامغۇردىن كېيىن، يول يۈزىگە تېمىپ كەتكەن دىنىل ھۆلدە بارا ـ بارا كېڭىيىپ، گۈزەل نۇر چەمبىرىكى ھاسىل قىپتۇ، قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك، زەڭگەر، سۆسۈن چەمبىرەك يەردىكى ھەسەن ـ ھۈسەندەك تولىمۇ چىرايلىق تۈس ئاپتۇ. شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

— ۋاھ! مەن نەقەدەر گۈزەل ـ ھە! ئاسماندىكى ھەسەن ـ ھۈسەن بىكار قالسۇن! گۈلزارلىقتىكى گۈللەرنىمۇ ماڭا سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ، — دىنىل كۆرەڭلەپ ئۆزىنى ئۆزى ماختاپ مەست بولۇپ كېتىپتۇ.

ئېزەك ئېرىقىدىغان بىر بوۋاي شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يەر يۈزىدىكى تامچە ـ تامچە ماي داغلىرىنى كۆرۈپ:

— ھەي، كىمنىڭ ماشىنىسىنىڭ ماي تۇڭى ئېقىپ قالغاندۇ، ئېتىنىك رېمونت قىلدۇرىۋالسا بوپتىكەن، بولمىسا چاتاق چىقىدۇ، — دەپتۇ بېشىنى چايقىغان ھالدا ئۇھ تارتىپ.

دىنىل تامچىسى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىجىل بولۇپ، ئۇنى

ئىچىگە چۈشۈپلا كېتىپتۇ.

تولا كۆرەڭلىمە ماي تامچىسى! سېنىڭ يەرگە تېمىپ قېلىشىڭ-نىڭ ماختانغۇدەك يېرى يوق ئىكەن.

25- ئاۋغۇست

## سېرىق ئىتنىڭ بادىرىغا چىقىشى

### ليۇ باۋمەن

مايمۇننىڭ بادىرىغا چىقىش ماھارىتى سېرىق ئىتنى قىزىقتۇ-رۇپ قويۇپتۇ. سېرىق ئىت ئىچىدە، بادىرىغا چىقىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، مايمۇندىنمۇ ئېگىزگە چىقىپ، ئېسىل نومۇرلارنى كۆر-سەتمەيدىغان بولسام، دەپ ئويلاپتۇ. سېرىق ئىت ئويلىغانسېرى گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئۆزىنى بادىرا ئۈستىدىكى قەھرىمان بولۇپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ. ئۇ بادىرىغا چىقىشنى مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئەمما سېرىق ئىت ھەرقانچە مەشىق قىلغان بولسىمۇ بادىرىغا زادىلا چىقالماپتۇ، بۇنى ئازدەپ بىرقانچە قېتىم يىقىلىپ كېتىپتۇ. سېرىق ئىت ئۆز ئەمەلىيىتىدىن چەتنەپ كەتكەن بولغاچقا، بۇنداق بولۇشى ئەسلىدە ناھايىتى تەبىئىي، بىراق سېرىق ئىت ئېغىر ئۇھسىنىپ تۇرۇپ: "ھەي، مەن بەك كالۋا ئىكەنمەن،

بىر تال بادىرىغىمۇ يامشىپ چىقالمىسام، باشقا ئىشنى ئىجمۇ قىلالمىغۇدەكمەن. قارىغاندا مەن ئۆمۈر بويى ھېچقانداق ئىشنى قىلالمىي يوق ياشايدىغان ئوخشايمەن" دەپتۇ. سېرىق ئىت شۇندىن تارتىپ ئۇنى ئۆچكەن ھالدا ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

26- ئاۋغۇست

# تاش ئاتقۇچى قۇش

## ۋۇ شۇجىلىڭ

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بۇرۇندىنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدا بىر خىل ئاجايىپ قۇش بار ئىكەن. بۆرىلەر ئۇي ھايۋانلىرىنى يېگىلى كەلگەندە، بۇ قۇشلار ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىغا ئوخشاش ئۇچۇپ كېلىپ، ئېلاستىكىلىق تىلى بىلەن ئىككى-ئۈچ سەر ئېغىرلىقتىكى تاشلارنى بۆرىنىڭ كاللا-باشلىرىغا ياغدۇرۇۋېتىدىكەن، 50-60 مېتىر يىراقتىكى بۆرىلەرمۇ ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن تاشنىڭ زەربىسىدىن بەدەر تىكىۋېتىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "تاش ئاتقۇچى قۇش" دەپ ئاتىشىدىكەن، بۆرىلەر بۇ قۇشلارنى كۆرگەندە ئاسانلىقچە دېھقانلارنىڭ ھايۋانلىرىغا تېگەلمەيدىكەن.

بىركۈنى، ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىلەر قارامىلىق قىلىپ

دېھقانلارنىڭ ھايۋانلىرىنى يېيىشكە كەپتۇ. تاش ئاتقۇچى قۇشلار كەينى ـ كەينىدىن جەڭگە ئاتلىنىپتۇ، ئەمما بىر تاش ئاتقۇچى قۇش پىسەنت قىلمىغان ھالدا:

— ھەي، بىزنىڭ قولىمىزدا يېڭىلگەن بۇ چۇپرەندىلەرنىڭ ئەدىپىنى بىر نەشتە بوشلۇقتىكى ئەۋزەللىكىمىزنى ئىشقا سېلىپ نېمە قىلاتتۇق، يەر يۈزىدە ئېلىشساق، باتۇرلۇقىمىز ۋە ئۇرۇش تاكتىكىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكى تېخىمۇ ئايان بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنداق بىمەنە تەكلىپنى قالغان قۇشلارنىڭ ماقۇل كۆرمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەمما يەر يۈزىدە جەڭ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى بۇ قۇش ھەمراھلىرىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، يەر يۈزىدە تەنھا جەڭ قىپتۇ، بۆرىلەر ھاۋا بوشلۇقىدىن كەلگەن كۈچلۈك زەربىگە تەڭ كېلەلمەي ئاخىر تىكىۋېتىپتۇ. قۇشلار ئۇرۇش مەيدانىنى تازىلاۋېتىپ، لەختە قان ئىچىدە ياتقان ھېلىقى قۇشنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ قاناتلىرى سۇنۇپ، توزۇپ، جېنى ئاز قالغانىكەن.

ئۆز ـ ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرماي، قۇرۇق شۆھرەتكە بېرىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلانغاندا يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغان گەپ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىنى ئادرېسى

27 - ئاۋغۇست

# تۈلكىنىڭ مايمۇننى ماختىشى

## شۇي رۇنچۇەن

— مايمۇن ئاكا! سەن چوڭقايغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ! — تۈلكە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا مايمۇننى ماختاپتۇ.

مايمۇن بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— تۈلكە ئىنىم، ئېسىمدە تېخىچە، سەن مېنى چىراي تۇرقۇڭ بەك سەت دەپ ھەممىدىن بەك كۆزگە ئىلمايدىغانلاردىن ئىدىڭ، ئەمدى ئەجەب ماختاپ قاپسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— كىم سېنى سەت دەپتۇ، مەن دائىم سېنىڭ گۈزەل چىراي - رۇخسارىڭنى ماختاپ كېلىۋاتىمەنغۇ، — دەپتۇ تۈلكە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ.

— بولدى بەس، — دەپتۇ مايمۇن، — بۈگۈن سەن مېنى شاپتۇللىرىمنىڭ پىشقانلىقىنى كۆرۈپ ماختاۋاتىدىغانسەن تايىنلىق، ئاغزىڭدىن ئاققان شۆلگەيگە قاراپ، كۆڭلۈڭدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن...

# ئەپچىل جاۋاب

## چۇ جېنلىيەن

تاڭ سەھەر خوراز ناخشىسىنى باشلاپتۇ. رادىئولۇق ئۇنئالغۇ ئۈستىدىكى پلاستىنكا بۇنى ئاڭلاپ:

ــ ھەي، شۇمۇ ناخشا بولدىمۇ؟ "قى ـ قى ـ قىق" قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەنسەن، نېمىدېگەن سەت، يېقىمسىز ئاۋاز بۇ! مېنى ناخشىچى دېسە بولىدۇ دانا، ــ دەپتۇ خورازغا مەنسىتمىگەن ھالدا.

ــ دۇرۇس، مەن ناخشىنى سەندەك يېقىملىق ئېيتالمايمەن، ئەمما بۇ ئۆزۈمنىڭ يۈرەك ساداسى، سەنچۇ، ئەسلىدە ناخشا ئېيتىشنى بىلمىسەڭمۇ، باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى كۆچۈرۈۋېلىپ ئۆزەڭنىڭ قىلىۋالىسەن، سېنى قانداقمۇ ناخشىچى دېگىلى بولسۇن؟! ــ دەپتۇ خوراز چىداپ تۇرالماي جاۋاب بېرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

29 ـ ئاۋغۇست

# ھەشقىپىچەك ۋە تاتلىق ياڭيۇ پىلىكى

## چۇ جېنلىيەن

ھەشقىپىچەك توختىماستىن دەرەخنىڭ ئۇچىغا قاراپ يامىشىپتۇ، ئۇ، دەرەخنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىققىچە قاتتىق بوران ئۇنى چۇشۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ يەردە يېتىپ يېنىدىكى تاتلىق ياڭيۇ پىلىكىگە:

— قارا، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كۆنگە قالدىم، — دەپتۇ.

— يوقسۇ، — دەپتۇ توپا، — تاتلىق ياڭيۇ پىلىكى يۇقىرىغا يامىشىشقا خۇشتار ئەمەس، ئۇ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ تۇپراقتا مېۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ؛ سەن بولساڭ چۈشۈگىدىمۇ يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ، كانايى چېلىشنى ئويلايسەن. سېنىڭ باسقان ئىزىڭ پۇختا بولمىغاچقا، مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالدىڭ.

# تىيىن ئانا بىلەن تۆمۈر تۇمشۇق

## فالك ساۋ

تىيىنچاق زۇكامداپ قالغانىكەن، تىيىن ئانا تۆمۈر تۇمشۇقنى ئەكىلىپ ئۈچ كۈن داۋالاتقان بولسىمۇ ھېچ شىپا قىلماپتۇ.

ــ تىيىن ھاماچا، باشقا دوختۇرغا كۆرسىتىپ بېقىڭ، بالىڭىز كېسىلى كەينىگە سۆرىلىپ كەتمىسۇن، ــ دەپتۇ سېغىزخان نەسىھەت قىلىپ.

ــ چاتاق يوق، تۆمۈر تۇمشۇق ئورمانلارنىڭ مەشھۇر دوختۇرى، ــ دەپتۇ تىيىن ئانا.

تۆت كۈن ئۆتۈپتۇ، تىيىنچاقنىڭ كېسىلى يەنىلا ياخشىلانماپتۇ،

ــ تىيىن ھەدە، بالىڭىز كېسىلىنى كەينىگە سۆرەپ يۈرمەي، باشقا دوختۇرغا كۆرسىتىپ بېقىڭچۇ! ــ دەپتۇ سوپىسوپىياڭ نەسىھەت قىلىپ.

ــ ئۇنداق بولمايدۇ، تۆمۈر تۇمشۇق دېگەن ئورمانلارنىڭ داڭلىق دوختۇرى، ــ دەپتۇ تىيىن ئىشەنچ بىلەن.

6 ـ كۈنى، تۆمۈر تۇمشۇق يەنە تىيىنچاقنى داۋالاپتۇ، ئۇ،

www.uyghurkitap.com

تېينچاقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— تېينچاقنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمىغۇدەك، — دەپتۇ تېين ئانىغا.

— تۆمۈر تۇمشۇق دوختۇر، سىز ئورمانلىقتىكى مەشھۇر دوختۇر، سىزنىڭ دىئاگنوزىڭىز خاتا چىقمايدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك بولسا قىلىۋېرىڭ! — دەپتۇ تېين ئانا ئىشەنچ بىلەن.

تۆمۈر تۇمشۇق تېينچاقنىڭ مېڭىسىنى توكۇلدىتىپ چوقۇلاشقا باشلاپتۇ. تېينچاق "ئانا" دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا جان بېرىپتۇ.

تېين ئانا تېينچاقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ ئازاب بىلەن يىغلاپ كېتىپتۇ:

— بىچارە بالام، ئەجەب ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدىڭ، مەشھۇر دوختۇرمۇ بار كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ كۆردى ئەمەسمۇ...

ئەخمەقلارچە چوقۇنۇش كىشىلەرگە ئەنە شۇنداق زىيان كەلتۈرىدۇ ئەمەسمۇ!

# پۇرچاق قايىنتىش

## شۇي چياڭخۇا

"پۇرچاقنى يىلىمان سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئاندىن تېرىسا پات بىخلايدۇ"

بىر يىگىت پېشقەدەم دېھقاننىڭ بۇ قىممەتلىك تەجرىبىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، "پۇرچاقنى قايناقسۇدا قايىنتىۋەتسەم، تېخىمۇ تېز بىخلىمامدۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ خۇددى بىر يېڭى كەشپىيات ياراتقاندەك خۇشال بولۇپ، شۇ كۈنى ئاخشىمىلا پۇرچاقنىڭ ھەممىسىنى قايناۋاتقان قازانغا تۆكۈپ، بىر سائەت قايىنتىپتۇ. يىگىت ئەتىسى ئەتىگەندە، قازاندىكى پۇرچاقنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئۈمىدۋارلىقى بىلەن قوشۇپ ئېتىزغا تېرىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئېتىزىدا يۇمران پۇرچاق مايسىلىرى بىخلاپ چىقىپتۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ئېتىزىدىن بىرەر تالمۇ پۇرچاق ئۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، يىگىت ئالدىراپ ـ تېنەپ يەرنى كولاپ بېقىپتۇ. ما چاتاقنى كۆرۈڭ، ئۇرۇقنىڭ ھەممىسى سېسىپ توگەپتۇغۇ! ئۇنىڭ خۇشال ـ

لىقى غەم ـ قايغۇغا ئايلىنىپ، ئۆمىدى بەربات بوپتۇ. ”ھۇ ئۆلمىگۈر قېرى، مېنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىمغا دەخلى يەتكۈردۈڭ، بىر مۇنچە پۇلغىمۇ زىيان سالدىڭ!“ يىگىت قىردا ئولتۇرۇپ، دېھقاننى قاغاپ زارلىنىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا دېھقان بوۋاي ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يىگىتتىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت ئىشىنىڭ جەريانىنى زەردە بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— پۇرچاقنى يىلىمان سۇغا چىلاپ، لايىقىدا ھارارەت ئۆتكۈزگەندە، ئۇنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ؛ لېكىن سەن قايناقسۇدا قايناتىپ، سۇنى بەك قىزىتىۋەتسەڭ، ئۇ قانداقمۇ ياشاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن؟ — دەپتۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

1 ـ سىنتەبىر

## چۈمۈلە ۋە پىل

### سۈك پېيۋېي

بىر چۈمۈلە كىتاب كۆرۈۋاتقان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئوقۇغۇچىنىڭ: ”دېمەك، چۈمۈلە ھايۋانلار ئىچىدىكى ئېغىرلىق كۆتۈرۈش

چېمپىيونى" دەپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پاھ، ئەسلى بىز چۈمۈلىلەر ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونى، پالۋان ئىكەن-مىزدە! — دەپ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ دەرھال بىر پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنى تازا بىر كۆرسەتكۈسى كەپتۇ.

ئۇ توساتتىن نېرى تەرەپتە بىر پىلنىڭ ئۇزۇن بۇرنى بىلەن ياغاچ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي! ئۇزۇن بۇرۇن، بىلەمسەن؟ مەن دېگەن ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونى! — دەپ ۋارقىراپتۇ. پىل ھېچنېمىنى ئاڭلىماي، ياغاچنى بۇرنىدا ئىلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. چۈمۈلە تازا ئاچچىقلىنىپ بىر تال ئىنچىكە چىغنى كۆتۈرگىنىچە دۆڭگە چىقىپ:

— ھوي پىل! مېنىڭ ئالدىمدا پوچىلىق قىلما، مەن دېگەن ھايۋانلار ئىچىدىكى ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيو-نىمەن... — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، شامال ئۇنى دۆڭدىن ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ، پىل ياغاچنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# بۆك ۋە ئاياغ

## چۇ شىنفاڭ

بۆك مەغرۇرلانغان هالدا ئاياغقا:

ــ قارا سېنى، كونا بويى خەقنىڭ پۇتىدا دەسسىلىپ، ئۇ- ياققا ـ بۇياققا چېپىپ يۈرسەن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىگىمۇ چۈش- مەيسەن، نېمىدېگەن مەنىسىز هايات بۇ! مېنى دېگەن كىشىلەر ئەتىۋارلاپ بېشىغا كىيىدۇ، راهەت، ئازادە ياشايمەن، نېمە- دېگەن شەرەپلىك ـ هە بۇ! ــ دەپتۇ.

ــ دىققەت قىلىپ باقمىدىڭمۇ، كوچىدا بۆك كىيمەي يۈرىدىغان كىشىلەر بار، ئەمما ئاياغ كىيمەي يۈرىدىغان كىشىلەر يوق ئەمەسمۇ، ــ دەپتۇ ئاياغ.

بۆك خىجىل بولۇپ يۈزلىرى قىزىرىپ لام ـ جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

ئاياغ يەنە:

ــ كىشىلەرنىڭ ماڭا چۈشكەن هاجىتىنى ئەڭ زور شەرەپ دەپ بىلىمەن، ــ دەپتۇ.

# تۇخۇم شاكىلى

## شىن چىن

تاغ بۇركۇتىنىڭ باشكىسى تۇخۇم شاكىلىدىن چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قانات قېقىپ ئېگىز ـ ئېگىزلەرگە پەرۋاز قىلا ـ لايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ تۇخۇم شاكىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاپىسىدىن:

ــ بۇ نېمە؟ ئەجەب سەت ئىكەن! ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۇ دېگەن تۇخۇم شاكىلى، سەن شۇنىڭ ئىچىدىن چىققان، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاپىسى.

بالا بۈركۈت ئالمان ـ تالمان ئەتراپقا كۆز يۈگۈرۈتۈپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئاپىسىنىڭ سۆزىنى باشقىلار ئاڭلىماپتۇ. ئاپىسى ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ تۇخۇم شاكىلىنى دەرھال چوقۇپ ئېزىۋەتكەندىن كېيىن، قالدۇرماي ئۇۋىسىدىن سىرتقا تاشلىۋې ـ تىپتۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ سەت نەرسە "O" گە بەكمۇ ئوخ ـ شايدىكەن. بالا بۈركۈت: "ئاپامنىڭ سۆزى راست بولغان تەقدىردىمۇ، كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان مەندەك قەھرىمانىنىڭ مۇشۇ سەت شاكالدىن تۆرەلگەنلىكىمنى باشقىلار بىلىپ قالما ـ

لىقى كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ.

4 ـ سىنتەبىر

# قۇياشنى كىم ئويغاتتى

## ۋېي يۈيگۇاڭ

تاڭ سۈزۈلگەندە، خوراز قاناتلىرىنى قېقىپ، بوينىنى سوزۇپ غەيلەتتە ياتقان قۇياشقا قاراپ:

— چاپسان ئورنۇڭدىن تۇر، چاپسان ئورنۇڭدىن تۇر، — دەپ توۋلاپتۇ.

سېغىزخانمۇ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ، مۇڭلۇق ناخشا ساداسى بىلەن شەپەق چىملدىقىدا ياتقان قۇياشنى توۋلاپتۇ.

قۇياش ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپتۇ. ئۇ كۆپ ئۇخلاپ كەتكەچكە، خىجىللىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

خوراز سېغىزخانغا ئۆزىنى داملاپ، — قۇياشنى مەن ئويغاتتىم، بولمىسا جاھان ھېلىمۇ قاراڭغۇ تۇرغان بولاتتى! — دەپتۇ.

سېغىزخان قايىل بولماي، — قۇياشنى جاراڭلىق ناخشا سادالىرىم بىلەن مەن ئويغاتتىم، بولمىسا تاڭ ھازىرمۇ سۈزۈلمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

ئۇلار تالىشىپ بىر ـ بىرىگە قايىل بولماپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە خوراز قىيداپ چىللىماپتۇ، سېغىزخانمۇ قىيداپ سايرى-

ماپتۇ. شۇنداقتىمۇ قۇياش شەرقتىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

5 ـ سىنتەبىر

# قاغا بىلەن تۇز

## چيەن شىنباۋ

بىر كۈنى قاغا بىلەن تۇز ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تۇز چىرايلىق قاناتلىرىنى يېيىپ قاغىغا:

ــ قارىغىنە، مېنىڭ پەيلىرىم نېمىدېگەن چىرايلىق، تۇمشۇقۇم ۋە پۇتلىرىممۇ قالتىس ئەپچىل، كىشىلەرنىڭ مەسىلىكىنى كەلتۈرىدۇ، ــ دەپتۇ.

قاغا ئۆزىنىڭ قانىتىغا قاراپ قويۇپ:

ــ مېنىڭ تەقى ـ تۇرقۇمنى سېنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، ــ دەپتۇ.

تۇز بېشىنى قېقىپ قويۇپ:

ــ سېنىڭ بۇ تۇرقۇڭ قاپقارا، نېمىدېگەن كۆرۈمسىز، تۇمشۇقۇڭ ۋە پۇتلىرىڭمۇ كېلەڭسىز ھەم سەت. نېرى تۇر، نومۇسىمنى كەلتۈرمەي! ــ دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئوتلۇقتىن بىر بۆرە چىقىپ قاپتۇ. تۇز قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ، بۆرە ئۇنى قۇيرۇقىدىن كاپ قىلىپلا چىشلەۋاپتۇ. تۇز جېنىنىڭ بارىچە تىرىكىشىپ، "ۋايجان" دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ چاغدا، قاغا ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ بۆرىنىڭ

بىشىغا قونۇپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن بۆرىنىڭ بېشىنى قامالاپ تۇرۇپ، قاتتىق تۇمشۇقى بىلەن بۆرىنىڭ كۆزىنى چوقلاپتۇ. بۆرە نالە قىلىپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

تۈز خىجىل بولغان ھالدا:

— بايا خاتا قىپتىمەن. ئەگەر كۈچلۈك پۇتۇڭ ۋە تۇمشۇقۇڭ بولمىغان بولسا، جېنىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

6 — سىپنتەبىر

## دېھقان بىلەن مېۋىلىك دەرەخ

### لى يا

بىر دېھقان بىر قانچە تۈپ مېۋىلىك دەرەخنى تىكىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپ دەرەخ تېز ئۆسۈپ، شاخ - يوپۇرماقلىرىمۇ باراقسانلىشىپ، شېخىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك مېۋە تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى دەرەخلەر ئۇزى تېز ئۆسەلمىگەچكە، ھېلىقى دەرەختىن ئاغرىنىپ:

— سەن تازا شەخسىيەتچى ئىكەنسەن، ئۆزەڭنىڭلا ئۆسۈش كويىدا بولۇپ، بىزگە چۈشىدىغان قۇياش نۇرىنى توسۇۋالدىڭ... — دەپتۇ.

بۇ دەرەخلەر كەچكىچە ھېلىقى دەرەختىن ئاغرىنىپ، كۈندە

دېھقانغا شىكايەت قىلىپ بېرىپتۇ، ئاخىر دېھقان ئۆسەلمىگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ زارلانغىنىغا قارىماي، مانا ئەمىسە دەپ پاكار دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

رىقابەتلىشىش داۋامىدا، ئارقىدا قالغانلار ھامان شاللاپ تاشلىنىدۇ.

7 ـ سىنتەبىر

## ئاققۇ باللىرىنىڭ تۆھپىسى

### لى يا

مەنزىرىسى گۈزەل ئاققۇ كۆلى بويىدا بىر توپ ئاققۇ ياشايدىكەن، كۆلدە نۇرغۇن بېلىق ۋە راكلار بار ئىكەن.

ئاققۇ باللىرى ياۋا غاز ۋە بېلىق ئالغۇچلارنىڭ كۆلدە بېلىق ۋە راكلارنى تۇتۇپ يېگەنلىكىگە قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇلار تېخى كىچىك، سۇغا چۈشەلمەيدىغان بولغاچقا، ئاپىسىنى سۇدىن بېلىق ۋە راك تۇتۇپ بەر دەپ خاپا قىپتۇ.

ــ بولمايدۇ! بىز ئاققۇلار ئەزەلدىن بېلىق ۋە راك يېمەيدىغان تۇرساق، ــ دەپتۇ ئانا ئاققۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ باللىرىغا.

قىش كەپتۇ، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ كېتىپ، ئاققۇلار ئوزۇقسىز قاپتۇ، ئۇلار كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. ئانا

ئاققۇ ئەندىشە قىلىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەپ پايپېتەك بوپتۇ. ئاققۇ باللىرى كۆل بويىغا كەپتۇ، بىر بالا ئاققۇ توساتتىن: ”كۆلگە چۈشۈپ بېلىق تۇتۇپ يەيلى! بولمىسا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىمىز“ دەپ ۋارقىرىغان پېتى سۇغا سەكرەپتۇ، قالغان ئاققۇ باللىرىمۇ ئۇنى دوراپ كەينى ـ كەينىدىن سۇغا سەكرەپتۇ.

ئانا ئاققۇ بۇنى كۆرۈپ، ھەم خاپا بولۇپ، ھەم ئەنسىرەپ:

— يامان بولدى! ئەمدى ئۆلۈپ قالىدىغان بولدۇڭلار، — دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

بىراق ئاققۇ باللىرى ئۆلۈش تۇگۇل، بىر ـ بىرىدىن ساغلام چوڭ بوپتۇ. ئانا ئاققۇمۇ شۇندىن كېيىن بېلىق ۋە راكنى يەۋېرىدىغان بوپتۇ.

8 ـ سىنتەبىر

# شەپەق قىز بىلەن قۇياش بوۋاي

## ۋېن مىڭلاڭ

بىر كۈنى پايپېتەك بولۇپ ھالى قالمىغان قۇياش بوۋاي غەربتىكى تاغقا قاراپ ئاستا سۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاپئاق بۇلۇتلار رەڭگارەڭ تۈسكە كىرىپ، قەۋەتلا كۆركەم بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئىسمىنى ”شەپەق“ دەپ ئۆزگەرتىپتۇ.

شەپەقنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ، شائىرلار ئۇنى مەدھىيىلەپتۇ، رەسساملار ئۇنى تەسۋىرلەپتۇ... بۇنىڭ بىلەن، شەپەق مەغرۇرلىنىپ ئالەمگە پاتماي:

ـــ قاراڭلار مېنىڭ كۆڭلەك، مارجانلىرىم نېمىدېگەن چىرايلىق! مەن دېگەن دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل قىز، ـــ دەپ تو ۋلاپتۇ.

قۇياش بوۋاي شەپەق قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىر نەرسە دېمەستىن، كۇلۇمسىرەپ ساقىلىنى سىلىغان ھالدا غەربكە قاراپ سۇرۇلۇۋېرىپتۇ. بۇ چاغدا يېنىدىكى يەر شارى چىداپ تۇرالماي:

ـــ شەپەق قىز، قۇياش بوۋاي بولمىغان بولسا، سېنىڭ بۇ كىيىمىڭمۇ بولمىغان بولاتتى، ـــ دەپتۇ. شەپەق قىز ئاچچىقلىنىپ:

ـــ تولا كاپشىما، مەن دېگەن ئۆز بەگ ـ ئۆز خانىمەن، قۇياشنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ـــ دەپتۇ. قۇياش بوۋاي يەنىلا گەپ قىلماي، ئۇپۇقتا ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇپتۇ، شەپەق قىزنىڭ ھېلىقى چىرايلىق كۆڭلىكى بىردىنلا غايىب بوپتۇ. مەيىن شامال يېنىك ئۇھ تارتىپتۇ، يۇلتۇزلار شوخ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپتۇ، شەپەق خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

9 ـ سىنتەبىر

## مۇشۇك ئېيىق بىلەن ئېيىق

### خۇلىجۇن

بىر كۈنى مۇشۇك ئېيىق بۇغا، توشقان ۋە تىيىنلارنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلار خۇشاللىقىدىن ئويناقشىغان حالدا مۇشۇك ئېيىق تاغىسىنى ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۇلار مۇشۇك ئېيىق تاغىسى بىلەن بىرگە ئويناپتۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى يېمەكلىك-لىرىنى ئەچىقىپ مۇشۇك ئېيىقنى كۈتۈۋاپتۇ.

ئورمانلىقتا ماراپ ياتقان ئېيىق بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنىدىن كېيىن، كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈككەندەك مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئېيىق مۇشۇك ئېيىقنىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ، بۇغى-لارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن:

ـــ دوستلىرىم، مەن دېگەن چوڭ مۇشۇك ئېيىقنىڭ كىچىك ئاپىسى... مۇشۇككە ئوخشاش ئاق كۆڭۈلمەن، ـــ دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇچلۇق تومشۇقلىرىنى يالاپ قويۇپتۇ.

زېرەك بۇغا، توشقان ۋە تىيىنلار ئېيىقنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىپ قېلىپ، ئېيىقنىڭ كاللا ـ باشلىرىغا تاش ياغدۇرۇۋېتىپتۇ. ئېيىق

باش ـ كۆزلىرى قانغا بويىلىپ، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

ئېيىق ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا مۈشۈك ئېيىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ ئىككىلىمىزنىڭ ئىسمى ئېيىق تۇرسا، ئۇلار نېمىشقا سېنى قارشى ئېلىپ، مېنى ئۇرىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ساختىلىقتىن ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ، سەن ھامان ئۇلارنى يەم قىلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىسەن ئەمەسمۇ، ــ دەپتۇ مۈشۈك ئېيىق كۈلۈپ قويۇپ.

10 ـ سېنتەبىر

## قىزىلمۇچ بىلەن خاسىڭ

### ياۋ فۇچۇ

خاسىڭ ئېتىزىنىڭ يېنىدا بىر تۈپ قىزىلمۇچ ئۆسۈپتۇ. پىششىپ ۋايىغا يەتكەن قىزىلمۇچ قۇياش نۇرىدا بەئەينى كىچىك پانۇسلارغا ئوخشاش پارقىراپ كېتىپتۇ؛ خاسىڭ بولسا بىر قۇر ئاددىي كىيىمنى كىيىپ، كەمتەرلىك بىلەن يىللىق شامالغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئانچە چېلىقمايدىكەن.

ــ ئەجەب بىلمەي يۈرۈپتىمەن، ــ دەپتۇ قىزىلمۇچ تەكەببۇرلۇق بىلەن خاسىڭغا، ــ ئەسلى سەن چېچەكلەپلا قويۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېۋە بەرمەيدىكەنسەن.

— ياق، — دەپتۇ خاسىڭ كەمتەرلىك بىلەن، — مەن مېۋەمنى توپا ئىچىدە ئۆستۈرىمەن.

قىزىلمۇچ ئىچى تارلىق قىلىپ:

— ھى-ھى-ھى، ھەي ئەخمەق، كىم سېنىڭ مېۋەڭنى كۆرۈپتۇ! — دەپتۇ.

— مەن نەتىجىلىرىمنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىشنى خالىمايمەن، — خاسىڭ ئۆزىنى كەمسىتمەي ھەم چوڭ تۇتماي جاۋاب بېرىپتۇ.

— ھە، بىلدىم، — دەپتۇ ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان قىزىلمۇچ بىردىنلا چۈشەنگەندەك، — ئەسلىدە سەن مېۋىنى يەرگە كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزەڭنىڭ قىلىۋالىدىكەنسەندە، ھەي شەخسىيەتچى!

— خاتا چۈشىنىپ قالما، — دەپتۇ خاسىڭ دەرھال، — كۈز كەلگەندە، مەن مېۋىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئايىماي كىشىلەرگە تەقدىم قىلىمەن...

بۇنى ئاڭلىغان قىزىلمۇچ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ، خىجىللىقتىن يۈزىنى يوپيۇرماق بىلەن ئېتىۋاپتۇ.

# ئات تاقىلاش

## شوي داچېڭ

كىشلەر ئاتنى دەرەخقە باغلاپ تاقىلاپتۇ، ئۇنىڭ تۇۋۇقى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ھەر ھالدا ئاغرىققا چىداپ، ئاخىر يېڭى تۆمۈر ئاياغ كىيىپتۇ.

كىرپە ئۇنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ:

— دوستۇم، نېمىشقا كىشلەر تۇۋۇقىڭغا تۆمۈر قاقسا قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپتۇ.

— نېمە ئامالىم بار؟ — دەپتۇ ئات، — خۇدا مېنى تۆت پۇتلۇق قىلىپ يارىتىپتىكەن، ھارۋا سۆرەپ يۈك توشۇشۇم كېرەكتە!

— ھىم، كىم ماڭا تېگىدىغان بولسا، يۈز ـ خاتىر قىلمايمەن! — دەپتۇ كىرپە غەزەپلەنگەن ھالدا.

— سەن نېمىگە ئەسقاتىسەن؟ زىرائەتلەرنى ئوغرىلاپ يەپ، باش كۆتۈرمەي ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيسەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئات.

كىرپە خىجىل بولۇپ يۈزى قىزىرىپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

12 ـ سېنتەبىر

# قارا بۇلۇت

## شوي داچيك

بىر پارچە قارا بۇلۇت كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرىدىكەن، ئۇ بارغانلا يېرىدە كۈن نۇرىنى توسۇۋالىدىكەن.

كېچىدە ئاي نۇرى شولا چېچىپ تۇرسا، قارا بۇلۇت دەرھال كېلىپ، ئۇنى توسۇۋاپتۇ، تاڭ سەھەردە، قۇياش ئەمدى جاھاننى يورۇتۇشقا قارا بۇلۇت ئالمان ـ تالمان كەلگەن پېتى قۇياش نۇرىنى توسۇۋاپتۇ.

بۇ قارا بۇلۇت ئاسماندا لەيلەپ يۈرۈپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىكەن. ئۇ كۆرەڭلىگەن هالدا:

ــ ها ـ ها! بۇ ئالەمدە مەندەك كۈچلۈك نەرسىمۇ بارمىدۇ، ھېلىقى ئاي، قۇياشكەن، پۈتۈن ئالەمنىمۇ كۆزۈمگە ئىلمايمەن... ــ دەپتۇ.

ئۇ تازا كۆرەڭلەپ تۇرغان چاغدا، شامال قىز شۇنچىكى غۇيۇلداپ قويغانىكەن، قارا بۇلۇت ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بوپتۇ.

# ماگنىت ۋە شېغىل

## شۆي چياڭخۇا

ماگنىت قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى تۆمۈر پارچىسى، مىخ، يىڭنە دېگەنلەر دەرھال ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىۋالىدىكەن.

شېغىل ماگنىتنىڭ ئابرويى ۋە قۇدرىتىگە بەكمۇ ھەۋەس قىلىدىكەن. شېغىل ماگنىتنىڭ باشقا نەرسىلەرنى ئۆزىگە تارتىۋالالىشىدا چوقۇم ئۇنىڭ بەدىنىدە شىلىم بولسا كېرەك دەپ ئويلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شىلىم قاچىسىنىڭ يېنىغا دومىلاپ كېلىپ، پۈتۈن بەدىنىگە قويۇق شىلىمنى سۈرتۈپ، ئاندىن كۆمۈر پارچىلىرى، مىخ ۋە يىڭنىلەرنىڭ ئارىسىغا كەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، ئەمدى ماگنىتقا ئۆزەمنى بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام، دەپ كۆرەڭلەپتۇ. دېگەندەك ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نەرسىلەر چاپلىشىپتۇ، بۇ نەرسىلەر چاڭ-توزان، ئەسكى قەغەز، شۆپۈكلەر ئىكەن؛ تۆمۈر پارچىلىرى، مىخ ۋە يىڭنىلەر بولسا ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپتۇ.

شېغىل ئاچچىقىدا چىچاڭشىپ، ماگنىتقا:

— ھىم، بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ! مەن قىياپىتىمنى ئۆزگەر-

تىپ، ماگنىتتىن پەرقلەنمەيدىغان هالەتكە كىرسەم، سىلەر نېمىشقا ماڭا يېپىشمايسىلەر؟ — دەپتۇ.

تۆمۈر پارچىسى شىبغىلغا:

— سىنى قانداقمۇ ماگنىتقا سىلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ئۇ تەبىئىتىدىن ماگنىت، بىز ماگنىتقا ئامراق، شۇڭا ئۇنىڭغا يېپىشىمىز؛ سەندە مۇنداق ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت بولمىغاچقا، ئۆزەڭنى شىلىمغا چىلىۋالغىنىڭ بىلەنمۇ بىزنى جەلپ قىلالمايسەن! — دەپتۇ.

14 - سېنتەبىر

# كۆزەينەك

## جوي گۋاڭخۇي

كۆزەينەك ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئۈستەلدە تۇرۇپ:

— مەن دۇنيا بويىچە ئەڭ بىلىملىكمەن، جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى، ھىندىستاننىڭ بۇددا نوملىرىنى، غەربنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى ۋە شەرقنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، — دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە.

كۆزەينەك ئاغزى بېسىلماي ماختىنىۋېرىپتۇ:

— مەنچۇ، «ئوكيانس»، «قامۇس»لارنى، قەدىمكى چىغناق - تاغاق يېزىقىدىكى ئەسەرلەردىن تارتىپ هازىرقى زامان-

دىكى ماشىنىدا ئۇرۇلغان ئەسەرلەرگىچە ھەممىنى ئوقۇغانمەن...
موي قەلەم بىلەن گاڭبى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن مەخسۇس بىلىملەرنى ئۆگىنىۋېلىش مەقسىتىدە ئېھتىرام بىلەن بۇ كاتتا ئالىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ قاراپ باققان بولسىمۇ ئىككى پارچە سۇزۇك ئەينەكتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەپتۇ.

15 ـ سىنتەبر

## قېرى ئاتنىڭ ئارزۇسى

### سۈن چۈەنزې

قېرى ئات ھەر كۈنى تايچاقنى ياپپېشىل چىملىقتا مەشىق قىلدۇرىدىكەن.

دەسلەپتە تايچاق ئانىسىغا زادىلا يېتىشەلمەپتۇ، ھاسىراپ قارا تەرگە چۈمۈلۈپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، تايچاق بارا ـ بارا چوڭىيىپ، ئانىسىغا يېتىشەلەيدىغان بوپتۇ؛ تايچاق ئانىسى بىلەن ياندىشىپ چېپىپ كېتىۋاتقان چاغلاردا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن.

تايچاق ئاخىر خۇددى كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك تېز

چاپىدىغان قاۋۇل ئارغىماق بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىغۇ ئانىسى، ھەتتا نى-نى ئارغىماقلارمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىركۈنى ئارغىماق ئانىسىغا:

— ئانا، مەن كۈندىن-كۈنگە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ يېتىلىۋاتىمەن، بىراق سەن كۈندىن-كۈنگە قىرىپ ماغدۇرىڭدىن كېتىۋاتىسەن، بۇنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ، سىنىڭمۇ كۆڭلۈڭ يېرىم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەخمەق بالام، بۇ توسقىلى بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەت! سېنىڭ يارامىلىق ئارغىماقلاردىن بولۇپ يېتىلىپ قالغىنىڭنى ئويلىسام، ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال بولىمەن، — دەپتۇ ئانىسى.

16-سىنتەبىر

# ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا

## جالىڭ مىيرۇك

بىر ئاغمىخان ئۇدا بىرنەچچە ئاخشام يېگۈدەك نەرسە تاپالماپتۇ، ئۇ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كېتىپ، ئاخىر كۈندۈزى چىقىپ ئوزۇق ئىزدەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇ ئۇيەر-بۇيەرگە دوقۇرۇپ، ئۇتتۇر كەلگەن نەرسىنى

پۇراپ، خېلى ئاۋارە بولغان بولسىمۇ يېگۈدەك نەرسە تاپالماپتۇ. ئۇ بىر دەرەخ تۈۋىدە دەرمانسىزلانغان هالدا زۇڭزىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، بۇ ۋاقىتتا، ئېگىزدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا قەپەزدىكى جىگدىچى ئىكەن.

— ئاغمىخان ئاكا، تۇرقىڭىزدىن قارىسام قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتكەندەك كۆرۈنىسەن، ساڭا بىر ئەقىل كۆرسىتەي قانداق؟ مېنىڭ قوشنام شاتۇتى ناخشا ئاۋازىمنى ۋە گەپلىرىمنى تولا دوراپ بەكمۇ بىزار قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ دەستىدىن يېقىملىق ناخشا سادالىرىممۇ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر كىشىلەر مېنىڭ ناخشا ئاۋازىمنى ئۇنىڭ ئاۋازى ئوخشايدۇ دەپ قالسا تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرە سەن ئۇنى يەۋەتسەڭ، ئىككىلىمىزگە پايدىلىق ئەمەسمۇ! — دەپتۇ جىگدىچى.

ئاغمىخان جىگدىچىنىڭ قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شاتۇتى مۆكدەپ قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى كاپىلا قىلىپ تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. شاتۇتىنىڭ گۆشى ئاغمىخاننىڭ قورسىقىغا دالدا بولماپتۇ، ئۇ ئىچى قارا جىگدىچىگە:

— مەن سېنىڭ رەقىبىڭنى يېغىشتۇرۇۋەتتىم، ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك، قورسىقىم تويمىدى، ئەمدى سېنىمۇ يەۋەتمىسەم بولمىدى، — دەپتۇ شۇملۇق بىلەن.

ئاغمىخان سۆزلەۋېتىپ، ۋەھشىلىك بىلەن جىگدىچىگە ئېتىلىپتۇ. بىچارە جىگدىچى نالە قىلىپ، تېپىچەكلەپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر ئاغمىخانغا يەم بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى



# تاش ھەيكەل ۋە ھەيكەلتاراش

## فۇ شيۇجىن

چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، قوللىرىنى قاپاراتما قاپلىغان بىر پېشقەدەم ھەيكەلتاراش قولىغا ئىسكىنە، بولقا ئېلىپ، يىل بويى توختىماي ئىشلەپ، ئاخىر بىر ھەيۋەتلىك چوڭ تاش ھەيكەلنى پۈتتۈرۈپتۇ.

تاش ھەيكەل ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك گەۋدىسىدىن ماختىنىپتۇ.

ھەيكەلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىنى توختىتىپ: "نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك ھەيكەل ـ ھە!" دەپ ماختايدىكەن. ھەيكەل بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كېتىدىكەن.

تاش ھەيكەل پېشقەدەم ھەيكەلتاراشنى زادىلا تونۇمايدىغاندەك، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# شۇم خەۋەر يەتكۈزىدىغان سىغىزخان

## ۋۇ يەن

كىشىلەر: "سىغىزخاننىڭ سايرىشى چوقۇم خۇش خەۋەردىن بېشارەت بېرىدۇ" دېيىشىدۇ. ئەمما مىجەزى باشقىچىرەك بىر سىغىزخان بار ئىكەن، ئۇ شۇم خەۋەرنىلا يەتكۈزىدىكەن.

بىركۈنى، ئۇ بىر ئۆيگە ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تىت ـ تىت بولۇپ: "ئۆيگە ئوت كەتتى! چاپسان ئوت ئۆچۈرۈڭلار!" دەپ سايراپتۇ. كىشىلەر دەرھال بېرىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ.

يەنە بىركۈنى، بىر قوي كۆلچەككە چۈشۈپ كېتىپ، بۇرۇقتۇرۇم بولۇپ ئۆلەي دەپ قالغاندا، سىغىزخان تىت ـ تىت بولۇپ: "قوي سۇغا چۈشۈپ كەتتى، چاقـقان قۇتقۇزۇۋېلىڭلار" دەپ سايراپتۇ. كىشىلەر دەرھال يېتىپ كېلىپ قوينى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

بۇ سىغىزخان شۇم خەۋەر يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن، سىغىزخان جەمەتىدىكىلەر ئۇنى يامان كۆرىدىغان ۋە مازاق قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. سىغىزخان مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى:

— ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان

قائىدىنى بۇزۇۋەتتى، قانداق دېگەن گەپ- بۇ؟ بۇ سېغىزخان جەمەتىمىز ئۈچۈن بەختسىزلىك! — دەپتۇ. كونىلىق ئىدىيىسى ئېغىر بولغان سېغىزخان مومىسى گەپ قىستۇرۇپ:

— مۇنداق مۇناپىقنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش كېرەك! — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئاكا- ئۇكىلىرى ۋە ئاچا- سىڭىللىرىمۇ:

— بۇ تازا قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، بىز ئۇنىڭ بىلەن تۇغقانچىلىقتىن كېچىمىز! — دەپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىرقانچە ئاغىنىلىرى ئۇنى قەتئىي قوللاپتۇ.

سېغىزخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇم خەۋەر مەلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز جەمەتىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئاسارىتى بىلەن، ھەق- ناھەقنى، ياخشى- يامانىنى پەرقلەندۈرمەي نادانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ئازابلىنىپتۇ؛ ئۇلارنىڭ راست گەپ قىلماي، خۇشامەتچىلىك قىلىپ يالغان سۆزلىگەنلىكىدىن قايغۇرۇپتۇ. ئۇ بوۋىلىرىغا، ئاكا- ئۇكىلىرى ۋە ئاچا- سىڭىللىرىغا: "مەن راست گەپ قىلدىم، مەندە گۇناھ يوق! سىلەر ئويغىنىشىڭلار كېرەك، كونا ئەندىزە بويىچە ئۆتۈۋەرسەڭلار بولمايدۇ! راست گەپ قىلىش لازىم، خۇش خەۋەر بولسا خۇش خەۋەرنى مەلۇم قىلىش، شۇم خەۋەر بولسا شۇم خەۋەر مەلۇم قىلىنىش كېرەك، راست گەپ قىلىش قىممەتلىك پەزىلەت. بىز سېغىزخان جەمەتىدىكىلەر كونىلىقتا يېپىشىۋېلىپ ئۆتۈۋەرسەك بولمايدۇ"دەپ سەممىي مەسلىھەت قىپتۇ.

ئۇنىڭ بوۋا ـ موملىرى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرى بۇ ئورۇنلۇق، مەنىلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ، جىم بولۇشۇپ قاپتۇ.

19 ـ سېنتەبىر

# ھۇرۇن مۈشۈكنىڭ ئەرز قىلىشى

## گو سۇنفا

بىر ھۇرۇن مۈشۈك ئائىلىخانىنىڭ بىر چاشقاننى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى تارلىق قىلىپ، شۇ كۈنىلا شىر پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەرز قىپتۇ.

— شىر پادىشاھىم، بىزنىڭ بۇ يەردە چاشقانلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولغاچقا، چاشقان تۇتۇش قوشۇنىنى زورايتىش زۆرۈر، ئەمما ئائىلىخانىدەك ئەخلاقى ناچار، تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدىغان توخۇ ئوغرىسى قوشۇنىمىزغا كىرىۋالسا، نامىمىزنى بۇلغاپ قويارمىكىن! ئۇلۇغ شاھىم ئۇنى جازالاشنى سورايمەن! — دەپتۇ ھۇرۇن مۈشۈك.

شىر پادىشاھ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن جىددىي يوسۇندا:

— ئائىلىخان بۇرۇن ئازراق خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھازىر ئۆزگەرتتى. بىلىشىمچە، ئۇ يىلىغا 2000دىن ئارتۇق چاش-

ڭان تۇتىدىكەن. سەنچۇ، مەخسۇس چاشقان تۇتىمەن دېگىنىڭ بىلەن، قۇرۇق نامـلا بار سەندە! ھەر كۈنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىڭنى بىچارىلەرچە پىلدىرلىتىپ، خوجايىنىڭنىڭ بەرگىنىنى يەپ جان باقىسەن! چاشقان تۇتۇش قوشۇنىنىڭ نامىنى ساڭا ئوخشاش ھورۇنلار بۇلغايدۇ! مېىسكچە، سېنى جازالاش كېرەك! — دەپتۇ.

20 ـ سېنتەبىر

## تاش ئالما دەرىخى

### جاۋ گوجۇن

شاخ ـ يوپۇرماقلىرى باراقسان ئۆسكەن بىر تاش ئالما دەرىخى بار ئىكەن. بىر كۈنى، بىرەيلەن ئۇنىڭ غول شېخىنى كېسىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئالما دەرىخىنىڭ نوتىسىنى ئۇلاپ، ئاندىن چىڭ باغلاپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالما دەرىخى بىلەن تاش ئالما دەرىخى بىرگە ياشاپتۇ.

بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئالما دەرىخى چېچەكلەپ مېۋە بېرىپتۇ، كىشىلەر قىپقىزىل، يوغان ئالمىلارنى كۆرۈپ: ”پاھ! نېمىدېگەن چوڭ ئالما ـ ھە!“ دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپتۇ.

لېكىن تاش ئالما دەرىخىنى ھېچكىم تىلغا ئالماپتۇ.

21 ـ سېنتەبىر

# قاغىنىڭ چۈشى

## خۇاڭ يىنىن

قاقشال دەرەختە قونۇۋالغان بىر قاغا كۆزىنى خىرە يۇمغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: "ئەگەر ماڭا گۈزەل ھۆسن ئاتا قىلغان بولسا، مەن چوقۇم ئورمانلىقتىكى خانىش بولغان بولاتتىم."

"ئەگەر ماڭا بايلىق ئاتا قىلغان بولسا، مەن چوقۇم دۇنياغا خوجا بولغان بولاتتىم."

"ئەگەر ماڭا قابىلىيەت ئاتا قىلغان بولسا، مەن چوقۇم ئالەمنى تىزىسۇندۇرغان بولاتتىم."

......"قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، ئاۋۋال ئازراق يەپ كېلەي."

قاغا قانات قېقىپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى قاقشال دەرەختە قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

22 ـ سىنتەبىر

# كاھىش ۋە چەنزە

## جۇاڭ جىجاڭ

قاتتىق يامغۇردىن كېيىن، مەلۇم بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە نېمە ئۈچۈندۇ تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپتۇ.

ئاۋۋال كاھىش سۆزلەپتۇ، ئۇ چەنزىگە مۇنداق دەپتۇ:

ـــ چەنزە ئەپەندى، مېنىڭ ھەر ۋاقىت سىنى قوغداپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟ قاتتىق يامغۇر ياغقاندا، مەن تېنىم بىلەن سېنى يامغۇردىن ساقلايمەن؛ پىژغىرىم ئاپتاپتا، سېنى بەدىنىم بىلەن توسۇپ تۇرىمەن. بىراق مېنى بىرەر ئېغىز ماختاپ قويمايسەنغۇ؟

چەنزە بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ قورسىقى كۆيۈپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ مەنمۇ سېنى كېچە ـ كۈندۈز قوغداۋاتمايمەنمۇ! ئەگەر مەن سېنى تىرەپ تۇرمايدىغان بولسام، ئۆگزىدە بىخىرامان ياتالامسەن؟

كاھىش بۇنى ئاڭلاپ بىردىنلا چۈشىنىپتۇ.

# قارىغاي ۋە شامال كۆرسەتكۈچ

**لى يەنچاڭ**

قارىغاي شامال كۆرسەتكۈچكە:

— كىشىلەر سېنى شامالنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرسە تېزلا ئۆزگىرىۋالىدۇ دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. بۇنىڭدىن نومۇس قىلماسەن؟ — دەپتۇ.

شامال كۆرسەتكۈچ بەدىنىنى بۇراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— مېنىڭ ۋەزىپەم كىشىلەرگە شامالنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش. شامال شەرقتىن چىقسا، مەن يەنىلا غەربنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋەرسەم، مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىغان بولىمەن، ئۇ چاغدا كىشىلەر مېنى زاڭلىق قىلسا ھەقلىق. مەن تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشى بويىچە، شامالنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق كىشىلەر مېنى زاڭلىق قىلسا، بۇ ھەقىقەتەن ئادىلسىزلىق بولىدۇ، — دەپتۇ.

— سەن ھە دېسىلا نىشانىڭنى ئۆزگەرتىۋالىدىكەنسەن، بۇ مەيدانسىزلىق بولمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قارىغاي.

— مېنڭچە ئەمەلىيەتنى ئەينەن كۆرستىش مەيدانى ھەقىقىي مۇستەھكەم بولغانلىق بولىدۇ، — دەپتۇ شامال كۆرسەتكۈچ جاۋاب بېرىپ.

24 ـ سېنتەبىر

## ئاغمخان ۋە توشقان

### لى يەنچاڭ

چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئاغمخان توخۇ كاتىكى يېنىدا توشقانغا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ ئىنتايىن ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇرادەر، توخۇ كاتىكى يېنىغا كەپقاپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دوستۇم خورازنىڭكىگە ھېيتلاپ كەلدىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ توشقان.

— بەللى، بۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، توخۇ يۈرەك توشقاننىڭمۇ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە.

توشقان بۇنى ئاڭلاپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلىمە، قانداقسىگە نىيىتىم بۇزۇلۇپتۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇرادەر، تولا خۇپسەنلىك قىلما. توخۇنىڭكىگە نېمىشقا ھېيتلىغىلى كەلگەنلىكىڭ ئادەملەرگە ئايان ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ئاغمىخان ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— ھە، مۇنداق دېگىنە! ئەمما بىز توشقانلارنىڭ توخۇنىڭ-كىگە ھېيتلاپ كېلىشىمىز دوستلۇق ئۈچۈن! — دەپتۇ توشقان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

ئاغمىخان ئىشەنمەي بېشىنى چايقاپ:

— چىرايلىق سۆزلەرنى قىلغىنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە توخۇ گۆشىنى ئوغرىلىقچە تېتىپ باقماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى يوشۇرال-مايسەن، — دەپتۇ.

25 - سېنتەبىر

# كۆۋرۈك بىلەن يولنىڭ پارىڭى

## خۇاڭ لۇڭيۈن

— ھەي، چوڭ كۆۋرۈك، مەرتىۋەڭ شۇنچە يۇقىرى، نامىڭ داڭلىق تۇرۇپ، نېمىشقا بىزدەك ئادەتتىكى يوللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرىسەن؟

— يول ئۇكام، بۇ گېپىڭ يارىمايدۇ، ئەگەر سىلەر بىلەن بولغان ئالاقەمنى ئۈزۈپ قويسام، مېنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشۇمنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمايدۇ.

26 ـ سېنتەبىر

# دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى بايانى

## خۇاڭ رۇيىيۇن

چايكا دېڭىز قۇلۇلىسىدىن:

ــ سىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىن ۋە ئېغىر قاپنى يۈدۈۋېلىپ، ئۆزەڭلەرگە ئاۋارىچىلىق سالىسىلەر؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بىز دېڭىزدا ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈن، قاتتىق قېپىمىز بولمىسا بولمايدۇ، ــ دەپتۇ دېڭىز قۇلۇلىسى.

ــ بۇنداق دېسەڭ تېخىمۇ گاڭگىراپ قېلىۋاتىمەن، ــ دەپتۇ چايكا، ــ دېڭىزدا ھېچقانداق قاسىرقى يوق بىرمۇنچە يۇمشاق تەنلىكلەرمۇ ياشايدىغۇ؟

ــ شۇنداق، ــ دەپتۇ دېڭىز قۇلۇلىسى، ــ دېڭىزدا ھاياتلىق قاتلىمى ئوخشاش بولمايدۇ، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ بىر ـ بىرىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، بىز دېڭىز تېگىدىلا ياشايدىغان بولغاچقا، دېڭىز سۈيىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايمىز، شۇڭا بىزدە قاتتىق قاسراق بولمىسا بولمايدۇ. قاسراقسىز يۇمشاق تەنلىكلەر ناھايىتى شوخ كېلىدۇ، ئۇلار دېڭىز سۈيىنىڭ ئېقىشىغا

ئەگىشىپ لەيلەپ يۈرىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ئۆز ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان قاپ بولمىسىمۇ بولۋېرىدۇ.

— سەن قاتتىق قېپىڭنى تاشلىۋېتىپ ئۇلارغا ئوخشاش ياشاشنى خالامسەن؟

— ياق، — دەپتۇ دېڭىز قۇلۇلىسى — بىزنىڭ يەنىلا قاپنىڭ ئىچىدە ياشىغىنىمىز تۈزۈك، بىز چوڭقۇر دېڭىزدا ياشاشقا كۆنۈپ قالدۇق. بىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قېپىمىز قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ قالىدۇ؛ ئەمما سۇنىڭ ئېقىشىغا ئەگىشىپ يۈرىدىغان ھايۋانلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە قالمايدۇ.

27 ـ سېنتەبىر

# ئېيىق ۋە شاپتۇل دەرىخى

## ۋۇ چيۈلىن

ئېيىق شاپتۇل دەرىخىگە سۇ قۇيۇۋېتىپ: ”مەن بۇ شاپتۇل دەرىخىگە 100 ئەپكەش سۇ قۇيدۇم، ئەمدى ئۇنىڭ مېۋىسى ھېچ بولمىغاندىمۇ تاۋۇزچىلىك چوڭلۇقتا چۈشىدۇ“، دەپ ئويلاپتۇ.

شاپتۇل دەرىخى چېچەكلىگەندە، ئېيىق يەنە: ”مەن

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا 100 ئەپكەش ئوغۇت سالدىم، ئۇنىڭ شاپتۇلى ھېچ بولمىغاندا ھەسەلچىلىك تاتلىق بولىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

شاپتۇل دەرىخى مېۋە تۇتقاندا ئېيىق يەنە: "مەن ئۇنى باقسام دەپ بىر كۈنمۇ كۆز يۇممىدىم، ئۇنىڭدىكى شاپتۇللارنىڭ پۈرىقى چوقۇم ھېچ بولمىغاندىمۇ ئون چاقىرىمدىن يىراق جايلارغا بارىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

كۈز كەپتۇ، شاپتۇل پىشىپتۇ. شاپتۇل يەنىلا بۇرۇنقىدەك يوغانلىقتا بوپتۇ، چوكۇلۇقى تاۋۇزنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەپتۇ، ئېيىق بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپتۇ؛ ئېيىق: شاپتۇل شاپتۇل-چىلىكلا تاتلىق بوپتۇ، ھەسەلدەك تاتلىق بولماپتۇ، دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ؛ شاپتۇلنىڭ پۈرىقى ئىككى قەدەم نېرىغىمۇ يەتمەپتۇ، دەپ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ: "ھەي تۇرمۇش! سەن مېنى ئالداپسەن" دەپ قاتتىق توۋلاپتۇ.

بۇ چاغدا شاپتۇل:

— خوجايىنىم، تۇرمۇش سىزنى ئالدىمىدى، بەلكى سەن تۇرمۇشقا ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپ قويىدۇڭ. ئۈمىد-ئارزۇ ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك، ئەمما ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۈمىدكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. سەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئارزۇ-ئىستەككە قانچە بېرىلسەڭ، تۇرمۇش ساڭا شۇنچە كۆپ ئۈمىدسىزلىك ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.

# سۇ يېمەكلىكلىرىنى يەپ باقماقچى بولغان بۆرە

## تاۋ يىسىن

تاغدا بىر بۆرە بار ئىكەن، ئۇ تاغ يېمەكلىكلىرىنى تولا يەپ كېتىپ، سۇ يېمەكلىكلىرىدىنمۇ تېتىپ باققۇسى كەپتۇ. لېكىن ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئۇندا ئويلاپ، بۇندا ئويلاپ، ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان سۇ تاشپاقىسىنى كۆرۈپ، گويا راست ئىشنى سۆزلەۋاتقان قىياپەتتە:

— بۇرادەر، توشقان سېنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەۋاتىدۇ! — دەپتۇ.

سۇ تاشپاقىسى بۇنى ئاڭلاپ قورسىقى كۆپۈپ:

— ئۇ مېنى چىشلىسە مەن قاراپ تۇرغۇدەكمەنمۇ؟! — دەپتۇ.

شۇ كۈنى توشقان كۆلچەك بويىغا سۇ ئىچكىلى كەپتۇ. كۆلچەكتە خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرغان سۇ تاشپاقىسى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ توشقاننى كانىيىدىن چىشلىۋاپتۇ. توشقان ئاچچىقىدا سۇ تاشپاقىسىنى بېشىدىن چىڭ چىشلىۋاپتۇ. ئىككىسى بىر ـ بىرىنى بارغانسېرى چىڭ چىشلەپتۇ، بۇ چاغدا

www.uyghurkitap.com

كۆلچەك بويىدىكى قارىغاي:

— پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار! بۆرە سىلەرگە ئېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ! ئۇ ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ قويۇپ سىلەرنى يەۋەتمەكچى! سۇ تاشپاقىسى پەخەس بول، بۆرە بۈگۈن سېنى يېمەكچى! — دەپتۇ. توشقان بىلەن سۇ تاشپاقىسى بىردىنلا ئويغىنىپ، دەرھال بىر-بىرىنى قويۇۋېتىپتۇ. بۆرە يېتىپ كەلگىچە سۇ تاشپاقىسى سۇغا كىرىپ كېتىپتۇ، توشقانمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

29 - سېنتەبىر

## سائەت

### شۇي رۇنچۈەن

كىشىلەر خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىنى سائەتكە قاراپ ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سائەت مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ: ”ئەگەر مەن ماڭماي تۇرۇۋالسام، كىشىلەر ياشىيالمايدۇ، قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، ھەتتا كۈندۈزمۇ، كېچىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ“ دەپ ئويلاپ، بىر سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

يېرىم كېچىدە، سائەت ئۈچ ستىرېلكىسىنى توختاشقا بۇيرۇپتۇ.

سائەت توختاپ خېلى ۋاقىتقىچە كۆن يورۇمايتتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشال بولۇپ: "مەن غەلىبە قىلدىم!"دەپتۇ.

تاڭ سۈزۈلۈپ، قىزىل قۇياش كۆتۈرۈلۈپتۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرى بۇرۇنقىدەكلا داۋام قىلىۋېرىپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇ "قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئولتۇرۇشى توسقىلى بولمايدىغان تەبىئەت قانۇنىيىتى ئىكەن، مەن قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلسام بولغۇدەك"دەپ ئويلاپتۇ.

30 - سېنتەبىر

## قوڭغۇراق

### شىن چىن

شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئېسىپ قويۇلغان چوڭ بىر قوڭغۇراق بار ئىكەن، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئادەمنى روھلاندۇرىدىكەن.

بۇ شەھەرنى ھەر يەردىن كەلگەن كىشىلەر ساياھەت قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ شەھەرگە ساياھەتكە كەلگەنلىكى ئادەم بۇ قوڭغۇراقنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ رەسىمگە چۈشىدىكەن. شائىرلار ئۇنى مەدھىيىلەپ شېئىر يازىدىكەن، مۇزىكانتلار مۇزىكا تۈزۈ-

دىكەن... پەقەت بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىلا قوڭغۇراققا: "قوڭغۇراقنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپتۇ، پەخەس بولۇڭلار!" دەپ خەت يېزىپ قويۇپتۇ.

1 ـ ئۆكتەبىر

# غاز بىلەن چوشقىنىڭ مۇنازىرىسى

## شۈي رۇنچۈەن

غاز بىلەن چوشقا ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مۇنازىرە بوپتۇ.

— تۇرنا ئەڭ ئىنتىزامچان، — دەپتۇ غاز شالاڭقىنى چاچرىتىپ، — ئۇلار بىردەم تۈز سىزىق بويىچە، بىردەم ‹٨› شەكلى بويىچە ئۇچىدۇ، جۇدۇن-چاپقۇنلاردىمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالمايدۇ.

— پىل ھەممىدىن ياخشى، — دەپتۇ چوشقا جىددىي قىياپەتتە، — ھايۋانلار ئىچىدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق، ھەتتا شىر، يولۋاسمۇ ئۇنىڭدىن قورقىدۇ.

— ياق! — دەپتۇ غاز بېشىنى چايقاپ، — پىل دېگەن نېمىتى ئۇ؟ ئۇنى قانداقمۇ تۇرنا بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟

— نېمىشقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن؟ — دەپتۇ چوشقا تەكەببۇرلۇق بىلەن، — سەن پىلنى كۆرۈپمۇ باقماي تۇرۇپ

كەمسۇندۇرۇۋاتسەنغۇ دەيمەن، ساڭا راستىنى ئېيتاي، ئۇنىڭ تۇرقى ماڭا ئوخشايدۇ.

— ھىم، پىلمۇ تايىنلىقكەنغۇ، سەن تۇرنىنى بىلمەمسەن؟ راستىنى ئېيتسام، تۇرنا مەن بىلەن بىر خىلدىكى قۇش، — دەپتۇ غاز ھىجىيىپ.

ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى بارغانچە كۆچىيىپتۇ. ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆچكىنى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ بېرىشكە تۇتۇۋاپتۇ. ئۆچكە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ:

— تۇرنىنىڭمۇ، پىلنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ماھارىتى بار، ئەمما سىلەرنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرغىنىڭلاردىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

غاز بىلەن چوشقا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

2 ـ ئۆكتەبىر

## توشقاننىڭ دوستى

### خۇاڭ دافا

ياۋاش، ئەخلاقلىق بىر توشقان بار ئىكەن، كالا، ئات،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قويلار... نىڭ ھەممىسى ئۆزىنى توشقاننىڭ دوستى دەپ قارايدىكەن. ئۇلار: توشقان ئەگەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا، چوقۇم كۈچىمىزنىڭ بارىچە ياردەم بېرىمىز، دېيىشىدىكەن.

بىركۈنى، ئوۋچى بىرقانچە ئىتلىرىنى توشقان تۇتۇشقا قويۇپ بېرىپتۇ. توشقان: مېنىڭ دوستۇم كۆپ بولغاندىكىن، چوقۇم ئىتتىن قۇتۇلالايمەنغۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ ئاتنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ئەمما ئات:

— مەن خوجايىنىمغا ئىشلەپ بېرىۋاتىمەن، باشقا دوستلىرىڭ ياردەم قىلسۇن، — دەپتۇ.

توشقان دەرھال كالىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— بۈگۈن خاپا بولمىغىن، بىر تەكلىپنامە كەپتىكەن، زىياپەتكە ماڭاي دەپ تۇراتتىم، ئۆچكىنىڭ ساڭا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — دەپتۇ كالا.

توشقان ئۆچكىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— كېلەر قېتىم ياردەم قىلاي، — دەپتۇ ئۆچكە، — مەن ئىتنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن. چۈنكى ئۇنىڭ قوي يەيدىغان ئادىتىمۇ بار.

بۇ چاغدا ئىت توشقانغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. "ئاغىنىلىرىم ماڭا ياردەم بېرىشنى خالىمايۋاتىدۇ. ئۆزەم ئامال قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇچقاندەك چېپىپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئاخىر خەۋپتىن قۇتۇلۇپتۇ.

ئۇ قويۇق ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: "دوستۇم دەپ

يېقىنلاشقانلارغا سىنىماي تۇرۇپ ھەرگىز ئىشەنمىسە بولغۇدەك“ دەپتۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە.

3 ـ ئۆكتەبىر

# بۆرە بىلەن تىيىن

## چى تۇڭجۇن

بىر كۈنى كىچىك تىيىن دىققەتسىزلىكتىن بىر دانە قارىغاي ئۇرۇقىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، قارىغاي ئۇرۇقى بۆرىنىڭ بېشىغا تېگىپتۇ. بۆرە بېشىنى كۆتۈرۈپ تىيىنغا قاراپ:

— ھوي، ئۆلگۈر ئەبلەخ، سېنى يەۋەتمەيدىغان بولسام! — دەپ ھۆركىرەپتۇ.

— ياۋۇزلۇق قىلما! مېنى تۇتالمايسەن! — دەپتۇ تىيىن نايناقلاپ.

— ياق، مەن سېنى چوقۇم يەۋېتىمەن! — دەپتۇ بۆرە. ئۇ كۆڭلىدە، تىيىن دەرەختە چىقىۋالغىنى بىلەن ھامان چۈشمەي قالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، دەرەخ تۈۋىدە ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، تىيىن دەرەختە قارىغاي ئۇرۇقىنى يەپ، بىخىرامان ناخشا ئېيتىپ ئويناپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بۆرە قورسىقى ئېچىپ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، جايىدىن قوپال-

ماس بولۇپ قاپتۇ.

قارشى تەرەپنى يېڭىمەن دېگەن بىلەن، ئۇنى چۈشەنمىگەندە، هامان مەغلۇپ بولىدىغان گەپ.

4 ـ ئۆكتەبىر

## توشقاننىڭ ئالدىنىشى

### نىلىڭ يۇجى

"چاپسان قاچ، چاپسان، ئىت كەلدى! ئىت كەلدى!" توشقان سىغىزخاننىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بەرگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قۇلىقىنى دىڭگايتقىنىچە بەدەر تىكىۋېتىپتۇ، بىراق ھودۇقۇپ كېتىپ، دەرەخكە ئۇسۇۋېلىپ بېشىنى يېرىۋاپتۇ.

ئۇ ئۇۋىسىغا كىرىپ يارىسىنى ئۇۋۇلىغاچ سىرتقا زەڭ سالىپتۇ، سىرتتىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانماپتۇ، ئۇ بېشىنى ئۇۋىدىن چىقىرىپ قاراپتۇ، ھېچ يەردە ئىت كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇۋىسىدىن چىقىپتۇ.

ــ قورقۇنچاق، چاقچاق قىلىپ قويسام، ئىشىنىپ قالدىڭما، ــ دەپتۇ دەرەخ شېخىدىكى سىغىزخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ھەي، ئالدامچى، يەنە ئالدىنىپتىمەن ـ دە! ــ دەپتۇ توشقان ئۆزىنىڭ نەچچە قېتىم ئالدانغانلىقىنى ئويلاپ ئاچچىقىدا.

— خاپا بولما، ساڭا بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي، شىمال تەرەپتىكى كۆلچەكتە بىر مۇنچە كۆك پۇرچاق تۇرىدۇ، چاققان بېرىپ يەۋالغىن، — دەپتۇ سېغىزخان كۇلۇپ قويۇپ.
— ھا—ھا، سەن يالغان گەپنى توقۇشقا تازىمۇ ئۇستا ئىكەن-سەن! ھازىر شۇ يەردىن كەلدىم، ئۇ يەردە پۇرچاقلىق يوق! سەن قۇلىقىمنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن، كۆزۈمنى ئالدىيالماي-سەن، — دەپتۇ توشقان كۇلۇپ كېتىپ.
لاتىسى سۇغا چىلاشقان سېغىزخان بىرنەرسە دېيەلمەي ئاستا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
— قۇلىقىمغا ئىشەنگەندىن كۆرە، كۆزۈمگە ئىشەنسەم بول-غۇدەك، — دەپتۇ توشقان ئۇچۇپ كېتىۋاتقان سېغىزخانغا قاراپ پىچىرلاپ.



# قۇدۇق بويىدا

## زو رۇگچېك

— پەخەس بول، قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمىگىن يەنە، — دەپتۇ ئىت قۇدۇق بويىدا ئويناپ يۈرگەن سۇ كالىسى موزىيىغا.
موزاي ئاغزىنى دومسايتقان ھالدا تەكەببۇرلۇق بىلەن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ شۇنداق چوڭقۇر ھەم كەڭ چاڭجياڭ دەرياسىدىمۇ بۇرۇقتۇرۇم بولمايدىغان تۇرسام، قۇدۇق سۈيىدىن قورقاتتىممۇ؟ ــ دەپتۇ.

ئىت كەتكەندىن كېيىن، موزاي ئۆزىنىڭ قۇدۇققا چۈشۈشتىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، قەستەن قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، "پولتۇك" قىلىپ قۇدۇققا چۈشۈپتۇ.

قۇدۇقنىڭ ئاغزى تۈگمەن تېشىچىلىكلا ئىكەن. موزاي سۇ ئۈزۈشنى بىلگىنى بىلەن، قۇدۇق كىچىك بولغاچقا، بەدىنىنى سوزالماپتۇ. ئۇ ۋايجان دەپ توۋلاپتۇ، ئەمما ئەتراپتا ئادەم يوق ئىكەن. ئۇ بىردەم تىپىرلاپ بېقىپ، بۇرۇقتۇرۇم بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

6 ـ ئۆكتەبىر

## ئىككى خوراز

### شۈي رۇنچۇەن

تاڭ سەھەردە مەھەللىدىكى ئىككى خوراز بەس ـ بەستە چىللىشىپ، كىشىلەرگە تاڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپتۇ.

ــ كىشىلەر مېنى ماختىدى، ئاۋۋال مەن چىللىدىم، سەن

ماڭا ئەگىشىپ چىللىدىڭ، — دەپتۇ بىر خوراز.

— ياق، — دەپتۇ يەنە بىر خوراز بېشىنى غادايتىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — ئاۋۋال مەن چىللىغان تۇرسام، قانداقسىغا ئاۋۋال سەن چىللىغان بولۇسەن؟

— بولدى، سەن بىلەن تالىشىپ ئاۋارە بولمايلا قوياي، قاراپ باقايلى، قېنى كىم ئاۋۋال چىللايدىكەن!

— بوپتۇ، ئەتە بولسۇن، ئىش قىلىپ مەن سېنىڭ ئارقىڭدا قالمايمەن!

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلمەستىلا ئىككى خوراز بەس-بەس بىلەن چىللىشىپتۇ، كىشىلەر ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئېتىزغا مېڭىشىپتۇ.

— قارا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇنىدۇ، مەن ئاۋۋال چىللىدىم، — دەپتۇ بىر خوراز.

— ياق! — دەپتۇ يەنە بىر خوراز، — ئاۋۋال مەن چىللىغان تۇرسام، قانداقسىگە سەن چىللىغان بولىسەن؟

بوپتۇ، ئەتىمۇ بەسلىشىپ كۆرەيلى!

بۇ ئىككى خوراز ئۇدا بىرنەچچە كۈن يېرىم كېچىدە چىللاپ، مەھەللىدىكىلەرنى ئۇخلاتماپتۇ، ئاخىر كىشىلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بۇ ئىككى خورازنى تۇتۇپ بوغۇزلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# چوشقا خوجىدار بولغۇدەك

## شۈي رۈنچۈەن

چوشقا خوجىدار بولغۇدەك دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئەرەلدىن چوشقىغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن ئىت بىردىنلا چوشقا بىلەن يېقىنلىشىپ:

— چوشقىكا، سىنىڭ قۇلاقلىرىڭ ئۇزۇن، ئەمەلدارلىق سالاپىتىڭ بار جۇمۇ، — دەپتۇ.

ئادەتتە چوشقىنى كۆزگە ئىلمايدىغان مۈشۈكمۇ خۇشامەتچىلىك قىلىپ:

— چوشقىكا، سىنىڭ بۇرنۇڭ يوغان، قالتىس تەلەيلىك جۇمۇ، — دەپتۇ.

چوشقا بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان توخۇمۇ ئەمدىلىكتە مۇلايىملىشىپ:

— چوشقىكا، كۆزلىرىڭ گازىردەك، قالتىس چىرايلىق جۇمۇسەن، — دەپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسى چوشقىنىڭ ئەمەس، كالىنىڭ خوجىدار بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئىت، مۈشۈك، توخۇلار چوشقىنى يەنە بۇرۇنقىدەك، سالپاڭ قۇلاق، يوغان بۇرۇن، گازىر كۆز، ھايۋانلارنىڭ سەتى، ئۇنىڭ بىزگە

خوجىدار بولسىمەن دېگىنى ئوخلاپ چۈشى...، — دەپ تىللايدىغان بوپتۇ.

8-ئۆكتەبر

## ئالما دەرىخىنىڭ يىلتىزى

### لياڭ لىسۇڭ

ئالما پىشىپتۇ، ئالما دەرىخىنىڭ شاخلىرى دانىسى يوغان، بۇلۇق ئالمىلارنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ.

ئالما دەرىخى تۈۋىدىكى توپىدا ياتقان يەر يولۋىسى ئالما دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا:

— بۇ سانجاق-سانجاق ئالمىلارغا كىمنىڭمۇ مەسلىگى كەلمەسۇن! سەن ئادەتتە ئۇلارغا ئوغۇت، سۇ يەتكۈزۈپ بېرىمەن دەپ پايپېتەك بولسەن، سېنىڭمۇ تۆھپەڭ بار! مېنىڭچە ساڭمۇ ئازراق ئالما بۆلۈپ بەرسە بولىدۇ! — دەپتۇ.

— ئالمايمەن، — دەپتۇ يىلتىز، — مەن ئۇلار ئۈچۈن خۇشالمەن. ئۇلار بۇ مېۋىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدۇ، راست ئېيتسام، مەن ئۆمۈر بويى بۇنداق مېۋىلەرنى بېرەلمەيمەن. مېۋىنى كۆرۈپ، قول ئۇزاتسام بولمايدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

9 ـ ئۆكتەبىر

# گاڭبى قەلەم بىلەن دۇۋەت

## چىن جىشىياڭ

يازغۇچىنىڭ گاڭبىسى دۇۋەتكە يەنە بىر قېتىم چىلىنىپتۇ.

— قېنىمنى ئىچىپ تۈگىتەي دەمسەن! — دەپتۇ دۇۋەت غەزەپلىنىپ.

— مەن قېنىڭنى ئىچىپتىمەنما؟ — دەپتۇ گاڭبى چۈشىنەلمەي.

— نېمە؟ قېنىمنى ئىچمىدىڭما! قارا، قېنىمنىڭ تەگدىن تولىسىنى ئىچىپ بولغىنىڭنى، يەنە قېنىڭنى ئىچمىدىم دەيسەنغۇ؟ قېنىمنى ئىچىپ بولۇپ، مېنى تاشلىۋېتىسەن تېخى، — دەپتۇ دۇۋەت ھەسرەت چېكىپ.

— مەن ئىچكىنىم بىلەن، ئۇنى قەغەزگە خەت قىلىپ ئېقىتىمەن، يۇتۇۋالمايمەن، — دەپتۇ گاڭبى ئۆزىنى ئاقلاپ.

— شۇملۇق قىلما! سېنىمۇ قېرىغاندا كىشىلەر مېنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋېتەمدۇ تېخى، — دەپتۇ دۇۋەت گاڭبىنى مەسخىرە قىلىپ.

گاڭبى بىرنەرسە دېمەپتۇ، دۇۋەت گاڭبىنىڭ بۇ تۇرقىغا

قاراپ ھەم ئۆزىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— بىز كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنلا يارالغانكەنمىز، — دەپتۇ.

ئاردا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ.

— ياق! بىز كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلمىساق، تاشلىۋەتكەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىمىز، — دەپتۇ گاڭبى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

10 - ھۆكتەبىر

## مامكاپ ئانا بىلەن پاقا يوپۇرمىقى

مامكاپ ئانا يەر ئانىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن دانلىق ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇ، يەر ئانىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مامكاپ ئۆزىنىڭ باللىرىنى ئايىماي تەقدىم قىپتۇ.

مامكاپ ئانا ھەربىر بالىسىغا بىردىن كىچىك پاراشوت بېرىپ:

— ئىرادىلىك بالا بولۇڭلار، شامال تاغاڭلار سىلەرنى ئېلىپ كەتسۇن! ئېگىز تاغلارغا، دەريا بويلىرىغا، تۈزلەڭلىكلەرگە... بېرىپ ماكانلىشىڭلار! — دەپ ئۇلارنى ئېگىز - ئېگىزلەرگە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ.

باللار ئانىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، كىچىك پاراشوت-لىرىنى ئېچىپ، بەس-بەستە ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ....

— مامىكاپ ھەدە، بالا دېگەن ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى، — دەپتۇ مامىكاپنىڭ كونا قوشنىسى پاقا يوپۇرمىقى، — باللىرىڭنى كەتكۈزۈۋېتىشكە قانداقمۇ چىدايسەن؟ يول يىراق، ئۇلارغا نىمە كۈنلەر كېلىدۇ، ئۇنىڭغا بىرنەرسە دەپ بولمايدۇ، ئەنددە-شە قىلمامسەن؟ مەن باللىرىمنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن، ھەممىسى يېنىمدا، ئۇلار خېيىم-خەتەر، جاپا دېگەننى كۆرمىدى، ئانا مېھرىنى بىلمەيدىغان ئانىنى يارامىلىق ئانا دېگىلى بولمايدۇ.

— پاقا يوپۇرمىقى سىڭلىم، — دەپتۇ مامىكاپ ئانا، — مەن ئۇنداق قارىمايمەن، باللارغا ياشاش ماھارىتىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى بوران-چاپقۇننى بېشىدىن كەچۈرۈشكە، چېنىقىشقا، بىلىم ۋە قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا دادىل قويۇپ بېرىش ھەقىقىي ئانا مېھرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەن ساڭا ئوخشاش بالامنى يېنىمدىن ئايرىمىغان بولسام، بىزنىڭ جەمەتىمىز مەڭگۈ كەڭ زېمىنغا تارقىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆسن قوشالمىغان بولاتتى.

# بۇلۇت بىلەن يەر

## ياك خۇەنسەي

ئىگىز ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت مەغرۇرلانغان ھالدا كەڭ زېمىنگە نەزەر سېلىپ:

ــ كىشلەر، يەر ھەممە ھاياتلىقنى ئۆستۈرىدۇ دېيىشىدۇ، ئەمما يەر مەڭگۈ مېنىڭ ئاستىمدا تۇرىدۇ، ــ دەپتۇ.

يەر بۇلۇتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، گەپمۇ قىلماستىن مىيىقىدا كۈلۈپلا قويۇپتۇ.

سوغۇق شامال كېلىش بىلەن، بۇلۇتنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، ئاغزى بېسىلىپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولغىچە شارقىراپ يەرگە ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇلۇت يەردىن ئايرىلىش ئۈچۈن، ھەرقانچە تىرمىشىپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا يەردىن كۆتۈرۈلەلمەپتۇ. بۇلۇت بەكمۇ خىجىل بوپتۇ.

كۈن چىقىپتۇ، بۇلۇت خېلىلا يېنىكلەپ قاپتۇ، ئۇ قۇياش نۇرىدا يەنە ئاسمانغا لەيلەپ چىقىپتۇ. ئۇ ئەمدى مەغرۇرلان-مايدىغان بوپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاسماندا لەيلەپ يۈرگىنى

بىلەن، يىلتىزى يەردە ئۆكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

12 ـ ئۆكتەبىر

# ئەينەك

## ياك جيەنيىك

ئىشچى تاغا بىر پارقىراق ئەينەكنى دېرىزىگە بېكىتىپتۇ. ئەينەك بۇنىڭدىن تازا نارازى بولۇپ، ئاغزىنى دومسايتىپ كەچكىچە غودۇڭشىپتۇ، ئۇ بىردەم مېنى سىنئەينەك رامكىسىغا ئېلىپ قويىمىدى دەپ زارلانسا، بىردەم دېرىزە كۆزى مېنى بەك قىسۋەتتى دەپ زارلىنىپتۇ، يەنە بىردەم كۈن نۇرى كۆزۈمنى بەك قاماشتۇرۇۋەتتى، دەپ قاقشاپتۇ. ئۇ بۇ دېرىزىدىن ئايرىلىپ، ئەركىن ـ ئازادە ياشايدىغان يەرگە قېچىپ كېتىشكە بەل باغلاپتۇ. ئۇ دېرىزە كۆزنىكىدىن قىستىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ قاتتىق تىركىشىپتۇ، ئۇ ئاخىر قىستىلىپ چىقىپتۇ، ئۇ خۇشال هالدا يەرگە بىر سەكرىگەنىكەن، چاراڭ قىلىپ كۇكۇم ـ تالقان بوپتۇ.

# قىزىل جامكا . بېلىق ئوتى . نىلۇپەر

## جاڭ رۇيشياڭ

بىر قىزىل كاراپ بېلىق كۆلچەكتە سەيلە قىلغاچ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ قىزىل جامكىنىڭ ساقىلىغا تېگىپ بېقىپتۇ، بېلىق ئوتىنىڭ يوپۇرمىقىنى سىلاپ بېقىپتۇ، نىلۇپەرنىڭ ئېگىز غولىنى لىڭشىتىپ بېقىپتۇ، يۇمران نىلۇپەر يوپۇرمىقىنى سۆيۈپتۇ، ئاندىن سۇ يۈزىگە چىقىپ، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى تاماشا قىلىپ، خۇش پۇراق ھىدىدىن ھوزۇرلىنىپتۇ.

ئۇ قىزىل جامكىغا قاراپ:

— سەن بويۇڭ كىچىك تۇرۇپ، سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىكەنسەن، — دەپتۇ، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بېلىق ئوتىغا قاراپ، — سېنىڭغۇ بويۇڭ خېلى ئېگىز ئىكەن، ئەمما سۇغا چىلىشىپلا تۇرىدىكەنسەن، — دەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نىلۇپەرنى تەبەسسۇم بىلەن، — پەقەت سەنلا ئېگىز، قابىل ئىكەنسەن، يەنە تېخى تېنىڭدە چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىدىكەن، توق ئۇرۇق ھاسىل بولىدىكەن، يەردىن ئۇزۇن غول تارتىپ چىقىدىكەنسەن، ... — دەپ ماختاپتۇ.

قىزىل جامكا ئىنزا تارتقان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ

www.uyghurkitap.com

سۆز باشلاپتۇ:

— ئاڭلىشىمچە، دادام بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ چوڭى ئىكەن، ئۇ كۈن بويى سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەنىكەن، يېڭى ھاۋادىن نەپەسلىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولغاچقا...، — قىزىل جامكىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، بېلىق ئوتى سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— مېنىڭ ئاتام بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئىككىنچى بالا ئىكەن، ئۇ ئاكىسىنىڭ ساۋىقىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قوبۇل قىلىپ، سۇ يۈزىدىن سۇنىڭ تېگىگە چۈشۈۋېلىپ، سۇ ئاستىدا يىلتىز تارتقانىكەن، بويىنىڭ ئۆسۈشىگە، شاخ-يوپۇرماقلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنىكەن... — ئۇنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، خىجىللىقتىن ئاۋازى پەسلەپ كېتىپتۇ. بىر-پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، نىلۇپەر ئاستا سۆز باشلاپتۇ:

— مېنىڭ ئاتام ئۈچىنچى ئوغۇل ئىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىككى ئاكىسىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەم تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپتۇ، ھەم سۇ يۈزىگە چىقىپ...

قىزىل كاراپ بېلىق بېشىنى لىڭشىتىپ:

— توغرا، ھەم تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىش، ھەم

شاخ ـ يوپۇرماقـلارنى سۇ يۈزىـگە چىقىرىـپ، تەبىئەتـنىڭ ئۆلتىپاتى بىلەن ھاۋا، شەبنەم ۋە كۈن نۇرىنى تولۇق قوبۇل قىلىش كېرەك، مۇشۇنـداق قىلغانـدىلا، ئاندىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگىلى بولىدۇ! ـــ دەپتۇ.

**14 ـ ئۆكتەبىر**

## بېي گو ئەپەندىنىڭ يول مېڭىشى

### چيۇ يۈنگۇڭ

بېي گو ئەپەندى ئۆزى يول مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن، پەقەتلا باشقىلارغا ئەگىشىپ، ھەر قەدەمدە باشقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭىدىكەن، باشـقىلارنىڭ ئىزىـدىن كىچىككىـنە چەتلەپ كېتىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىدىكەن.

بىركۈنى بېـي گو ئەپەنـدى شەھەرگە كىرمەكـچى بوپـتۇ، ئۇ مىلىڭ تەسلىكتە بىر سەپەرداشقا يولۇقۇپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئادەمگە ئەگىـشـىـپ شەھەرگە مېڭىپـتۇ، ئۇ ئادەم ئالـدىـدا، بېي گو ئەپەندى ئىز بېسىپ ئۇنىڭ ئارقىدا مېڭىپـتۇ. بېي گو ئەپەندى ھەر قەدەمـدە ئۆز ئىزىـنىڭ ھېلـىقى ئادەمـنىڭ ئىزىغا دەل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ باقىدىكەن، سەللا ئۇتتۇر كەلـ مەي قالغان بولـسا، چوقۇم كەينىـگە يېنىـپ قايتا ماڭىدىكەن. ئۇ شۇ تەرىقىدە مېڭىپ ئاخىر ھېلىقى ئادەم بىلەن بىللە دەريا بويىغا كەپـتۇ. ئۇ ئادەم بىرقانـچە قەدەم مېڭىپـلا دەريادىـن ئۆتۈپ

كېتىپتۇ، ئەمما سۇدا ئىز قالمايدىغان بولغاچقا، بېيگو ئەپەندى قانداق مېڭىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. يول يۈرگەندە باشقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۆگىنىپ قالغان بېيگو ئەپەندى ئەمدىلىكتە بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي، دەريا بويىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

15 ـ ئۆكتەبىر

## ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى يۇلۇش

جاڭ شۇ

بىر ئادەمگە ئاتنىڭ قۇيرۇقى كېرەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم ياۋاش بىر ئاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇ قورقماي ئاتنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى سىلاپ بېقىپتۇ، ساغرىسىنى شاپىلاقلاپ بېقىپتۇ، ئات مىدىر ـ سىدىر قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۆڭلى تىنچىغان ھالدا ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر قانچە تال قىلنى يۇلۇۋاپتۇ. ئات سەل مىدىرلاپ قويۇپتۇ، باشقا ھېچقانداق قىلماپتۇ، بۇنىڭ بىلەن، بۇ ئادەم تېخىمۇ نوچىلىق قىلىپ، ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر سىقىم قىلنى قاماللاپ بار كۈچى بىلەن تارتىپتۇ. بۇ چاغدا ئاتنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، قاتتىق كىشنىگىنىچە ھېلىقى ئادەمنى بىرلا تېپىپ نەچچە مولاق ئاتقۇزۇۋېتىپتۇ. بىچارە

ئادەمنىڭ يەتتە - سەككىز چىشى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ، ئاغزى - بۇرنى قانغا بويىلىپتۇ، ئۇ مىدىرلىغۇدەكمۇ ھالى قالماي، زارلىنىپ يەردە يېتىپ قاپتۇ.

كىمكى قارشى تەرەپنىڭ سۆكۈت قىلىپ تۇرۇشىنى ئاجىزلىق دەپ قارايدىكەن، ئاقىۋەت ئاغزى - بۇرنى قانغا بويىلىدۇ.

16 - ئۆكتەبىر

# ماي بېلىقنىڭ دېڭىزغا كىرىشى

## سۇڭ گۇاڭپۇ

فۇچۈن دەرياسىدىكى ماي بېلىق بىپايان دېڭىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇپ، دېڭىزغا بېرىپ ساياھەت قىلماقچى بوپتۇ. ئاق كۆكۈل پىلىك بېلىق ئۇنىڭغا:

— بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىمۇ گۈزەلغۇ؟ ئۆز ئۆيىڭنىڭ خۇشلۇقى، پوت - قولۇڭنىڭ بوشلۇقى دېگەن گەپ بار، دېڭىز يولى يىراق، ئۇ يەرگە بارمىساڭچۇ! — دەپتۇ.

— ياخشى نىيىتىڭگە رەھمەت، ئەمما ئىرادەمدىن يانسام بولمايدۇ، — دەپتۇ ماي بېلىق ۋە سۆزىنى تۈگىتىپ پىلىك بېلىق بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ.

ماي بېلىق يولدا لېش بېلىقنى ئۇچرىتىپتۇ، لېش بېلىقى ئۇنىڭ دېڭىزغا كىرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ۋاي بولدى قىل، بۇ خەتەردىن ئۆزەڭنى تارت، دېڭىز دولقۇنى بەك شىددەتلىك، خادا تاش كۆپ، قارىماسەن، دېڭىز دولقۇندا تاشلارنىڭ يوچۇقىغا قىسىلىپ قېلىپ، ياپلاق بولۇپ قالغىنىمنى، تاس قالدىم جېنىمدىن ئايرىلىپ قالغىلى، — دەپتۇ.

— كۆڭلۈڭگە رەھمەت، ئەمما مەن نىيەت قىلغان ئىشنى قىلماي قويمايمەن، — دەپتۇ ۋە گېپىنى تۈگىتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرىپ، يوشۇرۇن خادا تاشلاردىن پەخەس بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاخىر دېڭىزغا كەپتۇ. پاھ! كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاق چايكىلار، ھەيۋەتلىك قىيا تاشلار باغرىدىكى دېڭىز بوزغۇنلىرى، ماي بېلىق بىپايان دېڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، دېڭىزدا ماكانلىشىپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئەتىياز كەپتۇ، ماي بېلىق قۇچۇن دەرياسىغا قايتىپ بېرىپ بېلىجانلىماقچى بوپتۇ.

— يول بەك جاپالىق، بولدى، بارمايلا قويغىن! — دەپتۇ سېرىق بېلىق ئۇنىڭغا.

— بالىلىرىم سۈزۈك سۇ، يېشىل ئوتلار ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولسۇن، بالىلىرىم ئۇچۇن قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ، — دەپتۇ ماي بېلىق. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دېڭىزدىن يۇرتى قۇچۇنغا

قايتىپ كېلىپ بىلىجانلاپتۇ. ئۇ يەنە دىڭمىزغا كەتمەكچى بولغاندا بالىلىرىغا: "ئىرادىلىك ۋە قەيسەر بولۇش غەلىبە قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى" دېگەن سۆزنى قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. بىلىجانلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئانىسىنىڭ مىجەزىنى دوراپ، كەينى ـ كەينىدىن دىڭمىزغا كېتىپتۇ.

17 ـ ئۆكتەبىر

## چېمپىيوننىڭ قايغۇسى

### يۈي فاڭجۇ

تاشپاقا بىلەن توشقان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ، تاشپاقا چېمپىيون بوپتۇ دېگەن خەۋەر تېزلا تارقىلىپ كېتىپتۇ.

ئادەتتە ھېچكىم كېلىپ باقمايدىغان تاشپاقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ. ھەر كۈنى، تاشپاقىدىن ئۇزۇننىغا يۈگۈرۈشنى ئۆگىنىمىز دەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بوپتۇ.

ــ مەن دېگەن پۈتى بار ئۇششاق ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاستا يۈگۈرىدىغانلارنىڭ بىرىمەن. مېنىڭ چېمپىيون بولالىشىم توشقاننىڭ مەغرۇرلىنىپ، يېرىم يولدا ئۇخلاپ قالغان-

لىقىدىن بولغان، — دەپتۇ تاشپاقا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي راست ئېيتىپ، لېكىن ئىخلاسمەن چوقۇنغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى تاشپاقىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ.

تاشپاقا ئىلاجسىز يەردە بىرنەچچە قەدەم ئۆمىلەپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كېلەڭسىز تېنىنى ۋە قىسقا پۇتلىرىنى كۆرسىتىپ:

— كۆرگەنسىلەر، مېنىڭ نەرىم ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش چېمپىيونىغا ئوخشايدۇ؟ — دەپتۇ.

— بولدى، بىزنى ئەپلەپ-سەپلەپ يولغا سالىمەن دېمە، ئىش قىلىپ سېنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش چېمپىيونى بولغىنىڭ راستقۇ، — دەپتۇ بىر چوقۇنغۇچى خاپا بولغان ھالدا.

ئەمدى تاشپاقىنىڭ گەپ قىلغۇچىلىكى قالماپتۇ. چۈنكى چوقۇنغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، قۇرۇق نام-ئاتاق ئەمەلىيەتتىن ئۈستۈن تۇرغاندى.

18 - ئۆكتەبىر

## يول بەلگىسى

**چېڭ جيەنشۈ**

بىر يول بەلگىسى چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قاپتۇ.

كىشىلەر ئۇنى ئىزىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئاۋارىچىلىق ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ماڭىدىغان بوپتۇ. يول بەلگىسىمۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىخىرامان تۇرۇۋېرىپتۇ.

بىركۈنى يول ياسىغۇچى ئىشچى كېلىپ، ئۇنى يۆتكەپ كەتمەكچى بوپتۇ.

— سەن نېمىشقا ماڭا تېگىسەن؟ — دەپتۇ يول بەلگىسى ئاچچىقلىنىپ.

— چۈنكى سەن يولنى توسۇۋاپسەن.

— قىزىق گەپ بولدى - دە! مېنىڭ يول بەلگىسى ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ يول بەلگىسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مەخسۇس كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، بىراق، سېنى ئارراق ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — يول ياسىغۇچى ئىشچى گېپىنى تۈگىتىپ ئۇنى يول ياقىسىغا يۆتكەپ قويۇپتۇ.

جايىغا قويۇلمىسا، يول بەلگىسىمۇ كىشىلەرگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



# باۋ دىڭنىڭ تۆگە سويۇشى

## لۇ جىچۇەن

باۋ دىڭنىڭ كالا سويۇش تېخنىكىسى ناھايىتى ئۇستىلىق ئىكەن، ئۇ كالىنىڭ گۆش ـ سۆڭەكلىرى ماگا بەش قولدەك ئايان دەپ قارايدىكەن، ئۇ ھەر قېتىم كالىنى بوغۇز-لاپ، گۆشنى سۆڭەكتىن شىلىغاندا پىچاقنى شۇنداق ئەپچىل، يېنىك سىلىپ بىر دەمدە ئىشنى تاماملايدىكەن، پىچاقمۇ گاللىشىپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ 19 يىلدىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان پىچىقى ھازىرمۇ يېڭى پىچاقتەك ئۆتكۈر ئىكەن.

ۋېي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى لياڭ خۇي: "باۋ دىڭنىڭ كالا سويۇش ماھارىتىغۇ ھەقىقەتەن ئۇستىلىق، ئەمما ئۇنىڭ باشقا ھايۋانلارنى سويۇش تېخنىكىسىمۇ شۇنداق ئۇستىمىدۇ؟ ئەگەر ئوخشاش ئۇستىلىق بولسا، ئۇنىڭغا مائاش قوشۇپ بېرىپ، ئۇنى ئاشپەزلىككە ئۆستۈرۈش كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ۋېي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى لياڭ خۇي باۋ دىڭنى تۆگە سويۇشقا چاقىرتىپتۇ.

باۋ دىڭ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە "مەيلى تۆگە

بولسۇن ياكى باشقا چوڭ ھايۋانلار بولسۇن، ئىش قىلىپ ھەممىسى كالىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىغۇ" دەپ ئويلاپتۇ. ئەمەلـ يەتتە، ئۇ تۆگىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن!

تۆگە سويۇش باشلىنىپتۇ. پادىشاھ لىياڭ خۇي نۇرغۇن ۋەزىرلەر بىلەن بىللە باۋدىڭنىڭ تۆگە سويۇشىنى كۆرگىلى كەپتۇ، باۋدىڭ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، تۆگىنى ئىلگىرىكى كالا سويغان پەدىگە سويۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن تۆگىنىڭ ئىككى لوككىسى بولغاچقا ۋە بەدەن قۇرۇلمىسى كالىنىڭكىگە ئوخشىماس كەتمىگەچكە، پىچاق ھە دېگەندىلا سۆڭەككە تېگىپ بىسى قايرىـ لىپ كېتىپتۇ، گاللىشىپ ئۆتمەس بولۇپ قاپتۇ... باۋدىڭ تەمتىرەپ تەرگە چۆمۈلۈپ، ئىنتايىن قىيىن ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

**20 ـ ئۆكتەبر**

## ئاۋاز دوراش ماھارىتى بىلەن ئوۋ مىلتىقى

### شېن كېشۈەن

بىر ئوۋچى ئاۋاز دوراشقا ماھىر ئىكەن. ئۇ ياۋا توشقاننىڭ ئاۋازىنى دورىسا، ياۋا توشقان يۈگۈرۈپ كېلىدىكەن؛ قىرغاۋۇلـ نىڭ ئاۋازىنى دورىسا، قىرغاۋۇل كېلىدىكەن....

بىر كۈنى ئۇ بۇغىنى ئوۋلىماقچى بولۇپ، بۇغىنىڭ ئاۋازىنى دورىغانىكەن، كۈتۈلمىگەندە، بۇ يەردە بۇغا بار ئىكەن دەپ بۆرە كەپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئوۋچى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىنى دوراپتۇ، كۈتۈلمىگەندە، بۆرىنى يېگىسى كېلىپ كەتكەن يولۋاستىن بىرسى ئېتىلىپ كەپتۇ؛ ئۇ دەرھال يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىنى دوراپتۇ؛ كۈتۈلمىگەندە، يولۋاس ئەلپازىنى بۇزۇپ، ئاغزىنى كامار دەك يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەپتۇ. بۇ جىددىي پەيتتە، ئوۋچى ئوۋ مىلتىقىنى يولۋاسقا تەڭلەپ ئېتىپتۇ، لېكىن ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئاۋاز دوراش ماھارىتىنى ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مىلتىق ئېتىشنى مەشىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقنى يولۋاشقا تەگكۈزەلمەي، ئاخىر يولۋاسقا يەم بوپتۇ.

21- ئۆكتەبىر

## يۇلتۇز

### فەن جياڭ

سۈزۈك كېچىدە، يەردىكى كىشىلەر يۇلتۇزلارنى كۆرۈشكە ئامراق ئىكەن.

ئۇلار، چىملداپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاۋۇ يۇلتۇز نېمىدېگەن يوغان - ھە، تېپىلغۇسىز نۇرلۇق

مەرۋايىتقىلا ئوخشايدىكەن!

— ئاۋۇ كىچىك يۇلتۇزغا قاراڭلار، پارقىراق قوڭغۇزچىلىكمۇ يوق ئىكەن.

قانداقتۇر، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى ئاسمانىغا يېتىپتۇ. ھېلىقى "كىچىك" يۇلتۇز ناھايىتى خاپا بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمەلىيەتتە مەن سىلەر ئېيتقان ھېلىقى نۇرلۇق مەرۋايىتتىن نەچچە ھەسسە يوغان، كىشىلەر نېمىشقا مېنى ماختىماي، ئۇنى ماختايدۇ!؟.

ئۇ خاپىلىقىدا بىر ئەزىمەتكە ئايلىنىپ يەرگە چۈشۈپتۇ، ئۇ كىشىلەردىن سوراپ شۇنى بىلىپتۇكى، يەردىكى ئادەملەر يۇلتۇزلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەمەلىي يوغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىگە يىراق-يېقىنلىقىغا قارايدىكەن.

22 - ئۆكتەبىر

## ئېسىل ئۇرۇق

### چېن جۇن

ھەممە ئادەم يەرگە ئۇرۇق سېلىش بىلەن پايپېتەك بولۇپ كېتىپتۇ، يالغۇز سۇي دا بىخىرامان يۈرۈپتۇ. سۇي دا

كىشلەرگە:

— مەندە ئېسىل ئۇرۇق بار، تېرىساڭلا مۇ بېشىدىن نەچچە يۈزجىڭ ئاشلىق چىقىدۇ! — دەپ ئۇرۇقنى ماختاپتۇ.

يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، باشقىلارنىڭ تېرىغان ئۇرۇقلىرى بىخلىنىپتۇ. ئۇ تېخىچە كىشلەرگە:

— مەندە ئېسىل ئۇرۇق بار، گەپ يوق، مول ھوسۇل ئالالايمەن، — دەپ ماختىنىپ يۈرۈپتۇ.

ھايت-ھۇيت دېگۈچە كۈزمۇ كەپتۇ، باشقىلار ھە دەپ يىغىم ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ تېخىچە:

— مېنىڭ ئۇرۇقلىرىم باشقا جايلاردىن تېپىلمايدۇ... — دەپ ماختىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا، ئەپكەشتە ئاشلىق كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىرىگىت:

— سۈي دا، سېنىڭ ئۇرۇقۇڭ شۇنداق ئېسىل تۇرۇپ، نېمىشقا ئۈنمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۈي دا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— ئۇنى يەرگە تېرىمىغانىدىم، — دەپتۇ.

23 ـ ئۆكتەبر

## يېڭى تەيىنلەنگەن باش ۋالىي

**ليۇ بىن**

كەركىدان باش ۋالىي بوپتۇ.

ئۇ بۇلبۇلنى دېڭىزغا چىقىپ بېلىق تۇتۇشقا ئەۋەتىپتۇ؛ بۆكەننى تاغقا چىقىپ كان قېزىشقا ئەۋەتىپتۇ؛ يولۋاسنى يەر تېرىشقا ئەۋەتىپتۇ؛ سۇ كالىسىنى پوچتالىيون بولۇشقا ئەۋەتىپتۇ؛ كەسلەنچۈكنى ئومۇمخور ئەترىتىگە ناخشا ئېيتىشقا ئەۋەتىپتۇ....

بۇلبۇل، بۆكەن، يولۋاس، سۇ كالىسى، كەسلەنچۈكلەرنىڭ ھەممىسى:

ـــ ياق، بولمايدۇ، بىز قىلالمايمىز! بۇ ئىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، ـــ دېيىشىپتۇ.

كەركىدان خاپا بولۇپ:

ـــ كىمكى بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمايدىغان بولسا، شۇنى قاتتىق جازالايمەن! ـــ دەپتۇ.

ئاخىر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ.

بىراق، بۇلبۇل بېلىق تۇتىمەن دەپ دېڭىزدا غەرق بولۇپ

ئۆلۈپتۇ، بۆكەن كان قارىمەن دەپ تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ، يولۋاس تېرىغان ئېتىزدىن ھوسۇل چىقماپتۇ، سۇ كالىسى خەت-چەكلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەلمەپتۇ، كىسلەنچۈك ناخشا ئېيتىمەن دەپ كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قاپتۇ...

كەركىدان ئامالسىزلىقتىن ئاخىر ھەممىسىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپتۇ.

24 - ئۆكتەبىر

## ئۈچ دوست

### جىن جىڭ

كىچىككىدىن ئوبدان ئۆتكەن ئۈچ دوست بار ئىكەن. ئۇلار چوڭ بولۇپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ سىرتقا خىزمەتكە چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى زىمىستان قىشتا تۇرمۇشتىن قىينىلىپ، پاختىلىق چاپانغا جىددىي ئېھتىياجلىق بوپتۇ. ھېلىقى ئىككى ئاغىنىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرى دوستۇم توڭلاپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ كونا پاختىلىق چاپىنىنى تېز ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. يەنە بىرى بىر مۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ، خەتتە: "مېنىڭ بىرلا پاختىلىق چاپىنىم بار، ساڭا بېرىۋەتسەم ئۆزەم توڭلاپ قالغۇدەكمەن، كېيىنچە بىر ئامال قىلارمەن" دەپتۇ.

كېيىن پاختىلىق چاپانغا موھتاج بولغان دوستىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، توققۇزى تەل بوپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئىككى دوستىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا پاختىلىق چاپان ئەۋەتمىگەن دوستى بۇدا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئېسىل جۇۋىدىن بىرنى ئېلىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ھېلىقى پاختىلىق چاپانغا موھتاج بولغان دوستى:

— ھەممىتىڭگە رەھمەت، بىراق، ھازىر ھەممە نەرسەم تەل. ئەينى ۋاقىتتا، پاختىلىق چاپان مەن ئۈچۈن تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى، — دەپتۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ھېلىقى كونا پاختىلىق چاپانىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇ دوستىغا كۆرسىتىپتۇ.

25 ـ ئۆكتەبىر

# ئۆزەك قۇرتى

## ما رۇيلىن

قېرى دەرەخنىڭ يېنىدا بىر تۈپ كۆچەت بار ئىكەن، ئۆزەك قۇرتى كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلىپ، ئەمەلىيەتتە يامان غەرەز بىلەن:

— قېرى دەرەخ، سەن بۇ كۆچەتنىڭ چوڭىغاندىن كېيىن،

ساڭا چۈشىدىغان كۈن نۈرىنى توسۇۋېلىشىدىن ئەنسىرىمە-
سەن؟ — دەپتۇ.
— بۇنىڭ ئەندىشە قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ — دەپتۇ قىرى
دەرەخ، — سېنىڭ ئۇنىڭغا زىيان سېلىپ، ئەۋلادىمىنى قۇرۇتە-
ۋېتىشىڭدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

26 - ئۆكتەبىر

# لەش

## چۈ جىنلىيەن

لەش ئۆزىچە ئەركىن - ئازادىچىلىك ھېس قىلىپ يىلتىز
تارتماي، سۇدا لەيلەپ يۈرۈپتۇ. كۆلچەك بويىدىكى سۆگەت
ئۇنىڭغا:
— لەش بۇرادەر، سەن بۇنداق لەيلەپ يۈرسەڭ قانداقمۇ
ئۇزاق ياشىيالايسەن، تېزرەك قىرغاققا چىقىپ يىلتىز تارتىۋال-
ساڭچۇ! — دەپتۇ.
— ياق، چىقمايمەن، — دەپتۇ لەش بېشىنى چايقاپ.
كۆلچەكتىكى نىلۇپەر يىلتىزى ئۇنىڭغا:
— لەش بۇرادەر، بۇنداق لەيلەپ يۈرۈۋەرسەڭ بەك خەتەر-
لىك، ئالدام سۇ ئاستىغا چۆشۈپ يىلتىز تارتىۋالغىن! — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

— ياق چۈشەيمەن، — دەپتۇ لەش قولىنى پۇلاڭلىتىپ.

ئۇزاق ئۆتمەي قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، يامغۇردا لەش ئاللىقاياقلارغىدۇ ئېقىپ كېتىپتۇ. سۆگەت بىلەن نىلۇپەر يوپۇرماقلىرى قاتتىق يامغۇردا يۇيۇنۇپ ياپيېشىل، باراقسان بولۇپ كېتىپتۇ.

27 ـ ئۆكتەبىر

# بىر پارچە رۇدا

## چۇ جېنلىيەن

بىر پارچە رۇدا مەشكە تاشلىنىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا تاۋلىنىپ، چىدىغۇسىز قىينىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— رەھىم قىلىڭلار، مېنى قويۇپ بېرىڭلار، بۇ ئىسسىقتا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— چىداپ تۇرغىن، شىددەتلىك ئوتتا تاۋلانمىساڭ قانداقمۇ ساپ پولاتقا ئايلىنالايسەن؟ — دەپتۇ مەش نەسىھەت قىلىپ.

رۇدا چىشىنى چىشلەپ چىداپ تۇرۇپتۇ، ئاخىر يارامىلىق پولات ماتېرىيالى بولۇپ تاۋلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ تەسىرلەنگەن ھالدا:

— مېنى يارامىلىق پولات قىلىپ تاۋلاپ چىققىنىڭغا رەھمەت،

www.uyghurkitap.com

مەن ۋەتەننىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق جايىغا بىرىپ تۆھپە قوشىمەن، — دەپتۇ.

28 ـ ئۆكتەبىر

# پادىشاھنىڭ شاھمات ئويناش ماھارىتى

## شۈي داچىڭ

مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى شاھماتقا ئۇستا بولمىسىمۇ، ئادەتتە قول ئاستىدىكى ۋەزىرلەر بىلەن شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ھەر قېتىم پادىشاھ ئۇتۇۋالىدىكەن، ۋەزىر ئۇتتۇرىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، پادىشاھ ئۆزىنى شاھمات ئويناش ماھارىتى ناھايىتى ئۇستۇن، شاھمات مۇنبىرىدىكى يېڭىلمەس ماھىر دەپ ھېسابلايدىغان بوپتۇ.

بىركۈنى، قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھى دوستانە زىيارەتكە كەلگەندە، ئىككى دۆلەتنىڭ پادىشاھى دوستانە شاھمات مۇسابىقىسىگە چۈشۈپتۇ، قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھى ھەر قېتىم ئۇتۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— پاھ، مېنىڭ شاھمات ئويناش ماھارىتىم ئېلىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى، سىلى ئۇدا بىرنەچچە قېتىم ئۇتۇۋالدىلا، سىلىنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق دېسە بولغۇدەك! —

دەپتۇ.

— يۇقسۇ! — دەپتۇ قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھى كەمتەرلىك بىلەن، — مېنىڭ شاھمات ئوينىناش ماھارىتىمنى تېخى ياخشى دېگىلى بولمايدۇ، مەن قول ئاستىمدىكى ۋەزىرلەردىن ئۆگەنگەن، ئۇلار بولسا جانابلىرىنىڭ دۆلىتىدىكى ۋەزىرلەردىن ئۆگەنگەن.

— ھىم! — پادىشاھ قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىرلەر بىلەن شاھمات ئوينىغاندا زادىلا ئۇتتۇرمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ.

29 ـ ئۆكتەبىر

## قىزىل پەرىزات

### فاڭ چۈڭجى

بىر قىزچاق باغچىدا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ ئاپئاق كۆڭلىكىگە تاقىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قارىغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىپتۇ.

— ھەي، قىزچاق! بۇ گۈللەر سەيلە ـ ساياھەتچىلەر تاماشا قىلسۇن دەپ ئۆستۈرۈلگەن، ئۈزسىڭىز بولمايدۇ! — تۇيۇقسىز بىرەيلەننىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

قىزچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئۇنىڭ ئالدىدا چاچلىرى ئاقارغان، قوللىرى لايغا مىلەنگەن، پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلگەن بىر ياشانغان باغۋەن تۇرۇپتۇ.

قىزچاق پەرۋا قىلماي، كۆزىنى ئالايتىپ، ئاغزىنى دومسايتقان هالدا:

— هىم، ئۆزەڭنى تۈزەشتۈرۈشنىغۇ بىلمەيدىكەنسەن، باشقىلارنىڭ چىرايلىق يۇرۇشىگىمۇ يول قويمامسەن؟ — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاكاللىشىپ قاپتۇ.

قاچاندۇ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، قىزىلگۈلدىن چىرايلىق بىر قىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قىز:

— سىڭلىم، سەن خاتالاشتىڭ! بوۋاي نېمىنىڭ گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى سەندىن ياخشى بىلىدۇ! — دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ.

— قانداق دەيسەن؟ — قىزچاق ئاغزىنى دومسايتىپ سوراپتۇ قايىل بولماي.

— سەن ئۆزەڭنىلا ياسايسەن، بوۋاي بولسا پۈتكۈل زېمىننى بېزەيدۇ! — دەپتۇ قىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— سەن كىم؟ — دەپتۇ قىزچاق ئۇنى يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋاتىدۇ دەپ خاپا بولۇپ.

— مەنمۇ؟... — قىز جاۋاب بەرمەستىن كۈلۈپلا قويۇپ قىزىلگۈل ئارىسىدا غايىب بوپتۇ.

ئەسلى ئۇ قىزىلگۈل پەرىزات ئىكەن.

# ھايات ھەقىقىدىكى ھەقىقەت

## فاك چۇڭجى

ئەتىيازدا كىمكى يەرگە بىر تال ئۇرۇقنى تىرىسا، كۈز كەلگەندە، ئۇ بۇنىڭدىن بىر ھەقىقەتكە ئىگە بولالايدىكەن، ئىشەنمىسىڭىز، بۇنىڭغا قاراڭ:

ـــ ئۇرۇق تۇپراقتا بىخلاپ، ھاياتنى يۇمران بىخىغا تەقدىم قىپتۇ؛

ـــ يۇمران بىخ يامغۇر ۋە شەبنەمدە ئۆسۈپ، ھاياتنى شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىغا تاپشۇرۇپتۇ؛

ـــ شاخ - يوپۇرماق بۈك - باراقسان باغجاللاپ، ھاياتنى گۈلگە بېغىشلاپتۇ؛

ـــ گۈل جۇدۇن - چاپقۇندا توزۇپ ،ھاياتنى مېۋىسىگە تاپشۇرۇپتۇ؛

ـــ مېۋە پىشقاندا، ھاياتنى ئىنسانغا تەقدىم قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ۋاقىت بوۋاي ئېغىز ئېچىپ سۆزلىمىسىمۇ، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپتۇ:

”ھاياتنىڭ قىممىتى ـــ تۆھپە يارىتىشتا، ھاياتنىڭ مەڭگۈ

داۋام قىلىشى ئۇنىڭ شەخسىيەتسىزلىكىدىدۇر!"

31 ـ ئۆكتەبىر

# ئالدانغان تاغ

## شوي داچېك

شامال دائىم تاغقا: سەن ئېمىدېگەن ھەيۋەتلىك ـ ھە! كۆرۈڭا ما دەرەخلەرنى ھالسىغا باقماي ئۇستۇڭگە چىقىۋالغىنىنى، ــ دەيدىكەن خۇشامەت قىلىپ.

يامغۇرمۇ ئۇنىڭغا دوست تارتىشىپ:

ــ شۇنى دېمەمدىسىغان، دەرەخ سېنىڭ شان ـ شۆھرىتىڭگە شېرىك بولۇۋاپتۇ، بۇ قانداق دېگەن گەپ! ــ دەيدىكەن.

تاغ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەرەخقە ئۆچلۈكى كېلىپ، ئۆزىنىڭ قاتتىق گەۋدىسى بىلەن دەرەخلەرنى چەتكە قېقىشقا باشلاپتۇ.

تاغدا بىر تالمۇ دەرەخ قالماپتۇ، بۇ چاغدا جۇدۇن ـ چاپقۇن تاغنىڭ تاش ـ توپىلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يالاپ، ئېقىتىپ كېتىپتۇ، بىر قانچە يىلغا قالماي، تاغ قاغجىراپ سەتلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا تاغ ھەممىنى چۈشىنىپتۇ، ئۇ پۇشايمان قىلغان ھالدا: "ئەسلى دەرەخ بىلەن مەن بىر ـ

بىر سىزدىن ئايرىلالمايدىكەنمىز" دەپتۇ.

1 ـ نويابىر

# پاشا ۋە ھەسەل ھەرىسى

## ما رۇڭجىن

كەچقۇرۇن، بىر پاشا ھويلىغا قېچىپ چىقىپ، ھەسەل يىغىپ قايتىپ كەلگەن ھەسەل ھەرىسىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال ھەسەل ھەرىسىگە:

ــ ھەي، ئىنسانلار ماڭا نېمانداق ئادىلسىزلىق قىلىدىغاندۇ، ھەر ئىككىمىز كۆن بويى ئۇ يان ئۇچۇپ، بۇ يان ئۇچۇپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرىمىز، ئۇلار ساڭا ۋاي دەپ، ئۆۋي سېلىپ بېرىپ، شېكەر يېگۈزۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمما بىزگىچۇ، بىزنى كۆرگەن يەردە قوغلاپ شاپىلاقداپ، جېنىمىزنى ئالمىغىچە قويمايدۇ، ــ دەپ شىكايەت قىلىپ بېرىپتۇ.

ھەسەل ھەرىسى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ سەن نېمىشقا كىشىلەرنىڭ ئىككىمىزگە تۇتقان مۇئامىلىسى ئۈستىدىلا گەپ ساتىسەن، ئىككىمىزنىڭ كىشىلەرگە نېمىلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈستىدە گەپ قىلمايسەن؟ ــ دەپ قايتۇرۇپ

سوراپتۇ.

پاشا بۇنى ئاڭلاپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي، ئاستا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

2-نويابىر

## ئېشەك ۋە ئوقۇغۇچى

### شۈي رۇنچۇەن

بىر مۇنچە كىتابنى يۈدۈپ كېتىۋاتقان بىر ئېشەك ئۆزىنى ناھايىتى بىلىملىك دەپ ھېسابلاپتۇ.

توساتتىن، ئۇ سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— قارىغىنە، قايسىمىزنىڭ كىتابى جىقكەن! — دەپتۇ.

— مېنىڭ سومكا كۆتۈرۈپ مېڭىشىم بىلىم ئېلىش ئۈچۈندۇر، سېنىڭ بىر مۇنچە كىتابنى يۈدۈپ مېڭىشىڭچۇ؟! — دەپتۇ ئوقۇغۇچى.



www.uyghurkitap.com

# قۇياش ۋە يەرشارى

## جاۋ جيالىن

قۇياش دائىم يەر شارىغا: "بالام، مېنى دەۋر قىلىپ ئايلان-ﻐﺎﻧﺪﺍ، ئارىمىزدا 149 مىليون 600 مىڭ كىلومېتىر ئارىلىق قال-سۇن، ھەرگىز بۇنىڭدىن يېقىنلاشمىغىن!" دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىكەن.

لېكىن، بىركۈنى يەر شارى زېرىكىپ، "قائىدە"نى ئۆزگەر-تىپ، قۇياشقا بىرئاز يېقىنلىشىپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەمدى ھەرىكەت قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، دادىسى قۇياش سېزىپ قىلىپ:

— سەن چاتاقنىڭ چوڭىنى تېرىپ، پۈتۈن مەۋجۇداتلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتمەكچىمۇ! — دەپ قاتتىق توۋلاپتۇ.

يەر شارى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەر شارى يەنە زېرىكىپ، قۇياشتىن بىرئاز يىراقلاپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەمدى ھەرىكەت قىلاي دەپ تۇرۇشىغا دادىسى قۇياش يەنە سېزىپ قېلىپ:

— سەن يەنە چاتاق چىقارماقچىمۇ، بۇنداق قىلساڭ، يەر

يۈزىدىكى جانلىقنىڭ ھەممىسى تۈگىلاپ تۈگەشتى، — دەپ قاتتىق تولۇلاپتۇ.

يەر شارى بۇنى ئاڭلاپ يەنە چۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئىككى قېتىملىق ساۋاق ئارقىلىق، يەر شارى ئاخىر: "ئالەم كەڭ بولغىنى بىلەن، چەكسىز ئەركىنلىك ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن" دېگەن قائىدىنى چۈشىنىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلمايدىغان بوپتۇ.

4 - نويابىر

## چاشقان پادىشاھنىڭ نۇتۇق سۆزلىشى

### ۋېي ۋېي

بىرنەچچە يۈز چاشقان يىغىلىپ يىغىن ئېچىپتۇ. چاشقان پادىشاھى مۇنبەردە ھاياجانلانغان ھالدا نۇتۇق سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— يۈقىرىم، ھازىر ئىنسانلار بەك ئەسكىرەپ كەتتى، ئۇلار مۈشۈك بېقىپ بىزنى تۇتتۇۋاتىدۇ؛ قاپقان، تاختا مۈشۈك ۋە ئىلمەكلەرنى قۇرۇپ جېنىمىزغا زامىن بولۇۋاتىدۇ؛ يەنە تېخى دورا بىلەن بىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇنى ئاز دەپ، ھازىر يەنە ماشىنا دەمدۇ بىر خىل نەرسىنى ياساپ، بىزنى

چىدىغۇسىز شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن قوغلاۋاتىدۇ، بىزگە ھاياتلىق يولى بەرمەيدىغان بولدى. ئېيتىڭلارچۇ، ئىنسانلار ئەسكىرەپ كېتىپتىمۇ؟

— ئەسكىرەپ كېتىپتۇ! — مۇنبەر ئاستىدىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، تۆرەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان بىر بالا چاشقان:

— پادىشاھى ئالەم، ئىنسانلار نېمىشقا بىزنى ئۇنچە يامان كۆرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

چاشقان پادىشاھى بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ:

— چۈنكى ...بىز...، ھۆي شۇمتەك، سەن نېمىنى بىلىسەن؟ — دەپتۇ.

بالا چاشقان بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالماي تىلىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ.

ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن-دە.

**5- نويابىر**

## دەرس ئاڭلاشنىڭ ئېپى

### مىلىك جىرۇك

ئاچى ئادەتتىكى بالا، ئەمما ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى

كىچىك ھەمراھلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ھەمراھلىرى ھەيران بولۇپ:

— سەنمۇ بىزگە ئوخشاش دەرس ئاڭلايسەن، نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش نەتىجەڭ بىزنىڭكىدىن ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاجى تارتىنغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا سىر يوق. چۈنكى دەرس ئاڭلاش ئاڭلاشنى بىلىش ۋە ئاڭلاشنى بىلمەسلىك جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئاڭلاشنى بىلىش دېگەن نېمە؟ ئاڭلاشنى بىلمەسلىك دېگەن نېمە؟

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، — دەپتۇ ئاجى، — ئاڭلاشنى بىلىدىغانلار "ستېرېئولۇق" ئاڭلايدۇ، ئاڭلاشنى بىلمەيدىغانلار "تۈز سىزىق" بويىچىلا ئاڭلايدۇ.

ھەمراھلىرى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

— بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ ئاجى سەممىي ھالدا، — "تۈز سىزىق" بويىچە ئاڭلاش دېگەنلىك دەرس ئاڭلىغاندا قۇلاقنىلا ئىشقا سېلىش دېگەنلىك بولىدۇ؛ "ستېرېئولۇق" ئاڭلاش دېگەنلىك بىرلا ۋاقىتتا قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاش، دوسكىغا تىكىلىپ قاراش، مېڭىنى ئىشلىتىش، رۆرۈر تېپىلغاندا، ئاغىزدا يېنىك ئوقۇش دېگەنلىكتۇر، مۇشۇنداق قىلغاندا، دەرسخانىدا ھەممە ئەزانىڭ رولىنى جارى



www.uyghurkitap.com

قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ "ستېرېئولوق" ئاڭلاش ئەمەسمۇ؟!

6 ـ نويابىر

## سەۋزە ۋە ئالما

### سۇلۇ سۇلۇ

شامال موماي ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرماي، گەپنى ئۇزۇپ ئېيتىۋېتىشقا تولىمۇ خۇشتار ئىكەن.

مەسىلەن، ئۇ بىركۈنى دۇنيادىكى ئۆسۈملۈكلەرگە:

— ۋاي، باللىرىم! سىلەر باشقا خىيالدا بولماڭلار، ئەگەر قىزىل رەڭگە كىرمەن، توق ھەم تاتلىق بولۇپ يېتىلمەن دەيدىكەنسىلەر، يۇزۇڭلارنى قۇياش بوۋايغا قارىتىپ تۇرساڭلارلا بولىدى... ئىشەنمىسەڭلەر، ئالمىغا، چىلانغا، غۇژمەك ـ غۇژمەك تاش ئالمىلارغا قاراپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ ئاپتاپقا يۈزلەنگەن تەرىپى قىپقىزىل، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ دېگىنى راست.

ئەمما، دۇنيادىكى شەيئىلەر ناھايىتى مۇرەككەپ، مۇرەككەپلىكتىن، بەزىدە ئادەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئەكسىچە بولغان نەرسىلەرمۇ ئۇچرايدۇ!

ئىشەنمىسەڭلار سەۋزىنىڭ تەسراتىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.

— شامال موما! مەن قۇياش بوۋامدىن ئايرىلالـ مايمەن، ئەمما...، — دەپتۇ سەۋزە، — تۇپراق ئۈستىدە ئۆسۋاتـ قان كۆكۈم كۈن بويى ئاپتاپ كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ رەڭگى كۆك، مەن تۇپراق ئاستىدا ئۆسكىنىم بىلەن، چۈرۈك ھەم تاتلىق، ئاپتاپ كۆرمىسەممۇ، رەڭگىم قىزىلغۇ!

— مانا، مانا، سەن تازا كاللاڭ ئىشلەيدىغان بالا ئىكەنـ سەن! مەن يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى بولغان ئېسىل بالا مانا مۇشۇ...، — دەپتۇ قۇياش بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ.

7- نويابىر

# سۇرەتقاش ۋە ئېشەك

## جاڭ تيەنيى

بىر سۇرەتقاش دەرەختە قىنى-قىنىغا پاتماي سايراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ نېرى تەرىپىدىكى ئېشەكلەر ئۇنىڭ ناخشا سادالىرىغا زەڭ سالماي، خۇش ياقمىغان قىياپەتتە تۇرۇشۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، سۇرەتقاش ناخشا ئېيتماي، مەخسۇس ئېشەكنىڭ ھاكىرىشىنى دوراش قارارىغا كەپتۇ.

بىر قانچە ئايدىن كېيىن، سۇرەتقاش ئېشەكنىڭ ھاكىرىشىنى ئوخشىتىپ دورايدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئېشەك قوتىـ

ىندا ھاڭ اشتىن ئويۇن كۆرسىتىپ، ئېشەكلەرنىڭ تازا ماختىشىغا ئېرىشىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئېشەكلەر دەرھال يىغىن ئېچىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە پۇل مۇكاپات بېرىپتۇ.

شۇندىن بېرى، سۈرەتقاش مەرتىۋەم ئەجەب تېز ئۆستى دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، باشقا سۈرەتقاشلارنىڭ ئورمانلىقتا ئومۇمخور ئېيىقانلىقىنى ئاڭلىسا، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي:

— ئالىجوقا توۋلىشىپ كەتكىنىنى، شۇمۇ ناخشا بولدىمۇ، سەھنىگە چىقالىسا كاشكى، — دەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

8 - نويابىر

## خاسىڭ ۋە ئەنجۈر

### پىلڭ ۋەنجۇ

خاسىڭ چېچەكى ئۆزىنىڭ كىچىك نەيچىسىنى چىقىرىپ، مېۋىسىنى ئاستا تۇپىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

ئەنجۈر بۇنى كۆرۈپ:

— نېمىشقا مېۋەڭنى تۇپىغا كۆمۈپ قويىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ مېۋىلىرىمگە مۇئەييەن بېسىم، نەملىك ۋە قاراڭغۇلۇق بولمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئازراق نەتىجىگە ئېرىشىپلا، ئۇنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختىنىش ھاجەتسىز - دە، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى

دەپتۇ خاسىلاك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قالتىس ئالىيجاناب ئىكەنسەنغۇ سەن! شۇڭا مېغىزلىكنى كىشىلەر ياخشى كۆرىدىكەن - دە، — دەپتۇ ئەنجۈر ماختاپ.

— ئەمما سەن چىپچەكلىمەي تۇرۇپمۇ مېۋە بېرىسەن، بۇ تېخىمۇ ئالىيجانابلىق ئەمەسمۇ! — دەپتۇ خاسىلاك ئىزا تارتقان هالدا.

— ياق، چېچەكلەپ بولدۇم، چېچىكىم بەك كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوپۇرماق قولتۇقچىسىدا ئېچىلىمەن، شۇڭا باشقىلار دىققەت قىلمايدۇ.

ئوهوي، نېمىشقا ئۇنداق يوشۇرۇن ئېچىلىسەن؟ — دەپتۇ خاسىلاك هەيران بولۇپ.

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش باشقىلار ئالدىدا ئۆزەمنى ماختاشنى خالىمايمەن. ئەمەلىيەتتە، كۆركەم هەم خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ مېۋە بېرىشى ناتايىن! — دەپتۇ ئەنجۈر.

# خاسىيەتلىك قوڭغۇراق

## سۇن چى

بۇرۇن بىر راۋاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر قەدىمىي قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلغانىكەن. ئۇنى باشقىلار چالمىسىمۇ، ھەر كۈنى سەھەردە، چۈشتە، كەچ كىرگەندە ئۆزلۈكىدىن جاراڭلىق ئاۋاز چىقىرىپ چېلىنىدىكەن، ئۇ بەك ۋاقتى ـ قارايى بويىچە چېلىنىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر شۇنىڭ ئاۋازىغا قاراپ مەشغۇلات قىلىدىكەن.

بىركۈنى قوڭغۇراق راۋىقىغا بىرنەچچە سېغىزخان كېلىپ، قوڭغۇراققا:

ـــ كىشىلەر سېنىڭ ئاۋازىڭغا بېقىپ مەشغۇلات قىلغاندىكىن، سەن نېمانچە ۋاقىتقا باغلىنىپ قالىسەن؟ ـــ دەپتۇ.

خاسىيەتلىك قوڭغۇراق سېغىزخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، راستىلا يېرىم كېچىدە چېلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، كىشىلەرمۇ بەس ـ بەستە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى سېغىزخان يەنە كېلىپ:

ـــ قانداق، كىشىلەر سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ كېتىشتىمۇ؟ سەن قالتىس جۇمۇ! — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خاسىيەتلىك قوڭغۇراق كېچە-كۈندۈز خالىغانچە چېلىنىۋېرىدىغان بوپتۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە قوماندانلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئاۋازىنى بارغانسېرى كۈچلۈك چىقىرىدىغان بوپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كىشىلەر ئۇنىڭ يېقىمسىز ئاۋازىدىن بىزار بولۇپ، ئاخىر ئۇنى ئېرىتىپ يېڭى بىر قوڭغۇراق قىلىپ ياساپتۇ.

يېڭى قوڭغۇراقنى ئادەم چېلىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ئۇ دەل ۋاقتىدا يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدىكەن.

10-نويابىر

## ئۆچكىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى

### چوي گۇاڭخۇي

ھەر بىلى ئىنتايىن ماھارەتلىك ھايۋان ئارتىستلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن شۆھرەت قازانغان داڭلىق بىر سېرك ئۆمىكى بار ئىكەن. بىر ئوغلاق ئەلا نەتىجە بىلەن بۇ ئۆمەككە قوبۇل قىلىنىپتۇ، باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىدىغان بوپتۇ.

ئوغلاق ئۆزىنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان

سېرك ئۆمىكىگە كىردىم، شۇڭا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ھايۋان ئارتىست بولۇپ چىقىشىمدا گەپ يوق دەپ قارايدىغان بوپتۇ. كىچىك ئېيىق ۋېلىسىپىت مىنىشنى مەشىق قىلىۋاتقاندا، ئۇ بىر ياقتا مۆگدەپ ئولتۇرىدىكەن؛ ئالا كۈچۈك تەرلەپ-پىشىپ ئوت چەمبىرەكتىن ئۆتۈشنى مەشىق قىلىۋاتقاندا، ئۇ ساقىلىنى سىلاپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىكەن. ھايۋان تەربىيىلىگۈچى ئۇستام كېلىپ ئۇنى سىمدا مېڭىشنى مەشىق قىل دېسە، ئۇ بىردەم بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ دېسە، بىردەم پۇتۇم ئاغرىۋاتىدۇ دەپ مەشىق قىلمايدىكەن.

بىر يىل ئۆتۈپتۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا، ئۇنىڭدىن سىمدا مېڭىشتىن ئىمتىھان ئېلىنىپتۇ، ئۇ سىمدا مېڭىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا سىمغىمۇ چىقالماپتۇ.

11-نويابىر

## ئۆمۈچۈكنىڭ تور باغلىشىنى ئۆگەنمەكچى بولغان پىلە

### شۈي رۇنچۈەن

تاغقا چىقماقچى بولغان بىر پىلە ئۆمۈچۈكنىڭ تامنىڭ بۇرجىكىدە تور باغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىزىققان ھالدا:

— دوستۇم، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش تور باغلاشنى بىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسام، توردا راهەت ياشىغان بولاتتىم ـ هە! ـــ دەپتۇ.
ـــ ئۇنداق بولسا بۇ ياققا كەل، تور باغلاشنى ئۆگىتىپ قوياي، ـــ دەپتۇ ئۆمۈچۈك.
باشقا پىلە قۇرتلىرى بۇنى كۆرۈپ:
ـــ هەي ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەخمەقلىق قىلما، ـــ دېيىشىپتۇ.
ـــ سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مەن ئۇنىڭ ئىلغار تەجرىبىسىنى ئۆگىنىۋاتىمەن! ـــ دەپتۇ ھېلىقى پىلە.
ئۇ غوزا باغلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى قورچاققا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆزىنى قويغۇدەك يەرمۇ تاپالماي قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ: "هەي! ئۆزەمنى چاغلاپ باقماي، باشقىلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىمەن دەپ يۈرۈپتىمەن" دەپ پۇشايمان قىپتۇ.

12 ـ نويابىر

## جۈت قۇشنىڭ ئۇۋا ياسىشى

### شۇي داچېڭ

بۇرۇن بىر جۈت قۇش بار ئىكەن، ئۇ هۇرۇنلۇق قىلىپ، ئۆزىگە ئۇۋىمۇ ياسىمىغانىكەن. قىش كەپتۇ، ئۇ سوغۇقنىڭ دەردىنى تازا تارتىپتۇ.

ئىككىنچى يىلى، ئۇ دەرەخقە ئۇۋا ياسىماقچى بوپتۇ. ئۇ كۈن بويى توختىماي لايىنى ۋە ئوت-چۆپلەرنى توشۇپتۇ. خوراز ئۇنى كۆرۈپ:

— بۇرادەر، تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، دەرەختىمۇ ئۇۋا ياسىغان بارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ۋاي راست، دەرەختە ئۇۋا ياساش راست خەتەرلىك ئىدى، ھېلىمۇ ئەقلىمگە سېلىپ قويىدۇڭ، — دەپتۇ جۇت قۇش ۋە قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە ئوتلۇقتا ئۇۋا ياسىماقچى بوپتۇ، ئۇ كۈن بويى توختىماي لاي ۋە ئوت-چۆپلەرنى توشۇپتۇ. سېغىزخان ئۇنى كۆرۈپ:

— بۇرادەر، تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، ئوتلۇقتىمۇ ئۇۋا ياسىغان بارمۇ! — دەپتۇ.

ۋاي راست، رەھمەت ساڭا، ئوتلۇقتا ئۇۋا ياسىسام، راست نەم تارتىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ جۇت قۇش ۋە قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دېڭىز بويىدىكى قورام تاش ئارىسىغا ئۇۋا ياسىماقچى بوپتۇ. ئۇ كۈن بويى توختىماي، لاي ۋە ئوت-چۆپلەرنى توشۇپتۇ. پاقا ئۇنى كۆرۈپ:

— بۇرادەر، تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، دېڭىز بويىغىمۇ ئۇۋا ياسىغان بارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ۋاي راست، ئەجەب جايىدا گەپ قىلدىڭ، تاشقىن

كەلسە، ئۇۋامنى ئېقىتىپ كەتمەمدۇ، — دەپتۇ جۇت قۇش ۋە قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شۇ سەۋەبتىن، جۇت قۇش ھازىرغىچە بىرەر ئۇۋىمۇ ياساۋالالماپتۇ، ھەر يىلى قىش كەلگەندە، توڭلاپ قالغىلى تاسلا قالىدىكەن.

13 - نويابىر

# كالا

## شيې پۇدىڭ

كالا بىلەن چوشقا قوشنا ئىكەن.

بىر كۈنى چوشقا ئۇستىبېشى لايغا مىلىنىپ كەتكەن كالىنىڭ سىرتتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— كالا ئاكا، ھەر كۈنى سىرتتا نېمىگە ئالدىراپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چوشقا ئۇكا، ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەۋسۇمى بولۇپ قالدى، خوجايىنىمنىڭ سوقىسىنى سۆرەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتىمەن! مۇشۇنداق چاغدا ئوبدان ئىشلەپ بەرمىسەم، قاچان ئەسقاتىمەن، — دەپتۇ كالا سەمىمىي ھالدا.

— يىقىندىن بېرى، ئادەملەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا

باشلىدى، — دەپتۇ چوشقا كېلەڭسىز قۇلاقلىرىنى پۇلاڭشىتىپ قويۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن، ئادەملەر يەرنى ماشىنا بىلەن ھەيدىسە، سېنى كېرەك قىلمايدىغان بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— دۇرۇس، تېرىقچىلىق دېگەن قان - تەر سىڭدۇرمەي بولمايدىغان ئىش! تەييارغا ھەييار بولۇشقا بولمايدۇ، مول ھوسۇل بىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىمىز بەدىلىگە كېلىدۇ، - دە، — دەپتۇ كالا ئوت يېگەچ.

— ۋايجان، سېنىڭ ئىشىڭ بەك جاپالىق ئىكەن! مەن دېگەن ھەر كۈنى خوجايىنىم ئەكىلىپ بەرگەن ھەلەپنى يەپ، يېتىپ ئۇخلاپ دەم ئالىمەن، بۇ نېمىدېگەن راھەت، — دەپتۇ چوشقا كۆرەڭلەپ.

— كۈن بويى ھېچ ئىش قىلماي، يەپ - ئىچىپ بىخىرامان يۈرۈشنى نومۇس بىلمەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كالا.

چوشقا دۇدۇقلاپ بىرنەرسە دېيەلمەي، خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كالا جاپادىن قورقماي، يەنە ئېتىزغا بېرىپ، ئېغىر - ئېغىر قەدەم تاشلاپ يەر ئاغدۇرۇشقا كىرىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

14 ـ نويابىر

## ھەسەتخور

### جۇ جېنلىيەن

گۈلزارلىقتا پورەكلەپ ئېچىلغان مودەنگۈل، قىزىلگۈل ۋە كاككۈك گۈللەر ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. بىر بۇلۇڭدا ئۆسۈۋاتقان پاقا يوپۇرمىقىغا باشقا گۈللەر نەزىرىنى سېلىپمۇ قويمايدىكەن.

ئەمما پاقا يوپۇرماق غېرىبسىنىپمۇ قالماپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەمراھى ئەترگۈل ئۇنىڭغا:

"مەن ساڭا ئوخشاش ياخشى دوستۇم بولغىنى ئۈچۈن ھەقىقەتەن خۇشالمەن" دەپ كۆڭلىنى ياساپ قويىدىكەن.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھۆسنى ئادەمنى ئانچە جەلپ قىلالمايدىغان پاقا يوپۇرمىقىنى كىشىلەر ئەڭ ئېسىل دورا ئۆسۈملۈكى دەپ باھالاپتۇ. ئەمدىلىكتە گۈلزارلىقتىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسى پاقا يوپۇرمىقىغا ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بوپتۇ. ھەتتا كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارمۇ رەتلىك سەپ تارتىپ ئۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتىپ ئېھترام بىلدۈرىدىغان بوپتۇ.

ئەمما ئەترگۈل ئۆزىنى پاقا يوپۇرمىقىدىن قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن: "ھىم، ئۇ قانچىلىك نىمىتى، ئۇ سامان غولىلۇق ئۆسۈملۈك، يا گۈل ئېچىلمايدۇ، مېنىڭچە ئۇ ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوت" دەيدىغان بوپتۇ.

15 ـ نويابىر

# چۈمۈلە ۋە پېچىنە

## خۇا لۇ

تۆت چۈمۈلە سىرتقا ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ بىر پارچە پېچىنىنى تېپىۋاپتۇ. يامغۇر ياغاي دەپ قالغان بولغاچقا، ئۇلار پېچىنىنى يامغۇر چۈشمەيدىغان يەرگە ئاپارماقچى بوپتۇ.

— شەرق تەرەپكە ئاپىرايلى، — دەپتۇ بىر چۈمۈلە.

— غەرب تەرەپكە ئاپىرايلى، — دەپتۇ يەنە بىر چۈمۈلە.

— جەنۇب تەرەپكە ئاپىرايلى، — دەپتۇ ئۈچىنچى چۈمۈلە.

— شىمال تەرەپكە ئاپىرايلى، — دەپتۇ تۆتىنچى چۈمۈلە.

تۆت چۈمۈلە پېچىنىنى تۆت تەرىپىدىن چىشلەپ سۆرەپتۇ، ئەمما پېچىنە ئىزىدىن زادىلا قوزغالماپتۇ.

ئاخىر چۈمۈلىلەر چارچاپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى:

— ئۇنداق قىلماي، ھەممىمىز شەرق تەرەپكە سۇرۇلەيلىچۇ، — دەپ تەكلىپ بىرىپتۇ.

قالغان چۇمۇلىلەر ماقۇل بولۇپ، تۆتىلىسى بىر ياققا كۆچەپ، پىچىننى شەرق تەرەپكە ئاپىرىپتۇ.

بىرەر ئىشنى قىلىشتا ھەمنەپەس بولۇش كىرەك، كۈچنى تارقاقلاشتۇرۇۋېتىش ئەڭ خەتەرلىك.

16 ـ نويابىر

## قۇلۇلە

### جاڭ لىگو

قۇلۇلە ئەسلىدە ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئىكەن، ئىگىزگە چىقىش، يىراققا سەكرەش دېگەنلەرگە قالتىس ماھىر ئىكەن.

كېيىن، ئۇ ئۆزىگە بىر ئىغىز ئۆي ساپتۇ، ئۆيىنىڭ ئىچى - سىرتىنى شۇنداق چىرايلىق جايلاشتۇرۇۋاپتۇ. ئىمارەت لايىھە- لەش مۇسابىقىسىدە ئۇ تېخى ئالتۇن مېدالغىمۇ ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭ- دىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ راھەت ئۆيىدە ياشاپتۇ. بىركۈنى، ئۇ قاتتىق بوران سۇرەتقاشىنىڭ ئۇۋىسىنى دەرەختىن ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، مېنىڭ ئۆيۈمنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ، دەرھال ئۆيىگە يوگۇرۇپ كىرىپ،

ئۆيىنى دۇمبىسىگە يۇدۇۋاپتۇ، ئۆيىنى زادىلا دۇمبىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، دۇمبىسىگە يوغان يۈكنى ئارتىۋېلىپ، يا ئېگىزگە يامىشيالمايدىغان، يا تېز يۈگۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

17- نويابىر

# ئېشەك

## جالڭ لىگو

ئېشەك ئەسلىدە ئوغلاقتەك بەكمۇ يېقىملىق مەرەيدىكەن. ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئاۋازى نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك بولۇپ قالغان؟

بۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىلگىرى، ئۇ بىر داۋاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، توساتتىن قاتتىق ھۆركىرىگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان باشقا ھايۋانلار قورققىنىدىن دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، تىننىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇ كۆپنى كۆرگەن كالىدىن بۇنىڭ نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ، كالا ئۇنىڭغا بۇ ئاۋازنىڭ يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئېشەك: "ئاۋازىم ھەرقانچە موڭلۇق بولغىنى بىلەن،

يولۋاسنىڭكىدەك سۇرلۇك ئەمەس ئىكەن" دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ، ئۇ ئاۋازىنى بوغۇق چىقىرىپ مەشق قىلىشقا باشلاپتۇ.

نەتىجىدە، ئېشەك يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىنى ئۆگىنىۋالالمايلا قالماي، ئۆزىنىڭ ئەسلىدە قانداق مەرەيدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ، ھازىرقىدەك سەت ھاڭرايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

18 ـ نويابىر

## سازاڭ ۋە زۇلۇك

**شېڭ يې**

سازاڭ بىلەن زۇلۇك شاللىقتا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— سازاڭ ئاكا، ئىككىمىز رەڭگىمىز ئوخشاش، تېنىمىز ئەۋرىشىم، بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكىدەك تۇرساق، نېمىشقا كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرۈپ، مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ زۇلۇك.

— بىز سازاڭلار ئۈن ـ تىنسىز ھالدا كىشىلەرگە توپا يۇمشىتىشىپ بېرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بىزنى ئەستە تۇتىدۇ. سەنچۇ، كۆرۈنۈشتە كىشىلەرگە يېقىنلىق قىلغىنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ قېنىنى شورايسەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ سازاڭ.

زۇلۇك ئۇنڭايسىزلىنىپ، شالىلىقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىۋاپتۇ.

19 ـ نويابىر

## توخۇ بىلەن ئىتنىڭ يەم تالىشىشى

### سۇلۇ سۇلۇ

مىجەزى يامان مىكىيان بىرقانچە چۈجىگە:
— كۆزۈمدىن يوقىلىش! سەنلەر كىمنىڭ بالىلىرى؟ مەندىن يەم تالىشىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان! دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىشمايدىغان بولساق، ھەممەڭنىڭ كۆرگىلىكىنى كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئەمدى ئۈزۈلۈشىگە، بىر ئىت يەمنى پۇراپ كەپتۇ. مىكىيان دەرھال كەينىگە داجىپ، قاناتلىرىنى قىستۇرۇپ:
— خۇش كەپسىز، ئىت بېگىم! مەن يەمنى سىزگە ئاپىرىپ بېرەي دەپ تۇراتتىم، خوش ئەمسە، بېقىڭ! مەن كەتتىم، مەن.... — دەپتۇ.

ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كۈچلۈكلەرنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

20 ـ نويابىر

# قۇدۇقنىڭ بەختسىزلىكى

## لىن سۇڭيىڭ

شەرق تەرەپتىكى مەھەللىدە بىر ئائىلە بىر قۇدۇق قازغانىكەن، ئەتراپتىكى قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قۇدۇقىدىن سۇ ئالغىلى كېلىدىكەن. بۇ قۇدۇقنىڭ ئىگىسى:

ــ قۇدۇقىمىز تېيىز، ھەم كىچىك، چېلەكلەپ سۇ تارتىۋەرسەڭلار قۇرۇپ كېتىدۇ، باشقا قۇدۇقتىن سۇ ئېلىڭلار، ــ دەپتۇ.

غەرب تەرەپتىكى مەھەللىدىمۇ بىر ئائىلە بىر قۇدۇق كولاپتۇ.

ھەممەيلەن شۇ قۇدۇقتىن سۇ ئالىدىغان بوپتۇ. بۇ قۇدۇقنىڭ ئىگىسى مەردلىك بىلەن:

ــ خالىغان چاغدا كىرىپ ئېلىۋېرىڭلار! قۇدۇق سۈيى يەرئاستىدىن چىقىدۇ، ئىشلەتكەنگە تۈگەپ كەتمەيدۇ... ــ ،دەپتۇ.

بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى سۈزۈك بولغاچقا، مەھەللىدىكىلەر بەس ـ بەستە كىرىپ سۇ تارتىدىغان بوپتۇ. شەرق تەرەپتىكى مەھەللىدىكى ھېلىقى قۇدۇققا ھېچكىم سۇ ئالغىلى بارمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سۈيى بارا ـ بارا بۇزۇلۇپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ

سىسىق پۇرىقىدىن قېچىپ، بۇرنىنى ئېتىپ نېرى ماڭىدىغان بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ قۇدۇقنىڭ ئىگىسى "ئېقىن سۇ سىسىمايدۇ" دېگەن داۋلىنى چۈشىنىپتۇ.

21 ـ نويابر

# ئەمەن ۋە ئارچا كۆچىتى

## سۇڭ سۇڭ

يامغۇردىن كېيىن بىرقانچە كۈنگە قالماي ئەمەن بىرمۇنچە ئېگىزلەپ كېتىپتۇ.

ئەمەن يېنىدىكى ئارچا كۆچىتىگە:

ــ ھەي بۇرادەر! تېز ئۆسمەمسەن! ئۆسۈشۈڭ نېمانداق ئاستا، مەندىن ئۆگەنگىنە! ــ دەپتۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا.

ــ سەن بىلەمسەنكى مېنىڭ قانداق ئۆسۈۋاتقانلىقىمنى، مەن سەندەك تېز ئۆسەلمىسەممۇ، لېكىن شۇرغاندىن قورقمايمەن، ھەر يىلى توختىماي ئۆسۈپ تۇرىمەن، نەچچە ئون يىل، ھەتتا نەچچە يۈز يىلغىچە ئۆسىمەن، سەنچۇ؟ ھاۋا رايى ئوبدان بولۇپ بەرگەن ۋاقىتتىلا بىرمەزگىل ئۆسۈپ قويىسەن، سەل سوغۇق چۈشسىلا، تۈگۈلاپ تىترەپ كېتىسەن، قىش كەلگەندە بولسا بىراقلا جېنىڭدىن ئايرىلىسەن. بۇنىڭ مەغرۇرلانغۇدەك نېمىسى

بار؟ ـــ دەپتۇ ئارچا كۆچىستى.

22 ـ نويابىر

## مامكاپ

جىن جياڭ

مامكاپ ئانىسىنىڭ نۇرغۇن بالىلىرى بار ئىكەن، ئۇ ھەربىر بالىسىغا بىردىن كىچىك كۇنلۇك بېرىپ، ئۇلارغا:
ـــ بېرىڭلار بالىلىرىم. ئالەمنىڭ قۇچىقى كەڭ، بىپايان دۇنيادا چېچىڭلار، تۇرمۇش سىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ـــ دەپتۇ.
مەيىن شامالدا مامكاپنىڭ بالىلىرى ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، خۇشال ھالدا كىچىك كۇنلۇكنى كۆتۈرۈپ، ئېگىز ـ پەس ئۇچۇشۇپ كېتىپ قاپتۇ.
مامكاپنىڭ يېنىدىكى شاپتۇل دەرىخى قاتتىق ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:
ـــ نېمە، بالىلارنى كەتكۈزىۋەتتىڭىزما؟
ـــ ھە، ھەممىسى كەتتى!
ـــ يېنىڭىزدا بىرەرسىنىمۇ ئېلىپ قالمىدىڭىزما؟ ـــ دەپ سوراپتۇ شاپتۇل دەرىخى مامكاپتىن ھەيران بولۇپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ھە ئېلىپ قالىمدىم، — دەپتۇ مامكاپ ئانا.

— ئۇلار كىچىك، ئاجىز تۇرسا، بوران - چاپقۇنغا بەرداش-لىق بېرەلەمدۇ؟ ئۇلاردىن ئەندىشە قىلمامسىز؟ — سوراپتۇ شاپتۇل دەرىخى مامكاپتىن.

— ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بىز مامكاپ جەمە-تىدىكىلەر پۈتۈن دۇنياغا ئەنە مۇشۇنداق تارقالغان... — دەپتۇ مامكاپ كۈلۈپ قويۇپ.

23 - نويابىر

## ئاسلاننىڭ تاماق يېيىشنى ئۆگىنىشى

### گو جېنرۇڭ

چوڭ مۈشۈك بالىلىرىغا تاماق يېيىشنى ئۆگەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما يەيدىغان بىرلا بېلىق بار ئىكەن. چوڭ مۈشۈك بالىلىرى-نىڭ بېلىقنى تالىشىپ يەپ، گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بېلىقنى ئېگىز تاكچىغا ئېلىپ قويۇپتۇ.

— ئوبدان قاراپ تۇرۇڭلار، تاماقنى مۇنداق يېيىش كېرەك، — دەپتۇ چوڭ مۈشۈك.

چوڭ مۈشۈك بېلىق گۆشىنى ھەربىر چىشلەم يېگەندە،

قىلتىرىقنى بىر قېتىم تولكورۇپتۇ، چوك مۇشۇك باللىرىنىڭ ئېسىدە تۇتۇلماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئېنىق كۆرۈۋالدىڭلارمۇ؟ — دەپ يېپىشنى تەكرارلاۋېرىپتۇ.

— ئېنىق كۆرۈۋالدۇق، — ئاسلانلار تەڭ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىركەمدە قارىغۇدەك بولسا، بىلىق ئاللىقاچان تۇگەپتۇ.

ئەتىسى چوڭ مۇشۇك بىر تېلەڭگە ئاش ئەكەپتۇ، باللىرىغا يەتمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ھەربىر بالىسىغا بىر قاچىدىن بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئاسلانلار ئانىسىنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى بويىچە، بىر چىشلەم يەپ، بىر تۆكۈرۈپتۇ.

چوڭ مۇشۇك بۇنى كۆرۈپ:

— ساراڭ بولدۇڭلارمۇ، تاماقنى مۇشۇنداق يېگەنمۇ بارمۇ؟ — دەپ قاتتىق تووۋلاپتۇ.

— ئانا، تۇنۇگۇن سىز بىزگە مۇشۇنداق ئۆگەتكەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ئاسلانلار.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور بېكىتى

24 ـ نويابىر

## غازنىڭ "ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش كېسىلى"

### سۇن چۈەنزې

غاز ئۆزىنى، مەن قۇشلار ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىمەن، دەپ قاراپ كەلگەنىكەن. ئۇ دائىم توخۇ، ئۆردەك، بۆدۈنە ۋە ئۆيلارگە كەپتەرلەرگە:

ــ مېنىڭ شۇنى قايتا ـ قايتا سەمىڭلەرگە سېلىپ قويۇش مەجبۇرىيىتىم باركى، سىلەرنىڭ مەن بىلەن بىرگە ياشىغىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەڭ زور شان ـ شەرەپ! سىلەردەك "شاكىچەك"لەرگە سېلىشتۇرغاندا، يېيىشتە، غاقىلداشتا ۋە بوي ئېگىزلىكى جەھەتتە ھەممىڭلارنى بېسىپ چۈشىمەن؛ ئەلۋەتتە ئەڭ مۇھىمى مېنىڭ تۇخۇمۇم ئەڭ يوغان ھەم تەمىلىك، كىشىلەرمۇ ئەڭ ياقتۇرىدۇ! شۇڭا، سىلەر چوقۇم مېنى ھۆرمەتلەڭلار، قاتتىق ھۆرمەتلەڭلار! بىلدىڭلارمۇ؟ ــ دەپتۇ.

غازنىڭ بۇ سۆزلىرىنى توخۇ، ئۆردەك ۋە بۆدۈنىلەرنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، ئەمما نېمە ئامال؟ ئۇ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، بۇنداق قاتتىق گەپ قىلغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاز ـ تولا ئاساسىمۇ بار ـ دە.

قالغان قۇشلار "غازنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش كېسىلى"نى

قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك داۋالىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇنچە باش قاتۇرغان بولسىمۇ، بىرەر ئوبدان چارە تاپالماپتۇ.

ئۆي كەپتىرى قەدىناس دوستى تۇرنىدىن ئەقىل سوراپتۇ. تۇرنا ئۆي كەپتىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي! ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش كۆپ ھاللاردا نادانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. غازنىڭ "ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش كېسىلى" تار چىتلىق تام ئىچىدە پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇدىن ئىبارەت، سەن قايتىپ بېرىپ خوجايىنىڭغا ئېيت، غازنى چىتلىق تامدىن سىرتقا قويۇۋەتسۇن، ئاجايىپ-غارايىپ بىپايان دۇنيانى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ "ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش كېسىلى" ئاسانلا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

25-نويابىر

## ئۆچكىنىڭ ئالما ئۈزۈشى

### جاۋ خېشۇن

ئۆچكە بىلەن ئوغلاق بىرگە باغقا بېرىپ ئالما ئۈزمەكچى بوپتۇ.

ئۇلار بىر يوغان ئالما دەرىخى تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، دەرەخنىڭ ئۇچىدا قىزارغان يوغان-يوغان ئالمىلار، پەس-تەرىپىدە كىچىك كۆك ئالمىلار تۇرغۇدەك.

چوك ئۆچكە دەرەخنى ئايلىنىپ چىقىپ: "چوڭ ئالمىنى ئۈزىمەن دېسەم، سەكرىسەم بولغۇدەك، بۇنىڭغا كۈچ كېتىدۇ، سەللا ئەبلەشمىسە يىقىلىپ چۈشىمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئوڭاي، ئىشەنچلىك ئىشنى قىلىپ" كىچىك ئالمىنىلا ئۈزەي، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەكرىسىلا قولى يېتىدىغان چوڭ ئالمىلارنى ئۈزمەي، كىچىك، توك ئالمىلارنى ئۈزۈپتۇ.

ئوغلاقمۇ دەرەخنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ: "توك ئالمىلارنى ئۈزگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن، مەن چوقۇم دەرەخ چوققىسىدىكى ئەڭ قىزىل ھەم ئەڭ چوڭ ئالمىنى ئۈزىمەن" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شۇنچە سەكرەپ باققان بولسىمۇ، ئالمىغا قولى يەتمەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەچكە، ئالما ئۈزەلمەي خاپىچىلىقتا باغدىن چىقىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

26 ـ نويابىر

# سېرىق قوتاننىڭ ئاشلىق ئۆتنە ئېلىشى

## شۇي داچېڭ

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسىدە، سېرىق قوتان دەرەخ شېخىدا كۆرەڭلىگەن ھالدا بىخىرامان ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

چۈمۈلە بولسا، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەي، ئاشلىق غەملەپ قىشتىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ئەتىگەندىن كەچكىچە پايپېتەك بولۇپ ئىشلەپتۇ.

قىش كەپتۇ، دالىنى قار قاپلاپتۇ، سېرىق قوتان يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالماپتۇ، ئۇ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كېتىپ، چۈمۈلىدىن ئاشلىق سوراپتۇ:

ــ چۈمۈلە بۇرادىرىم، ئاشلىقتىن ئازراق بېرىپ تۇرساڭچۇ، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

ــ ئەگەر قىش كېلىشتىن بۇرۇن، قىشلىق ئاشلىقنى غەملەپ قويغان بولساڭ، خەقتىن ئاشلىق تىلەپمۇ ئولتۇرماس بولغىتىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن، ناخشىنى ئازراق ئېيتىپ، كۆپرەك ئىشلىگىن، ــ دەپتۇ چۈمۈلە ئۇنىڭغا ۋە ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. سېرىق قوتان ئۇلۇغ ـ

كىچىك تىنىپ قويۇپ، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

27 ـ نويابىر

## دېھقان، قاغا ۋە سېغىزخان

### گو چاڭچىڭ

بىر دېھقان بىر پارچە يەرنى ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپتۇ. قاغا ئۇچۇپ كېلىپ ئېتىزدىكى زىيانداش قۇرتلارنى تۇتۇپ يەپتۇ. سېغىزخان كېلىپ يەرگە تېرىلغان ئۇرۇقلارنى يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. قاغا ھەربىر قۇرتنى يېۋەتكەندە، خۇشاللىقىدىن "قاق، قاق" قاقىلداپ قويىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى بەك يېقىمسىز بولغاچقا، دېھقان بىزار بولۇپ: "شۇملۇقنى تىلەۋاتقىنىنى ما نەرسىنىڭ" دەپ چالما ئېتىپ قوغلىۋېتىپتۇ. سېغىزخان ئۇرۇقلارنى بىخىرامان يەۋېرىپتۇ، ئۇ ھەربىر ئۇرۇقنى يېگەندە يېقىملىق بىر سايراپ قويىدىكەن، دېھقان بۇنى ئاڭلاپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە: "بۈگۈن بىر خۇشاللىق ئىش بار جۇمۇ ماڭا" دەپ ئويلاپتۇ. سېغىزخان قانچە كۆچەپ سايرىسا، دېھقاننىڭ كۆڭلى شۇنچە يايراپ كېتىپتۇ.

بىراق، دېھقان ئەتىسى ئېتىزغا بېرىپ قارىسا، قاغىنىڭ

قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ؛ يېڭىدىن ئۇرۇق چېچىلغان ئېتىزدا سېغىزخان قايناپ كېتىپتۇ. بۇ سېغىزخانلار خۇش خەۋەر يەتكۈزگەندەك توختىماستىن سايراپ، ئۇرۇقلارنى يەپ قۇرۇتۇۋېتەي دەپتۇ. دېھقان بۇ چاغدا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ.

**28- نويابىر**

## دۇربۇن ۋە يول يۈرگۈچى

**چېن سى**

دۇربۇن يول يۈرگۈچىگە:

— دوستۇم، سەن مەندىن پايدىلىنىپ يىراق-يىراق يەرلەرنى كۆرەلەيدىغان تۇرساڭ، يەنە نېمىشقا زىمىستان قىش كۈنلىرىدە، تومۇز ئاپتاپتا تاغ-داۋانلارنى كېزىپ يول يۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توغرا، مەن سەندىن پايدىلىنىپ ناھايىتى يىراق نىشاننى كۆرەلەيمەن، بىراق سەن مەن كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغان يولنى قىسقارتىپ بېرەلمەيسەن-دە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يول يۈرگۈچى.

# مايمۇنچاقنىڭ شاپتۇل سوزۇشى

## جۇ خۇادۇڭ

ئۆستەڭدە يوغان بىر شاپتۇل لەيلەپ كېلىپ، ئوت ـ چۆپكە چىرمىشىپ قاپتۇ. مايمۇنچاقلار سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ شاپتۇلنى سوزۇۋالماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، بىر قېرى مايمۇن مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە مايمۇنچاقلارغا كايىپتۇ:

ــ شۇنداقمۇ گۆدەكلىك قىلامسىلەر، ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنىڭ ئىچىدىن ئاي سوزىمەن، دەپ كۆلكىگە قالغانلىقى بىز مايمۇنلار جەمەتى ئۈچۈن مەڭگۈ نومۇس، بۇ تارىخىي ساۋاقنى ئېسىڭلاردە چىڭ تۇتۇشۇڭلار كېرەك!

ئىككى كەپسىز مايمۇنچاق قېرى مايمۇننىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، قولنى قولغا تۇتىشىپ، سۇغا كىرىپ ھېلىقى شاپتۇلنى سوزۇۋاپتۇ ۋە بىر چىشلەم ـ بىر چىشلەمدىن نۆۋەتلىشىپ يەپتۇ. قېرى مايمۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قاپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمىگىلى تاسلا قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

30 ـ نويابر

# پاقا بىلەن قېچىر

## نىڭ شى

پاقا بىلەن قېچىر ماھارەت سىناشماقچى بوپتۇ. پاقا قېچىرنىڭ ئېغىر يۈك ئارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قارا ئىش قىلىدىكەن، مەغرۇرلانغۇدەك نېمىسى يوقكەن دەپ ئويلاپ، قېچىرنى ئۆستەڭ بويىغا باشلاپ كەپتۇ، پاقا قېچىرنى سۇ ئۈزەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆستەڭدىن ئۆتۈشتە سىناشماقچى بوپتۇ. پاقا گېپىنى تۈگىتىپلا سۇغا سەكرەپتۇ. ئەمما ئۇ بىر غۇلاچ يەرگە يەتكىچە، قېچىر ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ بوپتۇ. چۈنكى سۇ قېچىرنىڭ پۇتىنىمۇ چۆكتۈرەلمەيدىكەن. پاقا قېچىرنىڭ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ:

— بۇ ئۆستەڭ ماڭا شۇنداق چوڭقۇر تۇيۇلىدۇ، نېمىشقا سېنىڭ پۇتۇڭنىمۇ چۆكتۈرەلمەيدۇ؟ — دەپتۇ.

1- دېكابىر

# ئىككى قارا چېكەتكە

## شېن جۈنجى

ئىككى قارا چېكەتكە بىر پارچە چۆپلۈكتە تىنچ ياشايدىكەن، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاۋازى بىر-بىرىگە تونۇش ئىكەن. نېمە ئۈچۈندۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئادەم ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، بىر قۇتىغا سولاپ قويۇپتۇ، بۇ ئادەم ئۇلارنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشسۇن دەپ، كېيىندىن چىغ بىلەن ئىتتىرىپ قويىدىكەن.

يەنە نېمىشقىدۇ، ئۇلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن بىر-بىرىنى چىشلىشىپ كېتىپتۇ، بىردەم بىرسى يەنە بىرسىنى چىشلەپ ئۈگدىسىغا چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، بىردەم ئىككىنچىسى يەنە بىرسىنى چىشلەپ دۈم چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، ئۇلار ئەنە شۇنداق چىشلىشىپتۇ، نەتىجىدە، بىرسىنىڭ بىر پۇتى ئۈزۈلۈپتۇ، يەنە بىرسىنىڭ بىرتال چىشى تۆكۈلۈپتۇ. ئاخىر ھېلىقى ئادەم ئۇلارنى يەنە ئەسلىدىكى چۆپلۈككە قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئىككى مېيىپ يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ئىشىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ بىرسى.

— ئىشىم قارا چېكەتكە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

— ئانداق بولسا ئىككىمىز بىر تۈركۈمدىكى ھاشارات ئىكەنمىز، ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ئاداۋىتىمىز يوق ئىدى، نېمىشقا مەن بىلەن پېتىشالمايسەن؟

— سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي دېگەن شۇ-دە، سەن نېمىشقا مەن بىلەن پېتىشالمايسەن؟ ماڭىمۇ، ئۆزەڭگىمۇ قىلىدىڭ ئەمەسمۇ؟...

ئۇلار بىر-بىرىنى زادىلا قايىل قىلالماي، ئاخىر ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھەسەل ھەرىسىنى داۋانى ئايرىپ قويۇشقا تۇتۇۋاپتۇ. ھەسەل ھەرىسى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سىلەر ”نېمىشقا“ دېگەن سوئالنى ئوبدان قويۇپسىلەر، ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ”نېمىشقا“ دېگەن سوئالنى كۆپرەك قويۇپ بېقىپ، داۋلىسى بولسا قىلىش، داۋلىسى بولمىسا قىلماسلىق كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىڭىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئىككى خاتا خەت

## شۈي رۇنچۇەن

كوررېكتور ئىشخانىسىدا مەلۇم بىر ژۇرنالدىكى بىر خاتا خەت يەنە بىر خاتا خەتكە:

ــ دوستۇم بۇ يەردە نېمە تۇرىسەن؟ چاقىقان يوشۇرنىۋال، كۆرۈپ قالسا زاڭلىق قىلىدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ ياق، مەن بۇ يەردە كىشىلەر پاتراق سېزىپ ۋاقىتىدا تۈزىتىپ قويسۇن دەپ تۇرۇۋاتىمەن، ــ دەپتۇ ئىككىنچى خاتا خەت بېشىنى چايقاپ.

ــ ھەي، تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، ــ ھېلىقى خاتا خەت ئالدىراپ ـ تېنەپ يوشۇرۇنىۋاپتۇ، ئۇ مەڭگۈ خاتا پېتى كېتىۋېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى



# تۈلكە، شىر ۋە قۇش

## شۈي رۇنچۇەن

تۈلكە شىرنى كۆرۈپ خۇشامەت قىلىپ:
— ۋاي! كاتتا بېگىم، قەددى ـ قامىتىڭىز كارامەت بەستلىك
جۇمۇ، چوقۇم مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىسىز، — دەپتۇ.
شىر تۈلكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا
يېتىپتۇ. بۇ چاغدا، دەرەختىكى قۇش شىرغا:
— ھەي، شىر، چاپسان قاچ، بۇ يەردە پىيىگگە چۈشكەن
ئوۋچى بار! — دەپتۇ.
— جۆيلىمە، ماڭا چېقىلىشقا پېتىنىدىغان قانداق نەرسىكەن
ئۇ، — دەپتۇ شىر ھۆركىرەپ.
"پاڭ، پاڭ!" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ شىر يېقىلىپتۇ،
ئۇ جېنى تۈمشۇقىغا كەلگەن چاغدا:
— ئىست تۈلكىنىڭ چىرايلىق گەپلىرىنى ئاڭلىغىچە،
قۇشنىڭ راست گېپىنى ئاڭلىسامچۇ، — دەپ پۇشايمان قىپتۇ.

# يازغۇچى بىلەن كۆنچى

## شۆي رۇنچۇەن

بىر يازغۇچى كۆنچىگە ئۆزىنى ماختاپ:
ــ ھەي كۆنچى، مەن بىر ئاخشام ئولتۇرسام بىرقانچە پارچە ماقالە يېزىۋېتىمەن، سەنچۇ، قانچە جۈپ ئاياغ تىكىپ چىقالايسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ بىر جۈپ، ــ دەپتۇ كۆنچى، ــ سەن ماقالىنى كۆپ يازغىنىڭ بىلەن، مېنىڭ تىككەن ئاياغلىرىمدىن پەرقلەنمەيدۇ، ھەممىسى بىر قېلىپقا چۈشۈپ قالغان. مەن تىككەن ئاياغلارنى كىيىدىغان ئادەم چىقىدۇ، سېنىڭ ماقالىلىرىڭنى ئوقۇيدىغان ئادەم چىقامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5 ـ دېكابىر

# رېزىنكە بىلەن سىزغۇچ

**نىڭ شى**

— بۇرادەر، سەن شەيئىلەرگە نېمۇنداق ئۆلۈك قارايسەن؟ ماڭا ئوخشاش جانلىقراق يول تۇتساڭ بولمامدۇ؟ ماڭا قارا، مەن يېقىنلىرىمنى كۆرگەندە سوزۇلۇپ ئۇزۇرايمەن، مۇناسىۋىتىم يىراقلارنى كۆرگەندە يىغىلىۋالىمەن، — دەپتۇ رېزىنكە سىزغۇچقا.

— ئۆلۈك قارىغىنىم يوق، پرىنسىپلىق ئىش قىلىمەن، — دەپتۇ سىزغۇچ، — دۇنيادىكى سىزغۇچلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. مەيلى كىمگە مۇئامىلە قىلىشتا بولسۇن، ئۆلچەمنى ئازراقلا نېرى-بېرى قىلىپ قويساق، پرىنسىپنى پۈتۈنلەي يوق قىلغان بولىمىز.

6 ـ دېكابىر

## سوغۇق سۇ سېپىش

### نىلىڭ شى

بىركۈنى، بىر پارچە چوغ بىلەن بىر پارچە ھاك پاراڭلىشىپ قېلىپتۇ.

ــ ھازىر مەن باشقىلارنىڭ بەدىنىگە سوغۇق سۇ سېپىۋېتىشىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، ــ دەپتۇ چوغ.

ــ سېنىڭ ئەكسىچە، ھازىر ماڭا بىرسى سوغۇق سۇ سېپىۋەتكەن بولسا، پۈتۈن ھارارىتىم تۈرغۇپ چىققان بولاتتى، ــ دەپتۇ ھاك.

7 ـ دېكابىر

## كېمە گىرۋىكى بىلەن كىرۋەك ئاسرىغۇچ

### ليۇ خۇگېچېڭ

كېمە گىرۋىكى شۇنچە جاھان كېزىپ يۈرۈپمۇ يەنىلا

زېرىكىپتۇ، ئۇ گىرۋەك ئاسرىغۇچنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى سەمىمىي تەلەپ قىپتۇ.

باشتا، گىرۋەك ئاسرىغۇچ جۈغىم كىچىك، كېمە گىرۋىكىگە ياراشماي قالارمەنمىكىن دەپ بىر ئاز ئىككىلىنىپتۇ. كېمە گىرۋىكى ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— گىرۋەك ئاسرىغۇچ، ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ، مەن سېنى ئۆمۈر بويى دومبەمگە يۈدۈپ يۈرۈشنى خالايمەن، بىز بىرلىكتە دېڭىز، دەريالارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىمىز، — دەپتۇ. گىرۋەك ئاسرىغۇچ كېمە گىرۋىكىنىڭ سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى، كېمە گىرۋىكى گىرۋەك ئاسرىغۇچقا:

— گىرۋەك ئاسرىغۇچ، ئىككىمىز شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى دوست ئۆتۈپ كەلدۇق، باشقىلارمۇ ئىككىمىزنى بۇلار ئاكا - ئۇكىدەك يېقىن دەپ ماختاۋاتىدۇ، بۈگۈندىن باشلاپ ئىككىمىز ھەقىقىي ئاكا - ئۇكا بولايلى! — دەپتۇ. گىرۋەك ئاسرىغۇچ ماقۇل بوپتۇ. كېمە گىرۋىكى بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بوپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

شۇنىدىن كېيىن، كېمە گىرۋىكى خەتەرگە يولۇققاندا، گىرۋەك ئاسرىغۇچ كۆكرىكىنى كېرىپ چىقىپ ئاكىسىنى قوغدايدىكەن، ئۆزى خادا تاشلارغا سوقۇلۇپ كېتىشكە رازىكەنكى، كېمە گىرۋىكىنى خەتەرگە ئۇچراتمايدىكەن.

بىراق، كېمە گىرۋىكى ئاكا بولغاندىن كېيىن، كۆرەڭلەپ

ئۇكىسىنى ئاسرىمايدىغان، ھەتتا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ئۇكىسىنى بوزەك ئېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

گىرۋەك ئاسرىغۇچىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى كېمە گىرۋىكى چۈشەندىمەپتۇ. ئۇ پۈتۈن بەدىنى جاراھەتلەنگەن گىرۋەك ئاسرىغۇچىنى يۆدۈپ يۈرسەم سالاپىتىمگە تەسىر يېتىدۇ دەپ قاراپ، بۇ "يۈك"نى تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ.

كېمە گىرۋىكىنىڭ تاپا-تەنىسى ئېغىر كېلىپ، گىرۋەك ئاسرىغۇچ پۈتۈن بەدىنى يارىلانغان ھالدا كېمە گىرۋىكىدىن ئايرىلىپتۇ. كېيىن كېمە گىرۋىكى ھەر ئۇرۇلۇپ سوقۇلغاندا، ئۇنىڭدا كۆرۈمسىز جاراھەتتىن بىرسى پەيدا بوپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ بەدىنى يارىلىنىپ، داتلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ گىرۋەك ئاسرىغۇچ ئۇكىسىنى ئەسلىسىلا خىجىللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

8-دېكابىر

## مايمۇننىڭ باھانىسى

### دەي شىگېن

ھەممىگە مەلۇم، مايمۇن بىرنەرسىنى دوراشنى ئەڭ ياخشى

كۆردۇ، ئەمما كۆڭۈل قويۇپ دورىمىغاچقا، ئاخىر ھېچنېمىنى ئۆگىنىۋالالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەرسە ئۆگىنەلمىگەنلىكىگە بىرمۇنچە باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ تۇرۇۋالىدۇ تېخى.

بىر مايمۇن بىر كىتاب تېپىۋاپتۇ، ئۇ مايمۇن ئادەملەرنى دوراپ كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما ئۇ مەزمۇنىنى چۈشىنىش تۈگۈل، ئۇنىڭدىكى بىرەر خەتنىمۇ تونۇماپتۇ.

— ھە — راست، كۆزەينەك بولمىسا بولمايدۇ ئەمەسمۇ، — تۇساتتىن كۆزەينەك يادىغا كەپتۇ، ئۇ دەرھال ئۆزىگە كۆزەينەك ياسىتىپ كېلىپ تاقىۋاپتۇ، ئاندىن كېيىن يەنە ھېلىقى كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما كىتابنى يەنىلا ئوقۇيالماپتۇ.

بۇ چاغدا، تۈلكە كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مايمۇن ئاكا، بىز دېگەن كىتاب ئوقۇشقا يارالغان ئەمەس، نېمانچە بىھۇدە ئاۋارە بولىسەن؟ جور ئويناپ كېلەيلى! — دەپتۇ.

— ھە راست، مەن نېمىشقا ئويۇننى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن، رەھمەت سىزگە، تۈلكە خېنىم! سىز ماڭا ھەقىقىي باھانە تېپىپ بەردىڭىز، — دەپتۇ مايمۇن.

مايمۇن گېپىنى تۈگىتىپلا كىتابنى تاشلاپ تۈلكە بىلەن بىللە مېڭىپتۇ.

# كۆمۈرنىڭ ئارزۇسى

## ۋاڭ خۇلى

يوپيورۇق چىراغ بىر بۆلۈكتىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان كۆمۈرگە قاراپ:

— ھەي بىچارە كۆمۈر، مۇشۇ قاپقارا تۇرقۇڭ بىلەن نېمىگە يارارسەن؟ — دەپتۇ.

كۆمۈر چىراغقا قاراپ قويۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— چىراغ ئاكا، مەن راستىلا ساڭا يېتەلمەيمەن، ئەمما ئۆزەمنى كەمسۇندۇرمايمەن؛ مېنىڭ ئۆزەمنى كۆيدۈرۈپ ئىنسانلارغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈپ بېرىشىم ئۆزەمنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتىنى بېغىشلىغانلىقىم بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

چىراغ كۆمۈرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇپتۇ......

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

10 ـ دېكابر

# شاخنىڭ قىياپىتى

## ۋاڭ خۇڭ

بىر كۈنى، دەرەخ شېخىدىكى ئىككى تال مېۋە پاراڭغا چۈشۈپتۇ:

— قارا شاخقا، ئۇ باشقىلار ئۇچۇن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشلەشنىلا بىلىدۇ، شۇنداقمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بارمۇ.

شاخ ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزىنى ئاڭلاپ سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن بەند بوپتۇ.

يەر بوۋاي بۇ ناھەقچىلىكتىن خاپا بولۇپ سۆزلەپتۇ:

— ئەگەر شاخ يىلتىزدىن كەلگەن سۇ ۋە ئوزۇقلۇقنى سىلەرگە يەتكۈزۈپ بەرمىسە، يېشىل يوپۇرماق بۇ يەردە فوتوسىنتېزلىق رولىنى ئوينىمىسا، سىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامتىڭلار؟

مېۋە يەر بوۋايدىن دەككىسىنى يەپ، لام ـ جىم دېيەلمەي قاپتۇ، ئۇلار بۇنىڭغا قانداقمۇ داۋلى تېپىپ بېرەلىسۇن؟

# خانىمزىنىڭ سەرگۈزەشتىسى

## باۋ چۈەنگېن

مايمۇنچاق ئانىسى بىلەن بىر مېۋىلىك باغنى ۋە كۆكتاتلىقنى ئېرىپ باشقۇرىدىكەن. باھار كېلىپ، گۈللەر ئېچىلغاندا، باغقا بىرمۇنچە رەڭگارەڭ خانقىزلار ئۇچۇپ كەپتۇ. مايمۇنچاق بۇ خانقىزلارنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەردە يامىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، دەرەخ شېخى بىلەن ئۇلارنى ھەيدىگىلى تۇرۇپتۇ.

ــ ئۇرما بىزنى، ئۇرما، بىز دېگەن پايدىلىق ھاشارات! بىزنىڭ سىلەرگە كۆك پىتلارنى يوقىتىپ بېرىۋاتقىنىمىزنى كۆرمىدىڭلارمۇ، ــ دەپ تۇۋلاپتۇ خانقىزلار.

ــ تولا يالغان گەپ قىلىشما، بۇلتۇر كۆك پىتلەرنى ئۇتىمىز دەپ، توپ ـ توپ بولۇشۇپ كۆكتاتلىقىمىزغا كېلىپ، ئەمەلىيەتتە پىدىگەن، ياڭيۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەپ تۆگەشتۈرۈۋەتكەن سەنلەر ئەمەسمۇ.... ــ، مايمۇنچاق گېپىنى تۈگىتىپلا، دەرەخ شېخى بىلەن خانقىزلارنى ساۋاشقا باشلاپتۇ، تاياقنىڭ زەربىسىدە خانقىزلار يەرگە تىزىلىپ

كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا ئانا مايمۇن يېتىپ كەپتۇ، ئۇ خانقىزلارنىڭ شەكلىنى ۋە ھەرىكىتىنى سىنچىلاپ كۆزەتكەندىن كېيىن دەرھال:

— ئۇرمىغىن بالام، ئۇلار مەشھۇر ”جانلىق دېھقانچىلىق دورىسى“ — يەتتە چېكىتلىك خانقىز ئەمەسمۇ!

— ئۇنداق... ئۇنداق بولسا بۇلتۇر كۆكتاتلىقىمىزغا زىيان سالغانلار مۇشۇلار ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ مايمۇنچاق يەنىلا قايىل بولماي.

— ئەخمەق بالام، بۇلتۇرقىسى ئون چېكىتلىك خانقىز، بۇلارنىڭ بەدىنىدىكى چېكىت سانى ئوخشاش ئەمەس. ئون چېكىتلىك خانقىز ئۈسۈملۈكلەرنى يەيدۇ، ئۇلار زىياندىشھاشارات تىپىغا كىرىدۇ؛ يەتتە چېكىتلىك خانقىز گۆش يەيدۇ، ئۇلار مەخسۇس كۆك پىتىنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز. — دەپتۇ ئانا مايمۇن.

مايمۇنچاق ”ھەرقانداق شەيئىنى ئەستايىدىل كۆزەتكەندىلا، ئاندىن پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن“ دېگەن داۋلىنى چۈشىنىپتۇ.

12 ـ دېكابىر

# تاۋۇز ۋە تاۋۇز چېچىكى

## نيې شۇگېن

تاۋۇز پېلىكى ئانا ئىككى كىچىك تاۋۇز تۇغۇپتۇ ۋە بۇ ئىككى بالىسىنىڭ بېشىغا بىردىن چىرايلىق چېچەك قىستۇرۇپ قويۇپتۇ.

رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر ئۇچۇپ كېلىپ، بۇ ئىككى تال چېچەكنىڭ ئەتراپىدا لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ؛ ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ چېچەكنىڭ شىرنىسىنى شوراپتۇ. ئۇلار چېچەكنى: "ياھ، نېمىدېگەن گۈزەل چېچەك بۇ!" دەپ ماختاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، تاۋۇز پىلىكى تاۋۇزلارنىڭ بارا ـ بارا چوڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا:

ــ باللىرىم، بېشىڭلاردىكى چېچەكنى ئەمدى ئېلىۋەسەڭلەرمۇ بولىدۇ، تېخىمۇ تېز چوڭىيىسىلەر، ــ دەپتۇ.

يەلەك ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىر تاۋۇز دەرھال بېشىدىكى چېچەكنى ئېلىۋېتىپتۇ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى چوڭ، تاتلىق ھەم يوغان قىلىپ ئۆستۈرۈشكە كىرىشىپتۇ؛

يەنە بىر تاۋۇز بېشىنى چايقاپ:

— چېچېكىم نېمىدېگەن گۈزەل، مەن ئۇنى مەڭگۈ تاشلىمايمەن، — دەپتۇ.

پەلەك ئانا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

— بالام، سىنىڭ ۋەزىپەڭ چېچەك قىستۇرۇپ ئۆزەڭنى بېزەش ئەمەس، بەلكى چوڭ ھەم تاتلىق تاۋۇز بولۇپ يېتىلىش، — دەپتۇ.

— ياق، مەن ھەم يوغان، تاتلىق تاۋۇز بولۇپ يېتىلىمەن، ھەم بۇ چىرايلىق چېچېكىمنى ئېچىلدۇرىمەن.

— كېيىن پۇشايمان يەپ قالارسەنمىكىن بالام، — پەلەك ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، بالىسىغا ئىككىنچى بىر نەرسە دېمەيتۇ.

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، چېچېكىنى ئېلىۋەتكەن ھېلىقى تاۋۇز قەۋەتلا يوغىناپتۇ، تاۋۇزلۇقنىڭ ئىگىسى تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە بۇ تاۋۇزنى زىياپەتكە قويۇپتۇ، ھەممە ئادەم ئۇنى يەپ: "بۇنداق تاتلىق تاۋۇزنى يەپ باقماپتىكەنمىز!" دەپ ماختاپتۇ.

بېشىدىكى چېچەكنى ئېلىۋەتمىگەن تاۋۇز بولسا كىچىك ھەم لاۋزا بولۇپ قاپتۇ، ئىگىسى ئۇنى ئاپىرىپ چوشقىغا تاشلاپ بېرىپتۇ.

چېكىسىگە گۈل - تاج قىستۇرۋالغان بىلەن، مېۋە بەرمىسە بىكار.

# ئاغمىخان بىلەن ياۋا توشقان

## چۈ پېيچېك

تاڭ سەھەردە، ئاغمىخان كېچىدە تۇتۇپ كەلگەن بىر يوغان مېكىياننى كامارنىڭ ئاغزىدا ئىشتىها بىلەن يەپ تۇرۇپتۇ. ئۇ توساتتىن بىر ياۋا توشقاننىڭ پىلتىڭشىپ ئوزۇق ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دوستۇم، بۈگۈن تەلىيىڭ ئوڭدىن كەپتۇ، بۇ ياققا كەل، مەن سېنى توخۇ گۆشى بىلەن مېھمان قىلاي! — دەپتۇ.

ياۋا توشقان بېشىنى چايقاپ:

— رەھمەت ساڭا، مېنىڭ توخۇ يەيدىغان ئادىتىم يوق، — دەپ رەت قىپتۇ.

— ھۇ ياخشىلىق ياراشمايدىغان ئەبلەخ! ئوت ـ چۆپ، دەرەخ يوپۇرمىقى توخۇ گۆشىدىن ياخشىمتىكىن؟ — دەپ تىللاپتۇ ئاغمىخان خاپا بولۇپ.

— ئۆمۈرۋايەت ئوت ـ چۆپ، دەرەخ يوپۇرمىقى يەپ ئۆتۈشكە رازىمەنكى، ئىنسانلارغا زىيان سالىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياۋا توشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

14 ـ دېكابىر

# تاغنىڭ ساداسى

## خوراز چۈجە

چۈجە خوراز سەھەردە چىللاشنى مەشق قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا تاغقا قاراپ "قۇ ـ قۇ ـ قۇ" قىلىپ چىللاپتۇ.
ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپلا، يىراقتىن "قۇ ـ قۇ ـ قۇ" قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.
خوراز ئەتراپقا سەپسېلىپتۇ، ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ، ئۇ تەرەپتە يەنە كىم چىللاشنى مەشق قىلىۋاتە-دىغاندۇ؟ دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپتۇ.
دەرەختىكى قۇش كۈلۈپ كېتىپ:
— چۈجە خوراز، ئۇ دېگەن تاغنىڭ ئەكس ساداسى، ئىشەنمىسەڭ يەنە سىناپ باق، — دەپتۇ.
چۈجە خوراز يەنە چىللاپ بېقىپتۇ، راست دېگەندەك، ئۇ تەرەپتىن يەنە چىللىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. چۈجە خوراز كۆرەڭلەپ، تاغقا قاراپ مەنسىتمىگەن ھالدا: "مەن تېخى تاغنى كارامەت نەرسىمىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئەخمەق دورام-چىلاردىن ئىكەنغۇ" دەپتۇ.

قوش چۈجە خورازنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى كۆرۈپ، جىددىي قىياپەتتە:

— ئىززەتلىك تاغقا تىل تەگكۈزگۈچى بولما! تاغنىڭ ساداسى يوقمىكىن دەپ قالما، ئېرىق-ئۆستەڭدىكى سۇلارنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى، ھەتتا مېنىڭ ناخشا سادالىرىم ۋە سېنىڭ چىللىغان ئاۋازىڭمۇ تاغقا مەنسۇپ، — دەپتۇ.

15-دېكابىر

## ئاق چۈمۈلىنىڭ يامغۇردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى

### جاڭ رۇڭلى

بىركۈنى كەچتە، بوران چىقىپ قارا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. بىرقانچە ئاق چۈمۈلە بىر ياغاچقا يامىشىپ چىقىپ:
— خۇش بولۇپ كېتەيلى، بىزنى بىر كېچە قوندۇرۇۋالسىڭىز، بىز پاناھسىز قالدۇق، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.
— ياق بولمايدۇ، كىشىلەر مېنى تۈۋرۈك قىلىپ ئىشلىتىشكە ئېلىپ ماڭىدۇ، سىلەرنى قوندۇرۇۋالسام قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ياغاچ رەت قىلىپ.

— ئوبدان ئاكا، رەھمەت قىلىڭ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىشىمىز مۇشۇ، — دەپتۇ ئاق چۈمۈلىلەر يالۋۇرۇپ.

— راست سىلەرگە بەك ئۇۋال بوپتۇ، قېنى قوۋزىقىمنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىڭلار، — دەپتۇ ياغاچ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ياغاچنىڭ ئىگىسى ئۇنى تۈۋرۈك قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولۇپ قارىسا، ئۇ كاۋاكلىشىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئوتۇن قىلىپ قالاپتۇ.

16 ـ دېكابىر

## سۇ تۇرۇبىسى بىلەن سۇ ئىدىشى

### سېن سېن

بىر ئائىلىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپتۇ. تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى سۇ ئىدىشى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا: "مېنىڭ شۇنچە يوغان قورسىقىمغا لىق سۇ تولدۇرۇپ قويسا، بۇ ئۆيدىكىلەرگە ئاران ئىككى كۈن يېتىدىغان تۇرسا، بۇ نەرسىنىڭ ئىنچىكە قورساقلىرىغا قانچىلىك سۇ سىغار" دەپ ئويلاپتۇ.

تۇرۇبا سۇ چىقىرىشنى خالىسىلا، ئۇنىڭ جۈمەكىدىن كور-كىراپ سۇ چۈشۈۋېرىدىكەن. سۇ ئىدىشى بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران قېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا:

—دوستۇم، جۇمكنگدە تۇگىمەيدىغان سۇ بار ئكەن، سەندە نېمە خسلەت بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەمەلىيەتتە، ھېچقانداق خسلەت يوق، ئككلا نەرسگە دىققەت قلىمەن، بىرى توختىماي دەريادىن سۇ شۇمۇرۇپ تۇرىمەن، يەنە بىرى كشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن باشقا، بىر تامچا سۇنىمۇ بىكارغا ئاققۇزمايمەن.

17 - دېكابىر

## چاشقاننىڭ سوۋغات ئەكىلىشى

**چېن مىڭجۇ**

بىرقانچە چاشقان مۇشۇككە بىر تال بېلىق سوۋغا قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىر كىچىك چاشقان قوشۇلماي:

— مۇشۇك بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، ئۇ بىزنىڭ بىرمۇنچە قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەھشىيلەرچە يەپ كەتكەن تۇرسا... — دەپتۇ. بىر چوڭ چاشقان تەجرىبىلىك قىياپەتتە:

— ئەخمەق بالام، سەن تېخى كىچىك، "مۇشۇك بەز يېمىگەن نەدە بار" دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ، ئۇنىڭ كېلىدىن ئۆتكۈزۈۋەتسەكلا، بىزنىڭ بەختەرلىكىمىزگە تەھدىت سالمايدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ.

راست دېگەندەك، مۈشۈك سوۋغىنى ئالغاندىن كېيىن، چاشقان ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسىمۇ كارى بولمايدىغان بوپتۇ.

18 ـ دېكابىر

## يەر ئىلاھى بۇتخانىسىدىكى چاشقانلار

**ما دا**

يەر ئىلاھى بۇتخانىسىدىكى چاشقانلار بۇتخانىدا تۆشۈك كولاپ ماكان تۇتۇپتۇ، ئۇلار ئىسرىقدانلارنى غاجىلاپتۇ، نەزىر ـ چىراغ يېمەكلىكلىرىنى ئوغرىلاپ يەپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى بۇتخانىدىكى چاشقان بولغاندىكىن، ئىلاھى چاشقان بولسا كېرەك دەپ، يەر ئىلاھىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ھېچكىم ئۇلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بىر يىلى، يۆل ـ يېغىن ياخشى بولۇپ بەرگەچكە، شۇ ئەتراپتا ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇنى يەر ئىلاھىنىڭ ئىلتىپاتىدىن بولدى دەپ قاراپ، بەس ـ بەس بىلەن يەر ئىلاھى بۇتخانىسىغا كېلىپ، ئىلاھقا تاۋاپ قىپتۇ. بۇتخانىدا ئۇدا بىرنەچچە كۈن تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ.

بۇتخانىدىكى چاشقانلار بىز ئىلاھى چاشقان بولغاندىكىن،

كىشىلەرنىڭ ئىلاھقا مىنەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكى ئەلۋەتتە بىزگىمۇ مىنەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكى بولىدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاشقانلار ئۇزاق ۋاقىت كۆزىتىش ئارقىلىق، يەر ئىلاھىنىڭ قىمىرمۇ قىلىپ قويمىغانلىقىنى، نەزىر-چىراغ يېمەكلىكلىرىنىڭ قول تەگمەي شۇ پېتى تۇرىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار نەزىر-چىراغ يېمەكلىكلىرىنى بىمالال يەپ تۈگىتىۋېتىپتۇ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ نەزىر-چىراغ يېمەكلىكلىرى ئۈستىلى، ئىسرىقدان ۋە تۈۋرۈكلەرنى غاجىلاپ كاردىن چىقىرىپتۇ، ئاندىن يەر ئىلاھى سۇپىسىنىڭ ئاستىغا كامار كولاپ، يەر ئىلاھى بۇتىنى غاجىلاشقا باشلاپتۇ.

ياخشى كۈنلەر ئۇزاق داۋام قىلماپتۇ، چاشقانلار كېچە-كۈندۈز توختىماي غاجىلاۋەرگەچكە، يەر ئىلاھى بۇتى ئاخىر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بىر قىسىم چاشقانلار كاماردا بېسىلىپ ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھېچكىم يەر ئىلاھى بۇتخانىسىغا نەزىر-چىراغ يېمەكلىكلىرىنى ئەكەلمەيدىغان بوپتۇ، قېپقالغان چاشقانلار ئاچلىققا چىدىيالماي، ئامالسىز باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

19 ـ دېكابىر

## موللىقوپقان بىلەن نۇر

## شۈي رۇنچۈەن

بىركۈنى موللىقوپقاق نۇرنى كۆرۈپ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— دوستۇم، شۇنىداقمۇ ئاگىسىز ئىكەنسەن، باشقىلارنىڭ قامچىسى تەگمىگىچە پىرقىرىمايدىغان... — دەپ مازاق قىپتۇ.
نۇر ئۈنچىقماپتۇ، موللىقوپقاق تېخىمۇ كۆرەڭلەپ:
— قارا، مەن نېمىدېگەن ئاگىلىق، ھېچقانىداق كۈچ تەسىر قىلمىسىمۇ مىدىرلاۋېرىمەن... — دەپتۇ.
— دۇرۇس، مەن ئۆزەم مىدىرلىيالمايمەن، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن پىرقىرايمەن، ئەمما سەن توختىماي مىدىرلىغىنىڭ بىلەن، ئىزىڭدىن بىر قەدەم قوزغىلالمايسەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ نۇر چىداپ تۇرالماي.
موللىقوپقاق ئۈن دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

# ئانا ئېيىق ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى

## شوي داچېك

ئانا ئېيىق يىراق جايغا بارماقچى بوپتۇ، ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئۈچ بالىسىغا:
— ئۆيدە ئوزۇق ـ تۈلۈك تەل، ئۈچ ۋاق تاماقنى ئۆزەڭلەر ئېتىپ يەڭلەر! — دەپ قايتا ـ قايتا تاپىلاپتۇ.
— بولىدۇ! — كارىۋاتتا ياتقان ئۈچ بالىسى تەڭلا جاۋاب بېرىپتۇ.
ئانا ئېيىق يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭ ئېيىق كۆڭلىدە: "ئۆيدە ئاشلىق بولغاندىكىن، تاماقنى ئىككى ئۇكام ئەتمەمدۇ، مەن نېمە ئاۋارە بولاتتىم" دەپ ئويلاپ، ئىككى ئۇكىسىنىڭ تاماقنى پىشۇرۇپ تەييارلىشىنى كۈتۈپ، ھېچ ئىش قىلماي، ئۇخلاپ يېتىپتۇ.
ئوتتۇرانچى ئېيىق ئاكىسىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: "سەن چوڭ تۇرۇپ ھېچ ئىش بىلەن كارىڭ بولمىغاندىكىن، مەنمۇ پۇت ـ قولۇمنى سوزۇپ يېتىۋالاي، تاماقنى ئۇكام ئەتسۇن" دەپ بىمالال ئۇخلاپ يېتىپتۇ.

كەنجى ئېيىق ئىككى ئاكىسىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورسىقى تازا كۆپۈپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئىككىڭلار ئۇخلاپ ياتساڭلار، مەن ئەخمەقمىتىم، مەنمۇ تازا بىر ئۇخلىۋالمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپ، تاماقمۇ ئەتمەي، خورەك تارتىپ راسا ئۇخلاپتۇ.

ئۈچ ئېيىق ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇخلاپتۇ، ھېچقايسىسى ئاۋۋال قوپۇپ تاماققا تۇتۇش قىلماپتۇ.

كەچقۇرۇن ئانا ئېيىق قايتىپ كەپتۇ، بالىلىرىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى، قازان-قومۇچىنىڭ ئىزىدا شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— ھەي، ئەگەر مەن بىرنەچچە كۈن كەلمىگەن بولسام، سىلەر ئاچ قېلىپ ئۆلەركەنسىلەر، — دەپتۇ.

21-دېكابىر

## مارجان قۇرتى بىلەن دېڭىز دولقۇنى

### لىن سۇڭيىڭ

بىپايان دېڭىزدىكى مارجان قۇرتلىرى بېلىجانلارغا دېڭىزدا بىر كاتتا مارجان بىناسى ياساپ بەرمەكچى بوپتۇ.

بۇ ئىشقا دېڭىزدىكى مارجان قۇرتلىرى بەس-بەستە

ئاۋاز قوشۇپتۇ. ئۇلار ماتېرىيال ئۇچۇن ئۆزىنىڭ جەسەتىنى تەقدىم قىلىپ، قاتتىق سۆڭەكلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك بىر بىنا قوپۇرۇپ چىقىپتۇ، مانا بۇ دېڭىزدىكى مارجان خادا ئىكەن.
دېڭىز دولقۇنى مىجەزى قوپال، پو ئېتىشقا ئامراق ئىكەن، ئۇ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ھېچ نەرسىگە ئارام بەرمەيدىكەن. ئۇ مارجان خادىنى ھەرىكىتىمگە دەخلى يەتكۈزىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭ دېڭىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماپتۇ.
— ھەي ئەخمەقلەر، ئۆز جەسەتى بىلەن بىنا سالغانمۇ بارمۇ، كىم تاپتى بۇ پەتىۋانى؟ — دەپتۇ ئۇرۇشقىسى كېلىپ دېڭىز دولقۇنى.
— ياق، ياق! بۇ ھەممىمىزنىڭ ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتى بىلەن بولغان ئىش، بىز مەيلى ھايات بولايلى ياكى ئۆلۈپ كېتەيلى، بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، — دېيىشىپتۇ مارجان قۇرتلىرى.
دېڭىز دولقۇنى مارجان قۇرتلىرىنىڭ ئىرادىسى چىڭ ئىكەنلىكىنى پەملەپ:
— بۇنداق قىلىشىڭلارغا يول قويمايمەن! دېڭىز مېنىڭ، دېڭىزغا بىنا سېلىشىڭلارغا، كىچىك ئارال بىنا قىلىشىڭلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار چايقاپ ۋەيران قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ تەھدىت سېلىپ.
— مۇمكىن ئەمەس، بىزنىڭ مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان

ھەمراھلىرىمىز بار، بىز تەۋرەنمەس ئىرادە، يىمىرىلمەس كۈچ قۇدرەتكە ئىگىمىز، ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشىدىغان بولساق، سىپىنىڭ ئۇنداق ئەسكىلىكلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، — دەپتۇ مارجان قۇرتلىرى.

دىڭىز دولقۇنى ئۇغىسى قايناپ، شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ، قاتتىق چايقىلىشقا باشلاپتۇ. مارجان قۇرتلىرى قىلچە قورقماپتۇ، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق، پولاتتەك مەزمۇت بىنانى قوپۇرۇپ چىقىپتۇ. دەھشەتلىك دولقۇنلار ئۇزۇلمەي قاتتىق ئۇرۇلۇۋېرىپتۇ، ئەمما دېڭىزدىكى مارجان خادىلار ئىزدىن قىمىرمۇ قىلىپ قويماپتۇ.

مارجان قۇرتى كىچىك بولسىمۇ، جەمدىل بولۇپ ئاخىر دېڭىزدا بىنا قۇرۇپ چىقىپتۇ.

22-دېكابىر

## توشقان بىلەن ئۇزۇم قۇلۇلىسى

### مېلى جاۋگۈەن

ئورمانلىقتىكى ئۇزۇم قۇلۇلىسى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئاستا ئۆملەپ كېتىۋېتىپتۇ. بىر توشقان ئۇنى كۆرۈپ دەرەخ تۈۋىگە يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئۆمىلەپ ماڭغاندا ئىتتىك ماڭغىلى بولمىسا، نېمىشقا ئۆمىلەپ ماڭىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولۇپ.

— ئاستا ماڭغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ مېنىڭچە ئاستا مېڭىش ياخشى، — دەپتۇ ئۈزۈم قولۇلىسى.

— ئاستا مېڭىشنىڭ نەرى ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ توشقان تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— بىخەتەر بولىمامدۇ، — دەپتۇ ئۈزۈم قولۇلىسى كۆرەڭلەپ.

23 ـ دېكابىر

## ئىككى بېلىق

### شۈي رۇنچۈەن

سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان ئىككى بېلىقنىڭ بىر سازاڭغا تەڭلا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ بېلىقنىڭ بىرسى دەرھال بېرىپ سازاڭنى يۇتقان ئىكەن، كۈتۈلمىگەندە قارماققا چۈشۈپ قاپتۇ.

— تازا ئاچكۆز نېمىكەنسەن، ئۇنىڭ يەمچۈك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئالدىراپ يەۋالدىڭ، مەن ھەرگىز ئالدانمايمەن، — دەپتۇ يەنە بىر بېلىق.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا، سۇ ئۈستىدە يەنە بىر سازاڭ

پەيدا بوپتۇ. "توفى، بۇمۇ يەمچۈك، يېمەيمەن
ئۇ نېرىغا ئۆزۈپ كېتىپ بولۇپ، يەنە ھېلىقى سازاڭنىڭ مېھرىنى ئۆزەلمەي: "ئۇ مەن ئۆچۈن بىر ۋاق ئېسىل غىزا تۇرسا، قانداقسىگە يەمچۈك بولسۇن؟" دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يەنە كەينىگە يېنىپ بېرىپ، ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئۇنى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

24 ـ دېكابىر

## ئۆسمۈر بالا بىلەن تاغ قۇشقىچى

### خۇا لۇ

بىر ئۆسمۈر بالا تاغ قۇشقىچىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ، چىرايلىق بىر قەپەزگە قويۇپ:

ــ تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ، مېنىڭ قولۇمغا چۈشتىڭ، بۇ يەردە سەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار، سۆك، بۇغداي، قۇرت ـ قوڭغۇز، سۇ دېگەنلەرنى ئالدىڭدىن ئاشقىچە يەپ ـ ئىچىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييارنى ئالدىڭغا ئەكىلىپ بېرىمەن، تاغدا ئوزۇق ئىزدەپ نېمە جاپا ساڭا، ئەمدى كۈنۈم تۇغۇلۇپتۇ دەپ خۇش بولارسەن، ــ دەپتۇ.

بىراق تاغ قۇشقىچى شۈكلەپ، ھېچ نەرسە يېمەي، بىرنەچچە

كۆندىلا ئۆلۈپ قاپتۇ.

— ھەي! تاغ ئاق قۇشقىچى، سەن راھەت دېگەننى بىلمەيدىغان ئەخمەق تاغ ئاق قۇشقىچى ئىكەنسەندە! — دەپتۇ بالا ئەپسۇسلانغان ھالدا.

25 - دېكابىر

## قەپەزدىكى قۇش بىلەن ئورماندىكى قۇش

### دەي جېنيۈي

قەپەزدىكى قۇش خۇشاللىقىدىن چۇكۇلداپ سايراشقا باشلاپتۇ. ئۇدۇلدىكى ئورمانلىقتىن بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ، قەپەز ئېسىلغان دەرەخكە قونۇپتۇ. ئۇ قەپەزدىكى قۇشقا قاراپ قويۇپ:

— قەپەزدىكى قۇش ئەپەندى، سىز كۈن بويى قەپەزدە تۇرۇپ ئىچىڭىز پۇشمامدۇ؟ نېمىشقا ئامال قىلىپ قېچىپ چىقمايسىز؟ — دەپتۇ.

— خوجايىنىم مېنى شۇنداق ياخشى بېقىۋاتسا، نېمىشقا قېچىپ چىقاتتىم، بۇ يەردە تەييار يېمەك - ئىچمەك دېگەن كەڭ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كۈن بويى ئوزۇق ئىزدەپ چېپىپ يۈرسەم بولاتتىمۇ؟ سىرتتا يۈرگەندە، سەللا ئەپلەشمىسە، سا ياكى

www.uyghurkitap.com

يىلانغا يەم بولىدىغان گەپ، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ــ دەپتۇ. ئورماندىكى قۇش بۇنى ئاڭلاپ قۇشمىسنى تۇرۇپ، يەنە سەۋرچانلىق بىلەن:

ــ ئۆز كۆچمىزگە تايىنىپ ياشساق، قىيىنچىلىق ۋە خېيىم ـ خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىمىز تۇرغان گەپ، ئەمما بۇنىڭدا ئۆزىمىزنى چېنىقتۇرۇپ، قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرالايمىز، گۆزەل، بەختىيار تۇرمۇشنى ئۆز كۆچمىزگە تايىنىپ يارىتىشىمىز كېرەك، ــ دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

قەپەزدىكى قۇش ئاڭلىغانلىرى زېرىكىپ، ئاخىرى بېشىنى ئارقىغا بۇرۇۋاپتۇ. ئورماندىكى قۇش قەپەزدىكى قۇشنىڭ تەرسالىقىنى كۆرۈپ، ئامالسىز قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قەپەزدىكى قۇش ئاۋۋالقىدەك كۈندە چۈڭكۈلداپ سايراپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ خوجايىنى ــ تەنها ياشاۋاتقان بوۋاي كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، قەپەزدىكى قۇشقا قارايدىغان ئادەم چىقماپتۇ. ئۇ قۇشنىڭ قورسىقى ئېچىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ. ئۇ قەپەزدىن چىقىپ كېتىشكە شۇنچە ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ماغدۇرى يېتىشمەپتۇ، قەپەزنىڭ يوچۇقىدىن قىسىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ، جېنىنىڭ بارىچە قىستىلىپتۇ، ئەمما بەدىنى قەپەزگە قىستىلىپ قىلىپ مىدىرىيالماس بولۇپ قاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

# پاقىنىڭ بەدىنىدىكى قاقاش

## شۈي رۇنچۇەن

پاقىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قاقاش بېسىپ كېتىپتۇ، ئۇ باشقىلار كۆرۈپ قالسا سەت بولىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ دەپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇ بىرنەچچە كۈن سوغا چېلىنىپ يۇيۇپ باقسىمۇ چىقماپتۇ. كۈتۈلمىگەندە ئۇ بىر لايغۇر بېلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بەدىنىمگە لاي سۈرۈۋالسام باشقىلار كۆرەلمەيدۇ ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ، بەدىنىگە لاي سۈرۈۋاپتۇ.

ئۇچقۇن پاقا ئۇنى كۆرۈپ دەرھال:

— بەدىنىڭنى قاقاش بېسىپ كەتسە، نېمىشقا داۋالاتمايسەن؟ لاي سۈرسەڭ يۇقۇملانامدۇ، — دەپتۇ.

— داۋالاتسام بەك ئاغرىپ كېتىدۇ، باشقىلار كۆرەلمىسىلا بولىدى، — دەپتۇ پاقا.

ئۇزاق ئۆتمەي، پاقىنىڭ پۈتۈن ئەزايى يۇقۇملىنىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇچقۇن پاقا ۋاقتىدا دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىپ داۋالىتىپتۇ، پاقىنىڭ جېنى ئامان قاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بەدىنىدە

قاپارتما داغلار پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

27 ـ دېكابىر

## سوپۇننىڭ پەزىلىتى

### چۇ جىنلىيەن

سوپۇن دائىم كىيىمدىكى كىرنى يۇيۇپ چىقىرىدىكەن. بىر كۈنى كىيىم سوپۇننىڭ كۆپۈك چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتىپ:

ــ دوستۇم، بۇنداق يۇيۇۋەرسەڭ، ھاياتىڭ قانچە ئۇزاققا بارار؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

سوپۇن كۈلۈپ قويۇپ:

ــ باشقىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پاكىز يۇيالىسىلا، بارلىقىمنى تەقدىم قىلىشقا چىن قەلبىمدىن رازىمەن، ــ دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

28 ـ دېكابىر

# ئالا باش

## شوي داچېڭ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئورمانلىقتا تۇيۇقسىز ئوت ئاپېتى يۈز بېرىپ، دەل ـ دەرەخلەر كۆيۈپ تۈگەپتۇ، ئورماندىكى قۇشلار ماكانسىز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇشلار مەسلىھەتلىشىپ، ماكانىنى قايتا قۇرماقچى بوپتۇ.

بىر قۇش ئىشتىن قېچىپ، باش ـ كۆزىگە ئوغرىلىقچە رەڭ سۈرتىۋېلىپ، ھېچ ئىش قىلماي بىكار يۈرۈپتۇ.

قۇشلار لاي ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى توشۇپ پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە، ئۇ: "مەن قېرىدىم، چېچىم ئاقاردى، ھۆرمەت قىلىڭلار" دەپتۇ.

قۇشلار ئۇۋا ياساشقا كىرىشكەندە، ئۇ:

ـــ مەن قېرىدىم، ماغدۇرۇمدىن كەتتىم، ـــ دەپتۇ.

ئىككىنچى يىلى باھاردا، ئورماندىكى دەل ـ دەرەخلەر يوپيۇرماق چىقىرىپ، رەڭگارەڭ گۈللەرمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ، قۇشلار يېڭى ئۇۋىغا كۆچۈپ كىرىپتۇ، ئالا باشمۇ تەييارغا ئەييار بوپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق رەڭ ھەرقانچە يۇسىمۇ

چىقماپتۇ، شۇڭا تا هازىرغىچە كىشىلەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ ”ئالا باش“ دەپ ئاتايدىكەن.

29 - دېكابىر

# بۇلبۇل بىلەن چاشقان

## شۈي رۇنچۈەن

بۇلبۇل دەرەختە چۇڭقۇلداپ سايراۋېتىپ، تۇساتتىن ئالدىراپ كېتىۋاتقان چاشقاننى كۆرۈپتۇ، بۇلبۇل دەرھال ناخشىسىنى توختىتىپ، ئۇنى چاقىرىۋېلىپ:

— چاشقان، ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟، — دەپتۇ.

چاشقان قەدىمىنى توختىتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— هەي، سورىمايلا قويساڭ بولاتتى، ئۆيۈمدىكى خوجايىن قاغاپ، ئۇرۇپ ماڭا زادىلا ئارام بەرمىدى، تېخى مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، باشقا ئۆيگە بارسام، كۈنۈم بۇنىڭدىن ياخشىراق بولارمىكىن دەپ ماڭدىم، — دەپتۇ.

بۇلبۇل ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— سەن كىشىلەرگە مەخسۇس زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان تۇرساڭ، نەگىلا بارساڭ ساڭا ياخشى كۈن يوق! — دەپتۇ.

30 ـ دېكابىر

# كاككۇك ئۇچۇپ كەتتى

## شۈي داچېڭ

بىپايان دالا باھار مەنزىرىسىگە پۈركىلىپتۇ، دەرەخ شېخە‑دىكى كاككۇكلار "كاككۇك، كاككۇك" قىلىپ سايراشقا باشلاپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، بەشىمالتىنىڭنى چىقىرىپ ماختاپتۇ.

كاككۇك بارا ـ بارا مەغرۇرلىنىشقا باشلاپتۇ، ئۇ ئېتىزدا يەر ئاغدۇرۇۋاتقان كالىنى كۆرۈپ، "كاككۇك، كاككۇك!" دەپ سايراپتۇ. كالا جىددىي يوسۇندا:

— ھۆرمەتلىك كاككۇك ئەپەندى، ئاۋازىڭ يامان ئەمەس، لېكىن قۇرۇق سايرىغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئېتىزغا كېلىپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگىن، بولمىسا يەردىن ھوسۇل چىقمايدۇ، — دەپتۇ.

كاككۇك خىجىلچىلىقتا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

31 - دېكابىر

# ئىككى خىل پاراڭ

## چۇ جىنلىيەن

خۇشامەت سۆزى قۇلاققا ياقماس سۆزگە:

— دوستۇم، سەن جاھاندارچىلىق قىلىشنى بىلمەيدىكەنسەن، سېنىڭ ئاغزىڭ ئېچىلسىلا خەقلەر چىچاڭشىپ كېتىدىكەن، مەن سۆزلىگەنسېرى خەقنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇنىسى راست، بىراق سەن قانچە جىق سۆزلىسەڭ، كىشىلەرگە زېيىنى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، مەن قانچە جىق سۆزلىسەم، كىشىلەرگە پايدىسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، — دەپتۇ قۇلاققا ياقماس سۆز.

# ئاخىرقى سۆز

مەسەلمۇ چۆچەككە ئوخشاش، ئەدەبىي ژانىرنىڭ ئىنسانلار بۇرۇن ياراتقان بىر خىل شەكلى. مەسەل بىلەن چۆچەكنى سېلىشتۇرغاندا، چۆچەك يازغانلار مەسەل يازغانلاردىن كۆپرەك. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، چۆچەك كۆچلۈك ھېكايە تۈسى ۋە خىيالىي تۈس ئالغان بولىدۇ، ئۇنى بالىلار بەكرەك ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. مەسەلنىڭ كىنايىلىكى كۈچلۈك، تېمىسى پۇختا، تىلى گۈزەل، ئاممىباب، ئىخچام بولغاچقا، ئۇنى ياش - ئۆسمۈرلەرلا قىزىقىپ ئوقۇپ قالماستىن، چوڭ ئادەملەرمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

«ئائىسوپوس مەسەللىرى» مەسەلدىن ئىبارەت ئەدەبىي ژانىرنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ، «تۈلكە بىلەن قاغا»، «تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى» قاتارلىق مەسەللەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە داڭقى كەتكەن مەسەل بولۇپ قالدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن چەت ئەل مەسەلچىلىرىنىڭ ھەممىسى «ئائىسوپوس مەسىلى»نىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.

مەسەل ئېلىمىزدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە

ئۆتكەن ئۆلىمالار ئىخچام، تەسىرلەندۈرۈچ كۈچى كۈچلۈك ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، يامانىنى قامچىلاپ، ياخشىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، تەربىيىۋى رول ئوينىغان. مەسىلەن، «دەرەخ تۆۋىدە ئولتۇرۇپ، توشقاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈش»، «مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش»، «قۇلاقنى يۇپۇرۇپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش»، «يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدىن تۈلكە نەپ ئېلىش»، «كېمىگە بەلگە قويۇپ خەنجەر ئىزدەش»، «يىلان سىزىپ پۇت چىقىرىپ قويۇش» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەر مەنىسى چوڭقۇر نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

مەسەل ئەسلى چوڭ ئادەملەرنى ئوبيېكت قىلاتتى، ئەمما، بالىلارنىڭ ئوقۇشىغىمۇ باب كېلىدۇ، بالىلار ئوبيېكت قىلىنغان مەسەلنىڭ تىلى ئاددىي، ئىخچام بولۇشى، بالىلارنىڭ ئوقۇش سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

مەزكۇر كىتابقا ئۆسمۈر دوستلارغا سوۋغا سۈپىتىدە 365 مەسەل كىرگۈزۈلدى. ھەر كۈنى كېچىككىنە ۋاقىت چىقىرىپ بىر پارچىدىن ئوقۇپ قويساق، تاما ـ تاما كۆل بولار دېگەندەك، بىلىمىمىز كۆپىيىپ بارىدۇ، روھىي دۇنيايىمىزمۇ تولۇقلىنىپ بارىدۇ.

بۇ كىتابنى تەھرىرلەش جەريانىدا بېيجىڭ ھەربىي رايونى «سەپداش گېزىتى» ئىدارىسىدىن يولداش جاۋ باۋشېڭ، رېن دۇڭشېڭلار زور ياردەم بەردى ۋە قوللىدى. بۇ ئۇلارنىڭ كەڭ ئۆسمۈر ـ بالىلارغا قىلغان قىزغىن غەمخورلۇقى، شۇنداقلا

ئاپتورلارغا ۋە تۈزگۈچىگە بىرىلگەن ئىلھام ۋە مەدەت، بۇ يەردە ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

سەۋىيەم چەكلىك بولغاچقا، بۇ كىتاب نۇقسان ۋە خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس، مۇتەخەسسىلەر ۋە كىتابخانلارنىڭ تەنقىد قىلىپ، تۈزىتىش پىكرى بېرىشىنى سورايمەن.

— تۈزگۈچىدىن

本书根据法律出版社1989年12月第1版北京第1次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب قانۇن نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

# 365 مەسەل

شۈي رۇنچۈەن تۈزگەن

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرسۇن رەھىم، خەلىچەم، ياقۇپ مۇھەممەتروزى

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

1992 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1992 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 3.50 يۈەن

(京)新登字154号

寓言 365

（维吾尔文）

许润泉编

吐尔逊，马书香，雅库甫等译

民族出版社出版发行

各地新华书店经销

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：14 3/8

1992年1月第1版

1992年1月北京第1次印刷

印数：0001—3,100册

ISBN 7—105—01427—X/I·305

民文 （维 52） 定价：3.50元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7—105—01427—X/I·305
民 文 （维 52） 定价：3.50元